


ئابدۇقادىر سادىر

# قاقشال توغراق

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

ISBN 7-228-08027-0

9 787228 080274 >

ISBN 7-228-08027-0
(民文)定价:9.00元

ئابدۇقادىر سادىر

# قاقشال توغراق

(پوۋېستلار)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەزىز تۇردى
مەسئۇل كوررېكتورى: ئادالەت مەخسۇت
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# قاقشال توغراق

ئاپتورى: [illegible]

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى رېنشياڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 850×1168، مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 5.875 ، قىستۇرما ۋارىقى: 2
2003 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى
2003 - يىل 5 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 3000
ISBN 7—228—08027—0
باھاسى 9.00 يۈەن

图书在版编目(CIP)数据
枯竭的胡杨/阿不都卡迪尔·萨地尔著. —乌鲁木齐:新疆人民出版社,2003.5
ISBN 7—228—08027—0

Ⅰ. 枯… Ⅱ. 阿… Ⅲ. 中编小说—作品集—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言)
Ⅳ. I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2003)第 037429 号

责任编辑:艾则孜·吐尔迪
责任校对:阿达来提·马合苏提
封面设计:艾克拜尔·萨力

枯竭的胡杨 (维吾尔文)

阿不都卡迪尔·萨地尔 著

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮编:830001)
新疆新华书店发行
乌鲁木齐仁祥印务有限公司
850×1168 毫米 32 开本 5.875 印张 2 插页
2003 年 5 月第 1 版 2003 年 5 月第 1 次印刷
印数:1—3000

ISBN 7—228—08027—0 定价:9.00 元

# سۈكۈتتىكى ئەسلىمە

بوۋاي لېگەندە قالغان ئاخىرقى ئىككى كاكچىنى داستىخانغا قويدى. يېنىپ بېرىپ چايداننى كۆتۈردى. چايدان قۇپقۇرۇق ئىدى. ئاخشام قالغان ئازراق قايناق سۇنى ئەتىگەن تەڭشەپ تاھارەتكە ئىشلىتىۋەتكەنىدى. بوۋاي ئۈمىدسىزلەندى. ئۇنىڭ ئۇچاقتا ئوت يېقىپ چاي قايناتقۇدەك ئوتۇنىمۇ قالمىغانىدى. ئۇ چايداننى قويۇپ، چېلەك يېنىغا كەلدى. چوڭ چىنىگە بىر نوگاي سوغۇق سۇ قۇيدى. ئالدىرىماي چازا قۇرۇپ، داستىخاندىكى نانغا قول ئۇزاتتى. ئۇنىڭ شالاڭ، ئەمما يىرىك موي باسقان قوللىرى تولىمۇ ئورۇق ۋە ماجالسىز ئىدى. پەيلىرى يىغىلىپ قالغاندەك، تولۇق تۈزلەنمەيدىغان بارماقلىرى ئىش قىلغاندا ئانچە قولىشىپ كەتمەيتتى. نېمە سەۋەبتىندۇر، نان تۇتقان ئالىقىنى بوش - بوش تىترەيتتى.

چاچ - ساقاللىرىنى قىرو باسقان، ئوتتۇرا بوي، قارامتۇلراق كەلگەن بۇ بوۋاينىڭ ئىسمى مەتيا ئىدى. ئۇنىڭ خېلىلا ئېگىلىپ قالغان گەۋدىسى، يۈز، بويۇن تېرىلىرىنىڭ بوشاپ، قورۇلۇپ قالغانلىقى بوۋاينىڭ 65 ياشلارغا يېقىنلاپ قالغانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. بىرلا يېرى، چىشلىرى تولۇق، ھېلىھەم مەزمۇت ئىدى. شۇ يېشىغىچە بىرەر قېتىممۇ چىشى ئاغرىپ باقمىغان، چۈشۈپمۇ كەتمىگەنىدى. مىجەزى ئېغىر، سالماق ئىدى.

مەتيا بوۋاي قولىغا ناننى ئېلىپ بىردەملىككە خىيالغا پېتىپ قالدى . ئۇ مۇشۇ كۈنلەردە تولىمۇ خىيالچان بولۇپ قالغانىدى . شۇ تاپتا ئۇ يەنە قانداقتۇر بىر ئىشنى ئەسلەۋاتقاندەك ، نۇرسىز كۆزلىرى بىر نۇقتىغا — لېگەندىكى قېتىپ قالغان نانغا تىكىلىپ قالغانىدى . ئۇنىڭ خىياللىرى بىر مىنۇتچە داۋاملاشتى . كېيىن ناننى ئىككى قاتلاپ ئۇشتىدى . تاراس قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ قولىدىكى نان نەچچە پارە بولۇپ داستىخانغا تۆكۈلدى .

نانىنىڭ يېقىلغىنىغا خېلى بولغانىدى . تەخمىنەن يىگىرمە كۈنچە ئىلگىرى ناھىيە بازىرىدىكى قىزى يوقلاپ كەلگىنىدە يېقىپ بېرىپ كەتكەنىدى . ئۇ بوۋايدىن يىراق بولسىمۇ ، 10 – 20 كۈندە بىر قېتىم يوقلاپ ، كىر – قېتىمنى يۇيۇپ ، نان – پېنىنى يېقىپ بېرىپ كېتەتتى . ئۇ بۇ دورەم يېقىپ بېرىپ كەتكەن ئاشۇ بىر كاساڭ ناننى قېتىپ قالمىسۇن ، دەپ مەھكەم يۆگەپ قويغانىدى . لېكىن بىر كاساڭ ناننى يەپ تۈگەتكۈچە ، ئاخىرىدا قالغانلىرى بەربىر قېتىپ قالدى . قاتقاندىمۇ سۇيى قېچىپ ، تالقاندەك ئۇۋۇلىدىغان بولۇپ قالغانىدى . بوۋاي نانىنىڭ چېچىلىپ كەتكەن پارچىلىرىنى تېرىپ سۇغا باستى . سۇ يۈزىگە ناھايىتى ئۇششاق كۆپۈكچىلەر چىقىشقا باشلىدى .

بۇنىسى ئۇنىڭغا تۇرسۇن ، دېگەن بىر خىيال بىلەن قولىدا قالغان چوڭراق بىر پارچە ناننى لېگەنگە سېلىپ قويدى بوۋاي . بۇ 37 يىلدىن بېرى ئۇنىڭ قان – قېنىغا سىڭىپ كەتكەن ئادىتى بولۇپ ، بايىقى ناننى ئۇ ئۆز ۋۇجۇدىنىڭ يېرىمى بولغان سۆيۈملۈك كىشىسىگە ئېلىپ قويۇۋاتاتتى . ۋەھالەنكى ، ئۇنىڭ بۇ خىيالى ، قىلىۋاتقان ئاشۇ ئىشلىرى ئەمەلىيەتتە بىھۇدە ئاۋارىگەرچىلىك ئىدى . ئەمما ، ئۇنىڭ ئەقىدىسى ، تۇيغۇسى ۋە بارغانسېرى ئاجىزلاپ كېتىۋاتقان نېرۋىسى ئۇنى ئەنە شۇنداق ئالداپ كېلىۋاتاتتى .

«ھۆللەپ يۇمشىتىپ قويايمىكىن يا؟ ياق، بولمىسا سەل تەخىر قىلاي. بەك سۇ يەپ كەتسىمۇ خېمىردەك بىر نەرسە بولۇپ قېلىپ، يېگۈسى كەلمەي قالمىسۇن. ئۆزى كەلگەندە...»

بوۋاينىڭ يۈرىكى پىژژىدە كۆيۈشتى. قەلب يارىلىرى يەنە تاتىلاندى. ئۇنىڭ كۆكسىدىن تولىمۇ قىزىق بىر نەپەس ئېتىلىپ چىقتى. بوغۇزىغا بىر نەرسە قاپلىشىپ قالغاندەك، بۇغدىيىكى غۇرت - غۇرت قىلىپ قالدى. چانىقىدىن سىرغىپ چىققان ئىككى تامچە ياش ياغاقلىشىپ كەتكەن مەڭزىنى سۆيۈپ ئۆتۈپ سىرغىپ كېلىپ، بۇرۇتلىرى ئۈستىگە ئېسىلىپ قالدى. لەۋلىرى پۈرۈلۈپ، چىرايى خۇددى كىچىك بالىنىڭكىگە ئوخشاش ئۇمچەيدى. ئاقىرىپ كەتكەن شالاڭ ساقال - بۇرۇتى توختاۋسىز تىترەشكە باشلىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ بۇرۇتلىرى ئۇچىغا ئىلىنىپ قالغان ئىككى تامچە ياش گويا پارقىراپ تۇرغان سىماب تامچىسىدەك لىغىرلاپ تۇراتتى.

«ياق» دېدى ئۇنىڭ يۈرىكى ئاستا - ئاستا تىلغا كىرىپ، «ئەمدى تەن ئالماي بولمايدۇ. ئۇ كەتتى، ناھايىتى ئۇزاق بارسا كەلمەس جايغا كەتتى. يەنە كېلىپ، ئۇنىڭ كەتكىنىگە ئالتە ئاي بولدى. قايتىپ كېلىشى مۇمكىن ئەمەس.»

شۇنداق، ئۇنىڭ يۈرىكى توغرا ئېيتىدۇ. ئۇنىڭ 37 يىللىق ئاشۇ ھەمراھى — ۋۇجۇدىنىڭ يېرىم يارتىسى بۇنىڭدىن ئالتە ئاي ئىلگىرى كېتىپ قالدى. شۇ ۋەجىدىن ئۇ يېرىم ئەتتىن چۈشتى. ئېتىلا ئەمەس، پۈتۈن ئەقىل - ھوشىمۇ، كۈچ - مادارىمۇ، بارلىق شاد - پاراغەتلىك كۈنلىرىمۇ ئايالى بىلەن بىللىلا كېتىپ قالغاندەك گاراڭ، نىمجان ۋە ئازغاق بولۇپ قالدى. ئۇ مۈشۈ كەمدە تولىمۇ ئاجىزلىشىپ قالغانىدى، پۈۋ دېسە، ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى.

يىللار شامىلى، پەلەك قىسمىتىنىڭ تارازىسى ئۇنى ھەممە

نېمىسىدىن — ياشلىقى، مېھرىبان قولدىشى، كۆچ - مادارى ۋە مال - مۈلكىدىن ئايرىلدى. ئۇ ئەمدى پايانسىز قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا سۇدىن ئايرىلىپ، قۇرۇپ كەتكەن قاقشال توغراققىلا ئوخشاپ قالغانىدى. بۇ قاقشال توغراقنىڭ شاخ - نوتىلىرى تامامەن تۈگەشكەن، ئاندا - ساندا چوماق - چوگالىرىلا قالغانىدى. تېنىنى ئاپتاپ چېقىپ يول - يول يېرىقلار ھاسىل بولغان، چاك - چاك ئېتىلىپ كەتكەنىدى. پەقەت ئازراق كۆچ قالغان يىلتىزى ئۇنى تۇپراققا مەھكەم باغلاپ تۇراتتى. بوران - چاپقۇن، قۇم زەربىسىنىڭ تالاپەتلىرىگە بەرداشلىق بەرگۈزەتتى. ئۆتكەن ھاياتىنىڭ ئەھمىيەتلىك دەقىقىلىرىنىڭ ئۇنتۇلۇپ قېلىشىدىن ساقلاپ تۇراتتى. ئاشۇ ئەسلىمىلەر بىلەن سۇنۇق باغرىغا مەلھەم بېرەتتى. دېمىسىمۇ، ئۇلار 37 يىللىق ھايات مۇساپىسىدە بىر جان - بىر تەنگە ئايلىنىپ كەتكەنىدى. بىر يۈرەكنىڭ ئوڭ دالانچىسى ئۆزى بولسا، سول دالانچىسى ئايالى ئىدى. مانا شۇ يۈرەكلەر بىر - بىرى بىلەن تەڭكەش سوقاتتى. تومۇرلار بىر - بىرىنىڭ قېنى بىلەن ئۆركەشلەيتتى. بۇ خىل يېقىنچىلىق، بۇ مېھىر - مۇھەببەت ھەرقانداق تۇغقاندارچىلىقتىنمۇ ئارتۇق ئوخشايدۇ. ھەر ئىككىسى ئۆيىدىلا بولۇپ قالسا، بىر - بىرىسىز بىر بۇردا ناننى يالغۇز يېمەيتتى، بىر پىيالە چاينى ئوڭچە ئىچمەيتتى. مۇبادا يا ئېرى، يا ئايالى بىرەر جايغا كېتىپ قالغۇدەك بولسا، ئارىدىكى تۈنلەرنى كەتكىنىمۇ، قالغىنىمۇ ئۇيقۇسىز دېگۈدەك ئۆتكۈزەتتى. سائەتلەر ئايدەك، كۈنلەر يىلدەك تۇيۇلۇشقا باشلايتتى.

موماي كەتكەن مۇشۇ يېرىم يىلدىن بېرى بۇ ھالەت بوۋايدا سائەتلەپ، مىنۇتلاپ تەكرارلىنىپ تۇردى. گويا ئۇ ئايالىنى تۇغقانلىرىنىڭ ياكى بالىلىرىنىڭ ئۆيىگە كېتىپ كەلمەيۋاتقاندەك ھەر كۈنى يولىغا قارايدۇ. تاقەتسىزلىنىپ كۈتىدۇ. كەينىدىن بارماقچى بولۇپ ئىشىككە چىقىدۇ. ئىشىككە قولۇپ سېلىۋې-

تىپ، نېمىشقىدۇر توختاپ قالىدۇ. بىر ھازا قايمۇقۇش ۋە تېڭىرقاشلاردىن كېيىن يەنە ئۆيگە قايتىپ كىرىدۇ. ئۆي ئىچىنى مەقسەتسىز چۆرگىلەپ، ئۇنىڭ قولى تەگكەنلىكى نەرسىنى بىر قېتىمدىن سىلاپ چىقىدۇ. ئۇ كۆز يۇمۇشتىن ھەپتە ئىلگىرى: «كۆز يېقىنلاپ قالدى. بىكار ياتقۇچە تىكىپ قوياي، ئەتە ـ ئۆگۈن ئىسسىق ـ سوغۇقنىڭ ئارىلىقىدا كىيەرسىلە» دەپ تىكىپ بەرگەن ھېلىقى پاختىلىق جىلىتكىنى قولىغا ئالىدۇ. يىڭنە ئىزلىرىنى ھىدلايدۇ. ئۇنىڭ قولى تەگكەن ئاخىرقى تەۋەررۈك دەپ، كۆزلىرىگە سۈرتىدۇ.

بوۋاينىڭ كېلى ئىققىدە بوغۇلدى. ئىشتىھاسى قاچتى. چىلىغان نېنىنىڭ يېرىمىنىمۇ يەپ بولالماي، داستىخاننى يىغىلدى. ئاندىن قايسىدۇر بىر ئىشنى قىلىۋېتىشى زۆرۈر بولغاندەك، ئۇزۇن چاپىنىنى مۈرىسىگە تاشلاپ، ھويلىغا چىقتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ قىلغۇدەك ئىشىمۇ يوق ئىدى. شۇڭا، نېمە قىلماقچى بولغىنىنى بىلەلمەي، پېشايۋان تۈۋرۈكىگە يۆلەندى. كۈن ئاشۋاقتىدىن خېلىلا ئۆتكەن، ئوچۇق ئاسماندا بىر پارچىمۇ بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى. يان تەرەپتىكى ھويلىدىن دەمدەرنىڭ توختىماستىن بۇقۇلدىشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. فېۋرالنىڭ ئەتىگەنكى سوغۇق شامىلى ئادەمنى يەنىلا ئىسسىق ئۆيگە قوغلايتتى. ھويلىنىڭ پاكار تېمىدىن سۇقۇنۇپ كىرگەن «ئوغرى شامال» ھويلىدىكى ئەخلەت ـ چاۋارلارنى ئۇچۇرۇپ چۆرگىلىتەتتى. بوۋاينىڭ كۆزلىرىگە توپا چاچاتتى. بوۋاي كىرىپ كېتىشنى ئويلىمىدى. ئوت يېقىلمىغان ئۆينىڭ تالادىن پەرقى يوق. بوۋاي چاپىنىنىڭ ئارقا پېشىنى ئاستىغا باستۇرۇپ، سۇپىنىڭ سوغۇق توپىسىغا ئولتۇردى. ھاسىسىنى ئېڭىكىگە تىرەپ، كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكتى. كۆز ئالدىدا مومىيىنىڭ سۈرىتى پەيدا بولدى. ئۇنىڭ قولىدا ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان بىر قاچا ئاش بار ئىدى. ئۇ ئاشنى ئۇدۇل بوۋاينىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىۋاتات-

تى . موماي نەچچە قەدەم ئالا ـ ئالماي 17 ـ 18 ياشلاردىكى
گۈزەل بىر قىزغا ئايلىنىپ قالدى . ئۇنىڭ ھەممە تەرىپىدىن ـــ
چىرايىدىن ، لەۋلىرىدىن ، تىنىق بۇلاقتەك كۆزلىرىدىن ، تەبەس-
سۇم ـ جىلمىيىشلىرىدىن گۈزەللىك تولۇپ كەلگەن ياشلىقنىڭ
يارقىن نۇرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى . چىرايلىق ئۆرۈلگەن توم ،
ئۇزۇن چېچىنىڭ بىر تېلى يەلكىسىدىن ئارتىلىپ ، ئالدىغا چۈ-
شۈپ قالغانىدى . بۇغداي ئۆڭگە مايىل چىرايىدا نېمىدىندۇر
تارتىنىش ، ھېيىقىشتەك بىرخىل نازاكەتلىك ئالامەت بار ئىدى .
چىرايلىق گۈللۈك دوپپىسى تولىمۇ ياراشقانىدى . ئوڭ قېشىنىڭ
ئۈستىدە قىسقا ، ئىنچىكە بىر تاتۇق ئىزى بار ئىدى . ئۇ قاش
قۇيرۇقىنى سەل كۆتۈرۈپ تۇراتتى . بۇ ھال ئۇنى نېمىدىندۇر
چۆچۈۋاتقاندەك لاتاپەتلىك قىلىپ كۆرسىتەتتى . بوۋاينىڭ كۆز
ئالدىدىكى بۇ كۆرۈنۈش ئىككىسى تېخى توي قىلمىغان چاغلاردى-
كى تۇنجى ئۇچرىشىش ئىدى . بوۋاي مانا شۇ قىز بىلەن ھەممىگە
ئىگە بولغان . مۇھەببەتكىمۇ ، بەختلىك تۇرمۇشقىمۇ شۇنىڭ بى-
لەن ئېرىشكەن . ئۇ كېتىۋىدى ، ھەممىسىدىن ئايرىلىپ قالدى .

«ئاش كۆتۈرگەن قىز» مەتيانىڭ خىيال يىپلىرىنى چۇۋۇ-
ۋەتتى . ئۇ چۇۋۇلغان ئاشۇ يىپنىڭ بىر ئۇچىنى تال ـ تال
كىرپىكلىرىگە ئىلىندۇرۇپ ، ئاستا ـ ئاستا يىراق ئۆتمۈش
تەرىپىگە سۆرەپ كېتىۋاتاتتى . ئۇ ئاشۇ ئۇچۇشىدا تۇنەكتىن
ئاجرىغان لاچىنغا ئوخشايتتى . ئۇ مۇشۇ قەدىمىي سەھرا كۆكىدە
پەرۋاز قىلاتتى . ئۆز پەرۋازىدا ئەينى ۋاقىتتىكى كوممۇنا ئەترى-
تىنىڭ پايانسىز ئېتىزلىرىنى ـــ بۇككىدە قوناقلىق ، يۇمران
پۇرچاقلىق ، بېدىلىكلەرنى كېزەتتى . مەتيا بىلەن قىز ئاشۇ
ئېتىز يوللىرىدا قىغ يۇدۇپ ، تالاي قېتىم بىللە ماڭغان ، مۇڭ-
داشقان ، سىرداشقانىدى . ئاخشاملىق ، سەھەرلىك «دولقۇن»
لاردا بىر ـ بىرىگە جور بولۇپ ، مۇڭلۇق ناخشىلارنى ياڭرىتى-
شاتتى . بۇ كېچىلەر ئاجايىپ جىمجىت ۋە سېخىي بولۇپ ، پە-

چىرلىشىشلارنى ، ھاياجانلىق تىنىقلارنى بەھۇزۇر ئاڭلاشقا ئىمكانىيەت بېرەتتى . خىيال لاچىنى ئۇچۇپ ئۆتكەن ئاۋۇ جىگدىلىك باغدىكى ئېرىق بويى تېخىمۇ پىنھان ئىدى . ئۇ مەھەللىنىڭ چېتى بولغاچقا ، كىشىلەر ئايىغىدىن ، كۆزىدىن خالىي ئىدى . ئۇ بۇلارنىڭ دائىملىق ماكانى ئىدى . تۇنجى مۇھەببەتنىڭ مۇقەددىمىسى بىلەن نۇرغۇن شېرىن چاغلىرى ئەنە شۇ يەردە ئۆتكەن ، تالاي ئىز ، تالاي خاتىرىلەر شۇ يەردە قالغانىدى . مانا شۇ يەردىكى پۇرچاقلىقتا ئۇلار «شەيتان» غا ئالدىنىپ كەتتى ، ئەمما بۇ ئالدىنىشقا ھېچقايسىسى پۇشايمان قىلمايتتى . چۈنكى ئۇ ئەڭ شېرىن ، ئەڭ بەختلىك ئالدىنىش ئىدى . يەنە كېلىپ ، ئۆز رازىلىقلىرى بىلەن شۇنداق قىلغانىدى .

## چۈۋۈلغان يىپ

چۈۋۈلغان يىپنىڭ مۇقەددىمىسى ئاخىرلاشتى . «غالتەك» تىن يەنە يېڭى بىر ئۇچ سوزۇلۇپ چىقتى . . .

مەتيا 28 يېشىدا ئىككىنچى قېتىم ئۆيلەندى . بۇ خەلق كوممۇنىسى قۇرۇلغان يىللار ئىدى . مەتيالارنىڭ ئائىلىسىمۇ ئاشۇ زاماندىكى يېزىلىرىدىكى تۈمەن دېھقان ئائىلىسىگە ئوخشاش نامرات ئىدى . ئۇلارنىڭ ھال ـ كۈنى يىلدا بىر قېتىم تارقىتىپ بېرىلىدىغان دارامەتكە قاراشلىق ئىدى . ئەمما شۇ دارامەتمۇ ناھايىتى چاغلىق ئىدى . ئالتە ئاي ئېتىزدىن ، قىشتا سۇ قۇرۇلۇشىدىن كەلمەي ئىشلەپ ، بىرمۇنچە نومۇر ئالسا ، ئۇ نومۇر بىر ئەمگەك كۈنى قىلىنىپ ، بەش پۇڭدىن يىگىرمە پۇڭغىچە تەقسىم بولاتتى . ئاخىرىدا يىغىپ كەلسە ، تاماق قەرزىدىن ئاشقىنى چاغلىقلا بىر نېمە بولۇپ چىقاتتى .

قىز چىقىرىش ، ئوغۇل ئۆيلەش ناھايىتى ئاز كىشىلەرگىلا نېسىپ بولىدىغان قىيىن ئىش ئىدى . دەسلەپكى قېتىمدا ئىككى

يىل تەمشىلىپ 25 ياشلىق مەتيانى ئاران دېگەندە ئۆزلىرىنىڭ
ئانچە يېقىن بولمىغان تۇغقانلىرىدىن بىرىنىڭ قىزىغا ئۆيلەپ
قويدى . كېلىنىنىڭ ئاتا - ئانىسى شەھەر ئاھالىسى ئىدى . تۇر-
مۇشنى دېگەندەك باياشات دەپ كەتكىلى بولمىسىمۇ ، مەتيا ئائى-
لىسىدىن ھاللىنىقراق ئىدى . قىز مەتيا ئائىلىسىنىڭ نامراتلىقى-
نى ياراتمىدىمىكىن يا يېزىدا تۇرغۇسى كەلمىدىمىكىن ، توي
قىلىپ 4 - 5 ئاي بولار - بولماي شەھەرگە بىر كەتكىنىچە ،
قايتىلاپ چىققىلى ئۇنىمىدى . بۇ مەتيانى بۆلەك ئۆيگە چىقىرىپ
قويغىنىغا ئۇزۇن بولمىغان چاغلار ئىدى . ئاردا مەتيا بىر
قېتىم ، ئانىسى ئىككى قېتىم كىرىپ چىقتى . ئەمما كېلىن
ئاجرىشىمەن ، دەپ تۇرۇۋالغاچقا ، ئىلاجسىز خېتىنى بېرىۋەتتى .

شۇنىڭدىن كېيىن مەتيا ئۆز ئۆيىدە يېگانە ئۆتۈشكە باشلى-
دى . ئاتا - ئانىسى چوڭ ئۆيگە قايتۇرۇپمۇ كەتمىدى . شۇ
تەرىقىدە ئىككى يىلدىن ئارتۇق بويتاق ياشىدى . بۇ كۈنلەردە
ئۇنىڭدىن بىر قىز ــ ئۆيىنىڭ كەينىدىكى كۆل بويىدا ئولتۇرى-
دىغان تۇل خوتۇننىڭ قىزى گۈلتاجىخان يوشۇرۇنچە ئۈمىدلى-
نىپ يۈرەتتى . قىز تېخى ئەمدىلا 18 نىڭ قارىسىنى ئالغانىدى .
مەتيادىن 10 ياش كىچىك ئىدى . ياشلىق باھارىنىڭ ئالتۇن
شوتىسىغا ئەمدىلا قەدەم ئېلىۋاتقان مەسۇم ، ساددا قىز ئىدى .
ئەمما ، بۇنىڭغا قارىماي ئاشۇ قاغدالما يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ
ئالغانىدى . ياخشى كۆرگەندىمۇ پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن كۆيەتتى .
قەلبىدە تونۇر تەپتىگە ئوخشاش ناھايىتى قىزىق بىر ئوت توختى-
ماستىن لاۋۇلدايتتى . پۈتۈن ئەس - يادى ئۇنىڭ نامى بىلەن
بەند ، پىكىر - خىيالى ئۆزىنىڭ ئىختىيارىدا ئەمەس ئىدى . ئۇنى
بىرەر - يېرىم كۈن ئېتىزدا كۆرمىسە ، تېپىرلاپ تۇرالمايتتى .
ئۇچراشقاندا بولسا ، يۈرىكى ئېگىز - پەس سوققىلى تۇراتتى .
قىلىۋاتقان ئىشى ، كېتىۋاتقان يولىدىن ئېزىپ قالاتتى . ئۇ كۆز
ئالدىدا ، ئۆپچۆرىسىدە بولسىلا ، كۆڭلى تىنچلىنىپ ، ئاستا -

ئاستا ئەسلىگە قايتاتتى. ئۇنىڭدىكى ئاشۇ ئوت، ئاشۇ ئىنتىلىش مەتيانى كۆلەڭگىدەك ئەگەشتۈرۈپ كېلەتتى. بىرەر ئېغىز گەپ تاشلاپ قالارمىكىن، — دەپ يەر ئاستىدىن جىلمىياتتى. ئۇ، — لامزەللە ئوغرى، — دەپ تېرىكەتتى بەزىدە، — ئىككى ئېغىز گېپىمنى شۇنچە ئايامدىكىن. ھېچبولمىغاندا، تىك-كىدە بىر قاراپ قويسىچۇ...

دەرۋەقە، قىزدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنى مەتيا بۇرۇنلا سەز-گەندى. ئەمما، ئۇنىڭغا بىلىندۇرمەيتتى. چۈنكى ئۇ قىزنى بەك ياش، ئۆزىنى بولسا ئۇنىڭ خىلى ئەمەس، دەپ قارايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاتا - ئانىسىنىڭ قولى قىسقا، ئۇلارنىڭ مەتيانى ئۆيلەيمىز، دەپ يىغقان - تۈگكىنىنىڭ ھەممىسى ھېلىقى ۋاپا-سىز خوتۇن بىلەن تۈگىگەن. قايتا ئۆيلەشكە يەنە بىر مەزگىل تىرماشماي بولمايدۇ. قىزنىڭ مەيلىنى دەپ ئەلچى ئەۋەتەي دې-سە، ئۇنىڭ ئۆيىگە نېمە كۆتۈرۈپ كىرىدۇ؟ نېمىسىگە تويلۇق ئېلىپ، نېمىسىگە توي ئۆتكۈزىدۇ؟ تويىنىغۇ ئاددىيراق قىلىسىمۇ ئۇنار. ئالىمدىم دېگەن يەردىمۇ تويلۇقىغا تۆت ئېگىن ئالمىسا، مەتيانىڭمۇ كۆڭلى ئۇنىمايدۇ...

بوۋاينىڭ كۆڭۈل قەپىسىدىن ئۇچقان خىيال قۇشى — ھېلىقى لاچىن ئۇچۇشتىن كىچىككىنە توختاپ قالدى. بوۋاي تالبىققان، بېلى ئاغرىپ كەتكەندى. ھاسىسىغا تايىنىپ، سال-مىقىنى ئالدىغا تاشلىغان گەۋدىسى مۈكچىيىشتىن تالاتتى. دۈم-بىسى تۈگمەن تېشى ئارتىۋالغاندەك ئېغىرلىشىپ كەتكەندى. بەدىنى تولاۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ ھاسىسىدىن ئېگىكىنى ئاج-راتتى. گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ كېرىلدى. ئالدىن يېنىغا بىر سۆگچە سۈرۈلۈپ، پېشايۋان تۈۋرۈكىگە يۆلەندى. يان قوشنى-سىنىڭ ئۆگزىسىدە كەپتەر گۈگۈلايتتى. تۈفۈش مەۋسۈمىغا كىرگەن توخۇلىرى بەس - بەستە قاقىلدايتتى. بوۋاي دىققىتىنى يىغدى. خىيال قۇشى يەنە قاناتلاندى. ئۇچۇپ چىقىپ، بىر

چاغلاردا ئۆي ئايرىپ چىققان تۇنجى ئۆيىنىڭ هويلا تېمىغا قوندى. هويلا ئىشىكى ئىچىدىن ئىلىقلىق ئىدى. ئىشىك تىنماي كىتىرلايتتى. ئۇ ئىشىك تۇۋىدە گۈلتاجىنى كۆردى. ئۇ دەل بۈگۈنكىدەك فېۋرال ئايلىرى ئىدى. ئەترەتتە يازلىق تېرىم ئىشى ئالدىراش كېتىۋاتاتتى. سەھەرلىك «دولقۇن» كۈندۈزنىڭ ئىشىغا، كۈندۈزنىڭ ئىشى ئاخشاملىق «دولقۇن»غا ئۇلىشىپ كەتكەنىدى. مانا شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەتيا ئېتىزدا زۇكام تەگدۈرۈۋېلىپ يېتىپ قالدى. ئىشنىڭ زىچلىقىدىن چوڭ ئۆيدىكىلەرنىڭ مەتياغا قارىغۇدەك ۋاقتى يوق ئىدى. ئۇنىڭغا ئىنىسى قاراۋاتاتتى. تۆتىنچى كۈنى ئۇ بالىمۇ كۆرۈنمىدى.

مەتيا ئورنىدىن تۇرۇپ دالانغا چىقتى. هاۋا دېگەندەك ئىللىپ كەتمىگەنىدى. ئۆيمۇ، تالامۇ سوغۇق ئىدى. مەتيانىڭ ئوت يېقىپ چاي ئىچكۈسى بار ئىدى. ئۇ دالان بۇلۇڭىدىن بىر قۇچاق تەمەچنى ئېلىپ ئۆيگە كىردى. مورا ئوچاققا سېلىپ گۈگۈت ياقتى. ئوتۇنلار كېچە چۈشكەن قىرودىن نەملىشىپ قالغانىدى. تۆپە - تۆپلەپ تۇتۇرۇق سېلىنىپ تۇرسىمۇ، هۆل ئوتۇن پىسىلداپ، ئىس چىقىرىپ تۇراتتى. بۇنى ئاز دەپ، مورىدىن پۈۋلىگەن شامال هەدەپ مەتيانىڭ كۆزىگە ئىس تىقاتتى. ئۇ ياش ئېقىپ تۇرغان كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ، ئوت پۈۋلەيتتى.

شۇ ئەسنادا دالان ئىشىكى تىرىقلىغاندەك بولدى. شامال ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى ئۇ ۋە ئىرەنشىمەيلا ئوت پۈۋلەشكە كىرىشتى. ئىشىك توختاۋسىز تاراقلايتتى. گاھ چاشقان غاجىلىغاندەك، گاھ مۈشۈك تاتىلىغاندەك كىتىرلايتتى. بىر تۇرۇپ، ئىشىك ئىلگىچى شىلدىرلايتتى. مەتيا قولىغا ئالغان سەرەڭگىنى كۈلۈڭ لېۋىدە قويۇپ، ئىشىكتىن بېشىنى چىقاردى. قىزىق، دالان ئىشىكىنىڭ ئىلگىچى ئاستىدا ئىنچىكە بىر تال ياغاچ دەم چىقىپ كېتىپ، دەم كىرىپ كىتىرلاۋاتاتتى. ياغاچ ئۇچى ئىلگىچكە تىرىلىپ، ئۇنى كەينىگە ئىتتىرەتتى.

ئەمما ئۇ ئىنچىكە ئىلگىچ چىلىق بولغاچقا، ياغاچ ئېگىلىپ كېتەت-
تى. «بىرى چاقچاق قىلىۋاتامدۇ، نېمە؟ — دەپ ئويلىدى
مەتيا، — ئەترەت باشلىقى خۇپىيانە كىرىپ، مېنىڭ راست
ياكى يالغان كېسەللىكىمنى كۆرەي دەمدۇ يا؟ ۋاي، ھىيلىگەر
تۈلكە...»

— كىم ئۇ!؟ — زەردە بىلەن توۋلىدى مەتيا.

جاۋاب ئورنىغا ئىشىك ئىلگىچى تاراققىدە چۈشۈپ كەتتى.
ئىشىك ئېچىلىپ، بىر قىز كىرىپ كەلدى. ئۇ گۈلتاجى ئىدى.
قولىدا بىر قاچا بار ئىدى. قاچىدىن بوشقىنا ھور كۆتۈرۈلۈپ
تۇراتتى. مەتيانىڭ كۆزى ئۇنىڭ ئۈستۈپىشىغا چۈشتى. ئۇ ئۆيى-
دىن ئالدىراشلا چىققان بولسا كېرەك، كۆڭلەك ئۈستىگە كالتە
چاپىنىنى يېپىنچاقلىۋالغانىدى. تېگى كۆك، گۈللىرى ئاق نې-
پىز چىت كۆڭلەك ئۈستىخىنىغا چىپپىدە كەلگەنىدى. كۆڭلەك
مەيدىسىنىڭ ئارلىقىدىنمىكىن يا قىز بەدىنىنىڭ تولغانلىقىدىن-
مىكىن، كۆكسىگە ئىككى دانە ئالمىنى پاتۇرۇپ قويغاندەك
چوقچىيىپ تۇراتتى. تۈرۈكلۈك تۇرغان يەڭلىرى قازان بېشى-
دىن تۇرۇپلا چىققانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. مەتيانىڭ تۇتۇ-
دىن ياشاڭغىراپ كەتكەن كۆزلىرى قىزنىڭ تەبەسسۇم ئويناپ
تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشتى.

— ئاغرىپ قالغانلىقىڭىزنى ئاڭلىغانىدىم، — دېدى ئۇ
دالانغا كىرىۋېتىپ، — ئىشنىڭ تولىلىقىدىن كىرگىلىمۇ بول-
مىدى. خېلى ساقىيىپ قالدىڭىزمۇ؟

— ياخشى، كېچىدىن پىشكى تەرلەپتىكەنمەن. شۇنىڭ
پايدىسى بولدىمۇ دەيمەن، خېلى يەڭگىپ قاپتىمەنغۇ! بۈگۈن
«دولقۇن» غا بارمىغان ئوخشايسىز؟

— بارماي جېنىمىز ئونمىدى؟ — قىز ئۆيگە كىرىۋېتىپ
دېدى، — مۇشۇ يەرگە كىرگىلى ۋاقىت چىقىراي دەپ، يېرىم
كېچىدە تۇرۇپ كېتىپتىكەنمەن، تاڭ ئاقارغۇچە ۋەزىپىنى ئۆت-

كۆزۈپ بېرىپ بولدۇم.
قىز قاچىنى يەرگە قويۇشنى بىلمىگەندەك، تۆت تامغا قا-راشقا باشلىغانىدى، مەتيا قولىدىن ئالدى. ئاشتىن ئاچچىق ئۆرۈك گۈلىسىنىڭ چۇچۇمەل ھىدى گۈپ قىلىپ دىمىغىغا ئۇرۇلدى.
— ۋاي – ۋاي – ۋاي . . . بۇيرۇتقاندەكلا گۈلىنى بولۇق سالغان ئاشكەنيا بۇ؟!
— ئاچچىق گۈلىنىڭ ئۇمچى زۇكامنى ئالىدۇ. زاغۇ[①] تۇتماي ئىچىپ بېقىڭ.
— نېمە دەيدىغانسىز؟ ئۆزۈم ئۇماچمۇ ئېتىپ ئىچەلمەي، ئوت پۈۋلەپ ئولتۇرمايمەنمۇ، — مەتيا ئاشنى سۇپا لېۋىگە قويۇپ ئوت يېقىشقا تەمشەلگەنىدى، گۈلتاجى سەرەڭگىنى ئېلىۋالدى.
— ئەكېلىڭ، ئوتىڭىزنى مەن ياقاي. ئاش سوۋۇپ قالىدۇ.
— بۇ . . . مەن ئۆزۈم . . .
— بولدى، مەن ياقاي. قاراڭا، سالغان ئوتۇنىڭىزغا؟ مۇشۇنداق سېلىپ قويسىڭىز ئوت تۇتىشامتى؟
گۈلتاجى ئوچاقتىكى ئوتۇنلارنى قايتىدىن تۇزەشتۇرۇپ ئوت ياقتى. ئوت بىردەمدىلا تۇتاشتى. ئۇ ئوتنى يېقىۋېتىپ، ئىشىك كەينىدىكى سۇپۇرگىنى قولىغا ئالدى.
— ھەي، نېمە قىلىسىز، قويۇڭ، ئۆزۈم سۇپۇرۇۋالىمەن.
— ئوخشاش ئەمەسمۇ، بولدى، مەن سۇپۇرۇۋېتەي.
ئۆي ئىچىگە تەمەچ چېچىلىپ كەتكەنىدى. سۇپىنىڭ ئاستىغا ئەخلەت يىغىلىپ قالغانىدى. نەرسە – كېرەكلەرمۇ بەكلا

① زاغۇ تۇتۇش – زاڭلىق قىلىش مەنىسىدە.

قالايمىقانىدى . سۇپىدىكى كىگىز ئۇستىدىن تولا ئۆرلەپ تۇراتـ.
ـتى .
مەتيا قاتتىق خىجىل بولدى . ئۇ قىزغا قاراشقىمۇ پېتىنالـ.
ـماي ، ئاشنى قولىغا ئالدى . مورىنىڭ بىر تەرىپىگە يۆلەنگىنىچە ئاشقا قوشۇق سالدى . ئىچىدە قىزنى چىقىپ كەتسىكەن ، يالغۇز قالسامكەن ، دەپ تىلەيتتى . تەمتىرىگىنىدىن ئاشنى ئۇنلۇكرەك شوراپمۇ ئىچەلمەيتتى .
گۇلتاجى ئاۋۋال ئۆينى بىپسىقتۇردى . مەتيانىڭ ئورۇن ـ كۆرپىسىنى يىغىشتۇرۇپ تۈزەشتۇرۇپ سالدى . ئاندىن چاڭ چىـ.
ـقارماي ، يەرگە يېنىك ـ يېنىك سۇپۇرگە سىپلىشقا باشلىدى .
ئەمدى مەتيانىڭ خىياللىرى تىلغا كىرمەكتە ئىدى . ئايال دېگەن بىر ئۆينىڭ چىرىغى ، ئاپتىپى ئىكەنيا ؟ مۇشۇ كۆرۈمسىز ئۆينىڭ بىردەمدىلا ئاپتاپتەك ئېچىلىپ كەتكىنىنى كۆرمەيمەنـ.
ـمۇ ؟ دادام دائىم يالغۇز ئوتۇننىڭ ئوتى كۆيمەيدۇ ، دەيدىغان .
بۇ ئەر ـ خوتۇنسىز ئۆينىڭ تۇرمۇشى كۆلمەيدۇ ، دېگىنىمـ.
ـكىن ؟ راست ، ئەرگە خوتۇن ، خوتۇنغا ئەر بولمىسا بولمايدىغان ئىشكەن . . .
— هوي ، تېخىچە ئىچىپ بولالمايسىزيا ؟ — دېدى قىز ئۇنىڭ قوشۇقىنى ئاستا ـ ئاستا يالىشىغا قاراپ . ئەمەلدە ئۇ مەتياغا مەستلىك تارتىۋاتاتتى ، — ئىچكۈچىز كەلمەيۋاتامدۇ يا ؟
— ياقەي ، مانا هازىر ئىچىپ بولىمەن . سىز چىقىۋېرىڭ .
— نېمە ، مېنى قوغلاۋاتامسىز ؟ — گۇلتاجىنىڭ چىراـ.
ـيىغا مەيۈسلۈك ئالامىتى تېپىپ چىقتى .
— ياق ، ياق ، — دېدى مەتيا ئالدىراپلا ، — مەن دەيمەن ، سىز تېخى ياتلىق بولمىغان قىز . سۆز ـ چۆچەك بولۇپ قالارمىكى ، سىزنى قۇرۇق سۆز ، قۇرۇق تۆهمەتكە قوـ.
ـيارمەنمىكى ، دەيمەن ، بۇ مەلىدىكىلەرنى بىلمىسىزغۇ ؟
— ئەمىسە سۆز ـ چۆچەك بولمايدىغان ئىشنى قىلماـ.

سىز ؟
مەتيا ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقىنىنى ئۇقالمىغاندەك سورىدى
— نېمىنى قانداق قىل دەيسىز ؟
— شۇنىمۇ بىلمىدىڭىزما ؟
— تاڭ ئەينا ؟
— بوپتۇ ، مېنى قېلىنكەن ، دېسىڭىزمۇ مەيلى . كۆڭلۈمـ-
ـدىكىنى دېسەم ، سىزنى بۈگۈن ئېغىز ئاچارمىكى ، ئەتە ئەلچى
كىرگۈزەرمىكى ، دەپ مۈشۈ دەمگىچە كەلدىم . ئىككىنچى قېتىم
خوتۇن ئالمايمەن ، دەپ قەسەم قىلىۋەتكەنمىدىڭىز يا ؟
— نېمە دەيدىغانسىز ؟ ئۇنداققۇ ئەمەس ، — مەتيا خىجا-
لەتچىلىك ئىچىدە ھىجايدى ، — ئەمما مەن . . . مېنىڭ خوتۇن
ئالغۇچىلىك پۇلۇم نەدە دەيسىز ؟
— مېنى سېتىۋالامتىڭىز ؟
— ئادەمنى تولا خىجىل قىلماڭ ، ھەر ئىشنىڭ ئۆز يولى ،
قائىدە - يوسۇنى بولمامدۇ ؟
گۇلتاجى ئىزا تارتتىمىكىن يا باتناپ قالدىمىكىن ، ئۇندى-
مەيلا قاچىسىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى . مەتيا شۇ ئولتۇرغىنىچە
ئوچىقىنىڭ ئوت توزۇپ كەتكىنىنىمۇ تۇيماي قالدى . ئۇ خىيال
سۈرەتتى . گۇلتاجىغا ئىچىنى ئاغرىتاتتى . ئۆزىنىڭ توي قىلغۇ-
دەك ئىقتىسادىنىڭ يوقلۇقىدىن ئۆكۈنەتتى . يەنە بىر تەرەپتىن ،
ئۇ تېخى توي قىلمىغان كىچىكلا بىر قىز . ئاللىقاچان بىر
خوتۇن ئېلىپ بولغان مەندەك بىر ئادەم ئۇنىڭ بەختىنى چىگسەم
بولامدۇ ؟ ياق ، ئۇنىڭغا چۈشەندۈرىمەن . . . دەپ ئويلايتتى .
گۇلتاجى بۇ تەرىپىنى ئويلىمايتتى . ئەكسىچە ، ئۇنىڭدىن
خاپا بولۇپ يۈرەتتى . ئۆزى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرۈپ كېلىۋاتقان
بۇ يىگىتنىڭ بۇنچە يۈرەكسىزلىك قىلىۋاتقىنىدىن ئاغرىناتتى .
كۆيۈپ ئۆچكەن قوقاستەك ئۈمىدسىزلىنىپ ، ھەر نېمە دەپ
باققان بىلەن بىرلا يېرى ئائىلىمىزنىڭ قاتاردا يوقلۇقىدىن قاچىد-

دۇ. مېنى باش – ئېگىسى يوق تۇل خوتۇننىڭ قىزى، دەپ ياراتمايدۇ دەپ ئويلايتتى.

دەرۋەقە، گۇلتاجىنىڭ ئائىلىسىنى مەھەللىدىكى نۇرغۇن كىشى كۆزگە ئىلمايتتى. نامرات كۆرۈپ توي – تۆكۈن، جايىستانلارغا چاقىرمايتتى. ئۇلارنى ئانىي تاپىدىغانلار ھەقىقەتەنمۇ كۆپ ئىدى. گۇلتاجى دادىسىنىڭ قانداق ئادەملىكىنى بىلمەيتتى. ئانىسىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، گۇلتاجى ئون ئىككى ياشقا كىرگەن يىلى دادىسى كەلكۈندە ئېقىپ كېتىپ ئۆلگەنىدى. بىچارە ئانا شۇنىڭدىن تارتىپ ياشلا تۇل قالدى. ئۆينىڭ پۈتكۈل غېمى — تىرىكچىلىكى ئۇنىڭ بېشىغا قالدى. يوقسۇزلۇق ئۇنى قاتاردىن چىقىرىۋەتتى. ئۇ بىر يۆلەنچۈككە — يوقنى تېپىپ بېرىدىغان ئەرگە موھتاج ئىدى. لېكىن قىسىلسىمۇ، جاپا تارتسىمۇ، قىزىنى قوغداپ، قايتا ياتلىق بولمىدى. ياتلىق بولاي دېگىنى بىلەنمۇ، بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ ئۆيىدىكى يەنە بىر قورساققا قاراپ، ئالدىراپمۇ لايىق چىقمايتتى. ئەمما بۇ ياش چوكاننى ئايلىنىپ، كۆڭۈل خۇشى قىلىۋېلىشنى كۆزلەپ يۈرگەنلەرمۇ يوق ئەمەس ئىدى. خۇسۇسەن، ئۇنى بەڭگى قوشنىسى كۆپرەك ئاۋارە قىلاتتى. ئىككى ئاخشامنىڭ بىرىدە ئىشىكنى قېقىپ ئۇخلاتمايتتى. ئاچچىسا تۈڭلۈكىدىن توپا تۆكەتتى. مورىسىغا پاخال كەپلەپ قوياتتى

گۇلتاجىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، ئانىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئاشۇ قىسمەتلەر گۇلتاجىغا كېلىشكە باشلىدى. مەھەللىدىكى خېلى نۇرغۇن يىگىت كۈنسېرى ھۆسنىگە تولۇپ كېلىۋاتقان گۇلتاجىغا قاراپ ئەسنەيتتى، ئالدىلىرىدىن ئۆتكىنىدە لەۋلىرىنى يالىشاتتى. ئەمما، ئۇنىڭ ئەسكى كىيىمىدىن يىرگىنەتتى. ئۇنى بوزەك قىلىپ ئويناشقا ئۇرۇناتتى

مەتىيانىڭ تېخىچە ئېسىدە تۇرۇپتۇ: بىر كۈنى ئۇ ئەترەتنىڭ توپاق ھارۋىسىغا پىچان بېسىپ كېلىۋاتاتتى، ئەترەت بېغىنىڭ

بىرىسىدىكى كۆۋرۈك ئۈستىدە بىر قانچە ياشنىڭ بىرەيلەننى ئارىغا ئېلىۋالغىنىنى كۆرۈپ قالدى. ئارىدىكىسى دەل گۈلتاجى ئىدى. ئۇ كۆڭلەكچان بولۇپ، بېشىغا تېگى قىزىل بادام دوپپا كىيىۋالغانىدى. قىز ئالدىغا ماڭماقچى بولاتتى. ئوغۇللار بەدىنى بىلەن توسۇۋالاتتى. ئۇ قاياققا ماڭسا، شۇ ياقتىكىسى ئالدىنى توساتتى. كۈلۈشۈپ ئىسقىرتاتتى.

— ھەي گۈلتاجى، — دەۋاتاتتى بىرى بىلىكگە تايىنىپ تۇرۇپ، — مېنى سۆيۈۋالامسەن؟

— ئەكېلە، ئالماڭنى تۇتۇپ باقىلى! — دەيتتى يەنە بىرى قولىنى سوزۇپ.

مەتياننىڭ غۇژژىدە ئاچچىقى كەلدى. ھارۋىسىنى تاشلاپ ئالدىغا ئۆتتى.

— ئىزا تارتساڭلار بولمامدۇ خەقنى بوزەك ئەتكۈچە؟!

گۈلتاجى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. كۆزلىرىدە ياش لىغىرلاپ قالغانىدى.

— ۋاي، — دېدى ئوغۇللاردىن بىرى، — خەق ئوينايلى دەۋاتسا، مەتياخۇننىڭ تارلىقى كېلىپ قاپتۇ يا؟ سىلىگە قالدۇ بىزدىن!

— قالدىغانغا ئاچاڭنىڭ قاغا جىگدىسىمكەن ئۇ؟ — مەتيا ئالدىغا بىر قەدەم ماڭدى، — ئېغىزىڭغا بېقىپ پوق يە جۇمۇ!؟

— ۋاي، كېلەر - كەلمەي تىللايسىنا؟ قىزغانغان بويسالڭ، ئالە مانا! — ئۇ گۈلتاجىنى مەتياننىڭ ئالدىغا كۈچ بىلەن ئىتتىردى. قىز پۇتلىشىپ دۈم چۈشتى. مەتياننىڭ قېنى مېڭىسىگە تەپتى. ئاستى تەرەپتىن قاڭقىپ چىققان مۇشتى ھېلىقىنىڭ زاڭقىغا قاتتىق ئۇرۇلدى. يىگىت تامدىن قاڭقىغان توپتەك ئۇچۇپ چىقىپ، ئۆستەڭگە چۈشۈپ كەتتى. قالغانلىرى بەدەر قاچتى.

مەتيا ئۇنى ئېلىشقا پېتىنالمىغىنى بىلەن ئەنە شۇنداق قوغ-
دايتتى . ئۇنىمۇ ، ئائىلىسىنىمۇ باشقىلاردەك خار كۆرمەيتتى .
كۆپ ھاللاردا ئېتىزغا سەھەر چىقىۋېلىپ ، باشقىلار سەپسېلىپ
بولغۇچە ، گۈلتاجى ۋە ئۇنىڭ ئانىسىغا بېرىلگەن ۋەزىپىنى ئو-
رۇندىشىپ بېرەتتى . ئانچە ـ مۇنچە ئوتۇن ـ ياغىچىنى غەملەپ
بېرەتتى . ئەمما ، قىلىپ بەرگەن ياخشى ئىشلىرى ئۈچۈن ھېچ-
قانداق باشقىچە غەرەز ، باشقىچە تەمەدە بولۇپ باقمايتتى .
ئۇنىڭ ئۆيىدە بولۇپ ئۆتكەن ئاشۇ قېتىمقى پاراڭلاردىن
كېيىن گۈلتاجى ئۇنىڭدىن ئانچە ئۈمىد كۈتۈپمۇ يۈرمىدى . ئەمما
ئۇنى ياخشى كۆرۈش ، پىراقىدا كۆيۈش ھېسسىياتىنى پەسەيتىش-
كە قۇربى يەتمەيتتى . شۇ تۈپەيلى ئۇ بىر مەجنۇنغىلا ئايلىنىپ
قالغانىدى . مانا شۇنداق ئۈمىد بىلەن ئۈمىدسىزلىك ، كۆيۈش
بىلەن بىپەرۋالىق ئېلىشىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىر قۇتلۇق
پەيتىدە گۈلتاجىنىڭ كۆڭۈل بوستانىغا كۈتۈلمىگەن بىر بەخت
سۈيى يامراپ كىردى . ئۇنى بوۋايمۇ ئۇنتۇمايدۇ . ئۇنتۇشمۇ
مۇمكىن ئەمەس . چۈنكى ھايات شۇ يەردىن باشلانغان . رىزقى
شۇ يەردە قوشۇلغان . بۇ ھاۋا بىلەن ئادەمنىڭ ۋۇجۇدى مۇز
ئۈستىدە قوشۇلغاندا ، ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتى شۇ يەردىن باشلاذ-
غانغا ئوخشايتتى . ئادەم بىلەن ھاۋانى شەيتان ئازدۇرغان . بۇ
ئىككىسىنىمۇ شەيتان ئازدۇرغان ، ياق ، تېپىشتۇرغانىدى .
شۇ كۈنى مەتيا ئەترەتنىڭ يۇرچاقلىقىغا سۇ تۇتقىلى بارغا-
نىدى . يۇرچاقلىق مەھەللىنىڭ ياقىسىدىكى قىر باغرىدا ئىدى .
مەھەللىگە ئىككى چاقىرىمدەك كېلەتتى . بۇغداي بىلەن تەڭ
تېرىلغان يۇرچاقلار تازا تولۇپ كەلگەنىدى . بۇ يەردە مەتيا يالغۇز
ئىدى . ئۇ سۇ ياقىلاپ مېڭىپ بايا چالا قالغان تاختىغا ئەمدى
كېلىپ تۇراتتى . تىگەننىڭ ئاستىدىكى تېخى سۇ باشلىمىغان
تاختىدىن كىملەرنىڭدۇر كۈدۈڭ ـ كۈدۈڭ قىلغان ئاۋازى ئاڭ-
لانغاندەك بولدى . بۇ چىققى چۈش مەزگىلى بولۇپ ، ھاۋا تىنـ-

چىق ، ئەتراپتا ئازراق شامالمۇ يوق ئىدى . ساينىڭ نېرىقى قىرغىقىدا ئاپتاپتا سولىشىپ كەتكەن قومۇش ، چىغ ـ چاتقاللارمۇ قىمىرلىمايتتى . نەدىدۇر بىر يەردە بۆدۈنە خۇشياقمىغاندەك ۋىت ـ ۋىت ، ۋىت ـ ۋىلداق دەپ قوياتتى . بايىقى ئاۋاز يەنە چىقتى . ئۇ يېقىندىلا كېلىۋاتاتتى .

«سۇ تۇتقىلى بىر كىملەرنى قوشۇپ بەرگەن بولسا ، شۇلارمىكىن ؟» دەپ ئويلىدى مەتيا كېلىۋېتىپ ، ئۇ نېرىقى تاختىغا بويۇنداپ قارىدى . پۇرچاقلىقنىڭ قاش ـ تىرىگەنلىرىدە ئېگىز ھەم قويۇق قومۇشلار ئۆسۈپ كەتكەنىدى . قومۇش دالدىسىدىن پەستىكى ئېتىز يۈزىنى كۆرگىلى بولمايتتى . شۇ ئەسنادا ئاۋاز يەنە چىقتى . ئۇ ئايالنىڭمۇ ، كىچىك بالىنىڭمۇ ئاۋازىغا ئوخشايتتى . پۇرچاق تەرگىلى كەلگەن بالىلار ئوخشىمامدۇ ، دەپ ئويلىدى مەتيا ۋە ئۇلارنى تازا بىر قورقۇتۇپ قويۇش مەقسىتىدە ئاستاغىنا ئاۋاز چىققان ياققا قاراپ ماڭدى . پۇرچاقلىقنىڭ تازا بۇلۇق ئۆسكەن بىر ئېتىزىدا ئىككى ئايالنىڭ بېشى كۆرۈنەتتى . ئۇلارنىڭ بىرىدە ئاق ، بىرىدە قىزىل ياغلىق بار ئىدى . ئۇلار پۇرچاق دالدىسىغا چۆكۈۋېلىپ ، ھەدەپ پۇرچاق ئۈزمەكتە ئىدى . مەتيا تىرىگەن ئۈستىدە توختاپ ۋارقىرىدى

— ھەي ، قايسىڭلار ئۇ !؟ كوللېكتىپنىڭ پۇرچىقىنى ئوغرىلا ، دەپ كىم ئۆگەتتى ؟!

ئىككى گەۋدىنىڭ بىرى ياردىن سىيرىلىپلا تۆۋەنگە قاچتى . يەنە بىرى ھەمراھىنىڭ كەينىدىن بىر شوخشىپ بولۇپ ، نېمىگىدۇر تۇرۇپ قالدى . ئۇنىڭ قولىدىكى داستىخاندا لىققىدە پۇرچاق تۇراتتى . ئۇ گۇلتاجى ئىدى ، مەتيانىڭ ئاۋازىنى تونۇپ ، قاچماي توختىغانىدى .

— نېمە ، سىزمىدىڭىز ؟ — دېدى مەتيا تىرىگەندىن پەسكە چۈشۈۋېتىپ ، — نېمىشقا سىزمۇ قاچمايسىز ؟

— سىزدىن باشقىسى بولسا تۇرماي قاچاتتىم

— ۋۆي، مەندىن نېمىشقا قاچمايسىز؟
— مېنى ئەترەتكە تۇتۇپ بەرمەيدۇ، دەپ
— تۇتۇپ بەرمەيدىغان ئىش نەدىكەن؟ — دېدى مەتيا كەتمىنىنى ئەتەيگە تاشلاپ، — كوللېكتىپنىڭ نەرسىسىنى ئوغرىلىغانلارنى پاش قىلسا، ئون نومۇر قوشۇپ بېرىدىغانلىقىنى بىلمەمسىز؟ مېنى ئون نومۇردىن قۇرۇق قالدۇ دېمەڭ!
— مانا ئەمىسە تۇتۇڭ، — گۈلتاجى قولىنى ئۇزاتتى
مەتيا كۈلۈپ سالدى:
— چاقچاق قىلدىم. سىزدىن باشقىسى بولسىمۇ تۇتۇپ بەرمەيمەن - دە. بولدى، تەرگەن پۇرچىقىڭىزنى ئېلىپ چاققان كېتىۋېلىڭ، — مەتيا شۇنداق دەۋېتىپ، قىزنىڭ ئايىغى ئاستىدا ئۆمىلەپ يۈرگەن بىر يىلاننى كۆرۈپ قالدى. يىلان كەكە دەستىسىدەك چوڭلۇقتا ئىدى. ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىردىن ئاشاتتى. بېشىنى غازنىڭ بويىنىدەك كۆتۈرۈپ، قىزنىڭ پۇتىنى تىمىسقىلاۋاتاتتى. ئېغىزىدىن بىر غېرىچتەك ئىنچىكە يىپ توختىماستىن كىرىپ - چىقىپ تۇراتتى.
مەتيانىڭ كۆزلىرى جامدەك چەكچىيىپ كەتتى. ئۇ قىزغا قولىنى ئۇزىتىپ بىرنېمە دېمەكچى بولاتتى. ھودۇققىنىدىن ئېغىزىدىن گەپ چىقمايتتى. ئۇ بىردەملىك كېكەچلەشتىن كېيىن قاتتىق توۋلىدى:
— قېچىڭ، تېز قېچىڭ!
قىز نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەي، ئالدى - ئارقىسىغا ئالاڭلاپ قارايتتى، چاقچاق قىلىۋاتىدۇ دەپ، بىر خىلدا كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئۇ ماڭماي تۇرغانسېرى، مەتيانىڭ يۈرىكى چىقىپ كەتكۈدەك دۈپۈلدەيتتى.
— قېچىڭ دەيمەن، ھاڭۋاقتى! ئايىغىڭىزدا يىلان بار يىلان! — مەتيا شۇنداق دەۋېتىپ ئالدىغا ئېتىلدى. قىزمۇ يىلاننى كۆرگەنىدى. قورققىنىدىن «ئانىكا!» دەپ توۋلىغان

پېتى مەتيا تەرەپكە ئۆزىنى ئاتتى . ئىككىسى تىرىگەننىڭ يار
قىرى باغرىدا بىر ـ بىرىگە قاتتىق سوقۇلدى ، قاڭقىپ كەتكەن
گۈلتاجى ئارقىسىغا ئۆچۈپ كېتەي دەپ قالغانىدى . ئاڭغىچە
مەتيانىڭ ئۇزۇن غولاچلىرى ئۇنى ئۆز باغرىغا تارتىۋالدى . مەت-
يانىڭ ئۆزىمۇ كەينىگە يەڭدەپ ـ يەڭدەپ توختىدى . قىزمۇ ،
مەتيامۇ كۆڭلەكچان ئىدى . قىزنىڭ توم ، يۇمشاق كۆكسى مەتيا-
نىڭ ئىشقا پىشقان ، يىگىتلىك كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان مەيدى-
سىگە چىڭگىدە يېقىلغانىدى . قۇچاقلار بىر ـ بىرىگە شۇنداق
ئىللىق ، شۇنداق ھۇزۇر بەخشلىك سېزىم ئاتا قىلاتتىكى ، تو-
مۇرلار شىددەت بىلەن ئۆركەشلەيتتى . ئۇنىڭدىكى ئاشۇ شىددەت-
لىك ، تولىمۇ قىزىق يالقۇن ئاقمىلىرى ئۇدۇل يۈرەكلەرگىلا
قۇيۇلۇۋاتقاندەك بىلىنەتتى . ئۇلار ئاشۇ تۇرۇۋشىدا ئاجايىپ شې-
رىن ، ئارامبەخش ، شىر كەيپلىك بىر دۇنيانىڭ قوينىغا كىرىپ
كېتىۋاتاتتى . دەقىقە ئالدىدىكى قورقۇش ۋە ئالاقزادىلىكلىرىنى
تامامەن ئۇنتۇپ كەتكەنىدى . گويا ھېچقايسىسى يىلان كۆرگەن-
دەك ئەمەس ئىدى .

مەتيا بىر قولىنى قىزنىڭ قولتۇقىدىن ئاجرىتىپ ، ئۇنىڭ
قوينىغا تىقىشتۇرۇۋالغان قوللىرىنى ئاستا سىلىدى . قىزنىڭ
قولىدىن ئوچاقتىن ھېلىلا ئالغان قىزىق تۆمۈرنىڭ تەپتى كېلەت-
تى . مەتيا قىزنىڭ قوللىرىنى سىلاۋېتىپ ، ئېگىكى ئاستىدا
قىمىرلاپ تۇرغان چېكە چاچلىرىنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن ھىدلايت-
تى . يەنە بىر قولى بىلەن ئۇنى باغرىغا تېخىمۇ ھىمراق تارتات-
تى . قىز بولسا ، پۈتكۈل ئىختىيارىنى مەتياغا بېرىۋەتكەنىدى .
بۇرنىنى ئۇنىڭ قوينىغا تىقىپ تۇرۇپ ، پۇش ـ پۇش تىناتتى .
مەتيانىڭ بەدىنىدىن بۇخسۇپ تۇرغان ئاچچىق تەر پۇرىقى ئۇنىڭغا
باشقىچە بىرخىل لەززەت ئاتا قىلاتتى . ئۇنى ھىدلىغانچە ھىدلى-
غۇسى كېلەتتى .

مەتيانىڭ شەيتىنى پۇۋدەشكە باشلىدى . ئۇ ئۆزىنى دىمىز-

گىنلەش كۆچىدىن مەھرۇم بولماقتا ياق، مەن قورقىمەن مەيلى، — دەيتتى ئۇ ئالدىراپ، — بولمايدۇ. بىردەمدىلا شۇنداق دېسەم ئۇنارمۇ؟ يا چالۋاقاپ، ي ئاخىرىغا چىقماي»

مەتيا خىياللىرى ئاخىرىغا چىقماي تۇرۇپ، تونى ىىحكىدە كۆتۈرۈۋالدى. قوينىنىڭ قوزىسىنى كۆتۈرگەندەك قۇچاقلاپ، ئېـگىز تىرىگەننىڭ تۇۋىگە ئېلىپ كەلدى.

— ۋاي جېنىم، مېنى... مېنى نېمە قىلاي دەيسىز؟
— شۇ... شۇ... بىرنى...
— ياق، مەن قورقىمەن.
— ھېچنېمە بولمايدۇ. بىردەمدىلا...
— ئەمىسە، مېنى ئالسىز.
— تېگىدىغانلا بولسىڭىز ئالىمەن.
— ياق، ئاۋۋال ئېلىڭ، ئاندىن نېمە دېسىڭىز شۇ...
— ئېلىپ - تېگىشىدىغان ئىشنى شۇنداق ئىتتىك قىلغىلى بولىدۇ، دەمسىز؟ بولدى، مەن ھامىنى ئالىمەنغۇ؟ كېلىڭا، ئەمدى يانمايلى.

مەتيا ئۇنى بۇلۇتتەك يۇمشاق پۇرچاق كۆكى ئۈستىگە باستى. قىز ئالىقانلىرى بىلەن يۈزىنى ئېتىۋالدى. كېيىن ئۇنىڭ ساغرىسىغا پۇرچاقنىڭ ھۆل غول - كۆكلىرى ئۇرۇنغاندەك بولدى...

پۇرچاقلىقتىكى ئاشۇ ئۇچرىشىشتىن كېيىن گۇلتاجى خېلى كۈنلەرگىچە مەتياغا ئۇدۇل بولمىدى. ئۇچرىشىپ قالسىمۇ يەردىن ئۈستۈن قارىماي ئۆتۈپ كېتەتتى. بۇرۇنقىدەك ئىش قىلغان يەردە يېنىغىمۇ كېلىۋالمايتتى. «مەندىن رەنجىپ قالدىمۇ يا ئىزا تارتىپ شۇنداق قىلامدۇ؟» دەپ ئويلىدى مەتيا. ئۇ ئاشۇ قېتىمقى ئالدىراڭغۇلۇقىدىن ئەمدى پۇشايمان يەپ قېلىۋاتاتتى. «بولار ئىش بولدى، — دېدى مەتيا خىياللىرىنى داۋام قىلىپ، — ئۇنى دېلىغۇلدا قويغاندىن كۆرە، ئىتتىكرەك توي

غېمىنى قىلاي . كېيىن ئىش كاشىلىسىغا تارتىپ قالسا ، ئۇنىڭغا ئۇۋال بولمىسۇن . . . »
ئۇزۇن ئۆتمەي ، ئارىلىرى يەنە ئېچىلىپ كەتتى . قىز كە-چىك بولغاچقا ، شۇ قېتىمقى ئىشتىن ئىزا تارتىپ ، مەتياغا ئۇدۇل بولالماي كەلگەندى . كېيىن يۈزى ئاستا ـ ئاستا ئېچىل-دى . ئەمما قىزنىڭمۇ ، مەتيانىڭمۇ گەپ ـ سۆز ، ئىش ـ ھەرىـ كەتلىرىدە قانداقتۇر بىر خىل قولاشماسلىق باردەك قىلاتتى . بۇ قولاشماسلىق ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىدىن سوۋۇپ كېتىۋاتقىنى ئەمەس ، بەلكى مۇناسىۋىتىنىڭ يات كۆزلەرنىڭ نەزىرىگە چۈشۈپ قېلىشىدىن قىلىنىۋاتقان ئېھتىيات ئىدى .
شۇ يىلى كەچ كۈزدە ئىككىسىنىڭ تويى بولۇپ ئۆتتى . تويدىن كېيىنكى تۇرمۇشى ئۇلارنىڭ قىياسىدىكى غايىۋى ھاياتـ تىنمۇ بەختلىك ، شېرىن پەللىگە قەدەم قويغانىدى . مەتيا كىمـ دۇر بىرىدىن نىكاھتىن ئىلگىرى ئىش ئۆتكۈزۈپ قويغانلار توي قىلسا ، ئۆزئارا ئىشەنچىسىز ، گۇمانخور بولۇپ قالىدۇ . تۇتقان ئۆيى ئۇزۇنغا بارمايدۇ ، دەپ ئاڭلىغانىدى . ئەمما ، ئۇلاردا بۇنـ داق ئىش ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىدى . چۈنكى ، ئۇلار بىر ـ بىرىگە ئۇنداق ئىشەنچىسىز قارىمايتتى . «كۆرسە بىسىچە ، كۆر-مىسە چۈلدۈسىچە» سالىدىغان ئىشنى تېخىمۇ قىلمايتتى . ئۇلار-نىڭ ئائىلىسى ۋاپا ، ئىشەنچ ۋە چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببەت ئۈستىگە قۇرۇلغانىدى .
مەتياغا گۇلتاجىنىڭ ئايىغى ھەقىقەتەن ياراشقانىدى . توي قىلىپ ئىككىنچى يىلى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ئامەت ياغدى . كۈزلۈك دارامەتتە بارلىق چىقىملىرىنى چىقىرىۋېتىپ ، توققۇز يۈز كوي نەق پۇل تەگكەندى . مەتيالا ئەمەس ، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىمۇ ئۆمرىدە بۇنچىلىك كۆپ دارامەت ئېلىپ باقمىغانىدى . شۇ چاغدا توققۇز يۈز كوي ھەركىمنىڭ نەزىرىدە ناھايىتى كۆپ پۇل ئىدى . ئۇ بۇنى گۇلتاجىنىڭ ئايىغىنىڭ ياراشقىنى دەپ قارىدى . مەتيا

دارامەتنى ئېلىپلا ، ئايالىغا تويدا ئېلىپ بېرەلمىگەن نەرسىلەر-
نىڭ ھەممىسىنى بىراقلا ئېلىپ بەردى . ئۆيىنىمۇ بىر قۇر سەرەم-
جانلاشتۇرۇۋالدى .

تويدىن كېيىنكى يىللار بىر – بىرىنى قوغلىشىپ ، قىرىققا
يەتتى . ئارىدا گۈلتاجى ئىككى ئوغۇل ، بىر قىز تۇغدى . باللار
بىر – بىرىدىن ئوماق ، شوخ چوڭ بولدى . ھەربىرىنىڭ مېھ-
رى ، ئوتى ئۆزگىچە ئىدى . ئۇلار ئۇچۇن ئۈچ بالىنىڭ بىرى
كەم بولسا بولمايتتى . ئاتا بىلەن ئانا ئاشۇ ئوماق باللىرى بىلەن
شاد ، بەختىيار ئىدى . ئاشۇ باللارنى دەپ ياشايتتى . ئۇلار
ئۇچۇن كۆيۈپ – ياناتتى . ئەتراپىدا پەرۋانە ئىدى . يېمەي يېگۈ-
زەتتى ، كىيمەي كىيگۈزەتتى . قاتتىقىنى ئۆزىگە ، يۇمشاق ، تات-
لىقىنى باللىرىغا ئاتايتتى . ئۇلار باللىرىنى خۇددى ئانا قۇش
باللىرىغا تۇمشۇقىدا دان بەرگەنگە ئوخشاش باقاتتى .

باللار يىلسېرى چوڭىيىشقا باشلىدى . تۇنجىسى مەكتەپكە
ماڭدى . ئۇلارنىڭ قورسىقىمۇ ، ئۇستۇبېشىمۇ تەڭ يوغىنىدى .
ئۆينىڭ چىقىمى كۆپەيدى . ئانا بىلەن دادا ئارام يوق ئىشلەيتتى .
بىر كۈنمۇ ئىشتىن قالمايتتى . ئەمما ، دارامىتى يىلدىن – يىلغا
ئازىيىپ باراتتى . ئىشلەيدىغىنى ئىككى ، يەيدىغان – كىيىدى-
غان ، خەجلەيدىغىنى بەش بولغاچقا ، شۇنداق ئىدى . ئاتا بىلەن
ئانا ئىلگىرىكىدىنمۇ بەكرەك ئىشلىمىسە بولمايدىغانلىقىنى بى-
لىشكە باشلىدى . ئەمدى خاس دارامەتكىلا قاراپ تۇرغان بىلەن
باللارنى باققىلى بولمايتتى . بىر ئۆينىڭ مورىسىدىن ئۈزمەي
ئىس چىقارغىلى بولمايتتى .

مەتىيا ئېتىز ئەمگىكىدىن سىرتقى چاغلاردا ئوتۇنچىلىق قى-
لىشقا كىرىشتى . بۇ ئۇنىڭ ئۇچۇن ئەڭ ئاسان كەسىپ ئىدى .
ئوتۇن ئىزدەپ جاڭگالغا بېرىش ھاجەتسىز ئىدى . ئېتىز –
ئېرىق چۆرىسىدىكى تاشلاندۇق دەرەخ كۆتەكلىرىنى كولاپمۇ
كۆپ ئىش قىلىۋېتەلەيتتى . مەھەللىدىكى پايانسىز ئېتىز –

قىرلارنىڭ چەت ـ چۆرىلىرىدە ، كوممۇنا ئاشخانىسىغا كېسىپ قالاپ قېپقالغان دەرەخ كۆتەكلىرىنىڭ ھەددى ـ ھېسابى يوق ئىدى . مەھەللىنىڭ قەدىمىي باغ ـ ئورمانلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن- مىكىن ، بۇ يەردە ھېچكىم كۆتەك كولاپ قالمايتتى . بۇ ئەۋزەل- لىكنى مەتيا بايقىغانىدى .

مەتيا بىر تەرەپتىن كولاشقا چۈشتى . ئۇ ئېتىز ئىشىدىن قولى بوشىغان ھامان كەتمەن بىلەن پالتىسىنى كۆتۈرۈپ ، كۆ- تەكلەر تۈۋىدە پەيدا بولاتتى . بەزىدە ئىككى ـ ئۈچنى ، بەزى كۈنلىرى بىر ـ ئىككىنى كولاپ تاشلايتتى . ئۇدۇللۇق يېرىپ قۇرۇتاتتى . ئاندىن بازارغا ئاپىرىپ ساتاتتى . كۆپىنچە ، يازدا جۇغلاپ ، قىشتا پۇل قىلاتتى .

— ئۆزۈڭلارنى ئازراق قىيناڭلار ، — دەيتتى ئايالى ئىچىنى ئاغرىتىپ ، — قوشتىن چىقىپ سۆرەمگە چۈشكەن كالىدەك ئىشلەۋەرسەڭلار جان توشامدۇ؟ ئارىلاپ ـ ئارىلاپ قىلساڭلارمۇ بولىدىغۇ!

— باللارنىڭ بوينى قىسىلىپ قالىدۇ ، — دەيتتى مەت- يا ، — بىز ھارساقمۇ ، جاپانى جىقراق تارتساقمۇ ، باللار چېنىپ قالمىسۇن . قىمىرلاپ تۇراي .

ئۇنىڭ چىداملىقلىقى ئانىغىمۇ ئۆتتى . ئېرىنىڭ جاپاسىنى يەڭگىللىسۇن دەپ ، ئۇمۇ ئىش تاپتى . ئۇ يىگنە ئىشىغا پىششىق ئىدى . ئازراق دەسمايە سېلىپ ، رەخت بىلەن پاختا سېتىۋالدى . قىشلىقى ئىشتان ـ پايپاق ، پوسما تىكىپ سېتىشقا باشلىدى . يېزا يېرىدە باللارنىڭ بۇنداق كىيىمى تازا ئاقاتتى .

ئاتا بىلەن ئانا تۇرمۇشتىن ئىبارەت بۇ تۈگمەننى ئەنە شۇن- داق چۆرگىلىتىپ بارماقتا ئىدى . مەتيا تولا تالجىقىپ كەتكىنىدە- دىن بىر كۈنى ئىش ئۈستىدە يىقىلىپ چۈشتى . بۇ رامىزان مەزگىلى ئىدى . مەتيا روزىسىنى كەم قويماي تۇتۇپ كېلىۋاتات- تى . شۇ كۈنى چۈشتە ئەزالار ئۆيلىرىگە ، سايە ـ سۆرۈنگە

كېتىشتى. مەتيا ئادىتى بويىچە كۆتەك كولاشقا تۇتۇندى. ھاۋا ئىسسىق ئىدى. بىر تەرەپتىن ئىسسىق، بىر تەرەپتىن دەم ئالماي قىلىۋاتقان ئەمگەك ئۇنى بەكمۇ چارچىتىۋەتكەنىدى. خۇسۇسەن ئۇسسۇزلۇق بەكرەك ئىسكەنجىگە ئالغانىدى. ئۇ نان يېمىسىمۇ مەيلى، قۇرۇپ - شىلىمشىق بولۇپ كەتكەن ئېغىزىنى ھۆللىۋالسا، قېنىپ بىر سۇ ئىچىۋالسا، يەنە شۇنداق مادارىغا كىرىپ قالاتتى. لېكىن ئۇ روزام بۇزۇلىدۇ، گۇناھ بولىدۇ دەپ، سۇ ئىچىشكە، روزىسىنى سۇندۇرۇشقا پايلىمايتتى. كولاۋاتقان يىلتىزىمۇ ئازلا قالغانىدى. يەنە بىرنەچچە كەتمەننى ئارتۇق چېپىپ، بىر نەچچە پالتىنى ئارتۇق ئۇرسا، يوغان بىر تۆرۈكنىڭ كۆتىكى يىقىلاتتى. مەتيانىڭ ئۇنى قالدۇرۇپ قويغۇسى كەلمىدى. يەنە ئىشلەشكە باشلىدى. بىر كەمدە بېشى پىررىدە بىر ئايلانغاندەك بولدى. ئۆزىنىڭ نېمە بولغانلىقىنى بىلمىدى. كولاۋاتقان كۆتەكنىڭ ئورىسىغىلا يىقىلىپ قالدى. ئۇنى كەچ كىرگەندە ئورىدىن تېپىشتى. شۇ ياتقىنىچە بىر ئايدىن كۆپ ياتتى. ئۇ ھەر كۈنى قەي قىلاتتى. مەيدىسىدىن يېشىل رەڭلىك زەرداب ياناتتى. كېيىن ئۇ قانغا ئۆرۈلدى. ئايال ئېرىنى دوختۇرخانىغا يۆتكىدى. تاپقان - تەرگىنى دوختۇرخانىدا تۈگىدى. مانا شۇلارنىڭ ھەممىسى بالا، پەقەت ئاشۇ بالىلارنىڭ تاۋىنى چىكىلدۇرمەي گۈلدەك باقىمەن، دەپ تارتقان ھەرەجلەر ئىدى.

بالىلارنىڭ ئوقۇشى تولۇقسىز ئوتتۇرىدىلا توختىدى. ئاتا - ئانىنىڭ ئۇنىڭ نېرىسىغا كۈچى يەتمەيتتى. مەكتەپتىن چىققانلىرى ئۇدۇللۇق ئەمگەك قاتارىغا قوشۇلۇپ كەتتى. نەچچە يىل ئۆتە - ئۆتمەي ئوغۇللارنى ئارقا - ئارقىدىن ئۆيلەپ، ئۆي ئايرىپ بەردى. قىزنى ياتلىق قىلىپ ئۇزاتتى. قايناق بازاردەك ئاۋات، ۋاڭ - چۇڭلۇق مۇھىت ئىچىدە شاۋقۇنلىنىپ ئۆتكەن بۇ ئۆي ئاخىر تۇز قويغان قازاندەك جىمىپلا قالدى. ئەمدى بۇ

ئۆيدە ئۆزلىرىنىڭ تۇرغان - پۈتكىنىنىڭ ھەممىسىنى بالا — پەقەت ئاشۇ ئۈمۈر مىۋىلىرىنىڭ ئاينىشى ئۈچۈن بېغىشلاپ، بوۋاي بىلەن ممايغا ئايلىنىپ كەتكەن بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇقلا قالغانىدى. بۇ ھاياتنىڭ ئەسلىگە قايتىشى ئىدى.

دەرۋەقە، ئېرىنى ئاياپ، ئۇنىڭ ساقلىقى ئۈچۈن غەم يەپ كەلگەن تاجىخان موماي ھاياتنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئۆزى كېسەلچان بولۇپ قالدى. ئىككى ھەپتە ساق يۈرسە، ئىككى ھەپتە يېتىپ قالاتتى. ئۇ ئاخىرقى قېتىم بىر ياتقىنىچە قايتىلاپ تۇرالمىدى. ئۇنىڭ بىر پۇتى نېمە سەۋەبتىندۇر يىغىلىپ قالغانىدى. پاقالچىقى تېقىمىغا چاپلىشىپ تۇراتتى. مەتياىنىڭ قىلمىغان داۋاسى، كۆرسەتمىگەن دوختۇرى قالمىدى. قوي - كالا، توخۇ - كەپتەرلەرمۇ بىر - بىرلەپ سېتىپ تۈگىتىلدى. بىراق يىغىلىپ قالغان پۇت تۈزەلمىدى.

موماي ئاستا - ئاستا ئورۇقلىماقتا ئىدى. سىزىپ كەتكەن بەدىنى ئىسكىلىتتەك بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭغا قاراپ، بوۋاينىڭمۇ يۈرىكى ئېقىپ تۈگەۋاتاتتى. غەم - ئەندىشىدىن ھەر كۈنى نەچچە ياش قېرىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

— مەن پىشىپ قالدىم، — دېدى ئايالى بىر كۈنى تارام - تارام ياش تۆكۈپ، — ئۆزۈڭلارنى ئوبدان كۈتۈڭلار. قىزىمىز يىراقتا، كىشىنىڭ قولىدىكى ئادەم. ئوغۇللىرىمىز نېمىشقىكى سىلىگە تارتمىدى. بوشاڭ، كۆيۈمسىز چىقىپ قالدى. كېيىنچە سىلىگە يېتىك بولالمايدۇ، ياخشىسى، قارامنى ئۈزۈن تۇتماي ئۆيلىنىۋېلىڭلار. قېرىغاندا ئىسسىق - يۇمشاق تاماق ئېتىپ بېرىدىغان، تەرىتىڭلارغا سۇ ئىسسىتىپ بېرىدىغان ئادەم بولمىسا بولمايدۇ...

بوۋاينىڭ كۆزىدىن لۆممىدە ياش ئېتىلىپ چىقتى. چاپىنىنىڭ پېشىنى قايرىپ، ياشلىرىنى سۈرتتى... ھويلىدا شامال ئۇچاتتى. قوشنىسىنىڭ كۆۋۈكىدىكى دەمدەر توختىماستىن ئۇز-

لەيتتى . تۇخۇمى ئالدىراتقان توخۇلار ئۇزمەي قاقاقلايتتى . ئەتە-گەنكى ئوچۇق ئاسماندا بىر توپ كەپتەر ئايلىنىپ يۈرەتتى بىرىنىڭ بويىنىدىكى غۇڭغۇلداق مۇڭلۇق غۇڭغۇلدايتتى . بوۋاي «ئاش كۆتۈرگەن قىز» نى يوقىتىپ قويىدى . ئاسماندا قۇياشقا قاراپ سوزۇلغان بىر ئاقۇچ يول كۆرۈنەتتى . «ئاش كۆتۈرگەن قىز» ياق ، ئۇنىڭ پەرىشتىسى ئاشۇ يول بىلەن كېتىپ قالغان-دى . . .

«رەھمىتى خوتۇن ، — دېدى بوۋاي دۈرۈت ئوقۇۋاتقاندەك قىلىپ ، — جايىڭلار جەننەتتىن بولار . بارىڭلاردا ئۆيىمىزنىڭ ئېغىرىنىمۇ ، يېنىكىنىمۇ تەڭ كۆتۈرگەنىدىڭلار . ئۆيىمىز ، با-لىلىرىمىز ئۈچۈن قولۇڭلار كۆسەي ، چېچىڭلار سۈپۈرگە ئىدى ئەپسۇس ، بەك بالدۇر كەتتىڭلار . . .»

دەرۋازىنىڭ ئىچىرلىشى بوۋاينىڭ ئەسلىمىلىرىنى ئۈزۈ-ۋەتتى . دەرۋازا قانىتى چوڭ ھەم ئېغىر ، قېلىن شال بىلەن قەدىمىي ئۇسلۇبتا ياسالغانىدى . ئاچقان - ياپقاندا ئۆلگىچىكى ئاشۇنداق مۇڭلۇق ئىچىرلايتتى . قازناقتا ئولتۇرۇپمۇ سىرتتىن كىرگەن كىشىنىڭ شەپىسىنى بىلگىلى بولاتتى .

دەرۋازىنىڭ بىر قانىتى ئاستا قىيا ئېچىلدى . يوچۇقتىن 9 ـ 10 ياشلاردىكى سېرىق چاچ بىر قىز كىرىپ كەلدى . ئۇ بوۋاينىڭ نەۋرىسى — چوڭ ئوغلى مەتنىيازنىڭ كەنجى قىزى ئىدى .

مەتنىياز ئۆيلىنىپ بىر يىلدىن كېيىن قېيناتىسى بىر يۈرۈش ئۆي ئېتىپ بېرىپ ، كۆچۈرۈپ كەتكەنىدى . ئۇنىڭ خو-تۇنى بىلەن بالىلىرى ھازىر شۇ يەردە تۇراتتى . مەتنىياز بولسا ، ناھىيە بازىرىدىكى قېيىنىسى بىلەن بىرلىشىپ ئاشخانا ئېچىۋا-تاتتى . ناھىيە بازىرى يېزىغا 9 ـ 10 كىلومېتىرچە كېلەتتى . شۇ سەۋەبتىن مەتنىياز كۈنلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى شەھەردە — ئاشخانىسىدا ئۆتكۈزەتتى . ئۆيگە بولسا ، 15 ـ 20 كۈندە بىر

كېلىپ ، بىرەر كېچە قونۇپلا كېتىپ قالاتتى . بۇنىڭغا بالىلىرىمۇ كۆنۈك ئىدى . ئۇ مەھەللىگە ئۇن قېتىم كەلگەننىڭ بىرىدە دادىسىنى يوقلاپ قويمىسا ، قالغان ۋاقىتتا ئۆز ئۆيىگە كېلىپ ، يەنە شۇ يەردىنلا كېتىپ قالاتتى .

ئىككىنچى ئوغلىنىڭ ئېتى مەتنۇرى ئىدى . ئۇ مەھەللىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە تۇراتتى . تۇتاملىق كەسپى يوق ئىدى . ناھىيە تەۋەسىدىكى سەككىز بازارنى ئايلىنىپ يۇرۇپ ، نېمىنىڭ بازىرى ئىتتىك بولسا ، شۇنى ئېلىپ - ساتاتتى . ئۆيى گويا مېھمانخانىغا ئوخشاش ، كېچىسى قونغىلى پەيدا بولاتتى . يەنە ئەتىسى تاڭ يورۇ - يورۇماي بىر نەچچە تاغار بىلەن بىر جىڭنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كېتەتتى .

ئىككى ئوغۇلنىڭ مىجەزى ئاساسەن ئوخشاش ئىدى . بوۋاي بىلەن كارى يوق ئىدى . ئۇلارنىڭ ئەس - خىيالىنى ئوقەت ، پۇللا ئىگىلىۋالغاندەك ، دادىسىنى يوقلاش ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ قويۇش ، ھېچبولمىغاندا ئېسىگە ئېلىپ قويۇشنىمۇ ئۇنتۇپلا كېتىشكەنىدى . مانا شۇ ۋەجىدىن مۇشۇ بىر ھەپتە ئىچىدە بوۋاينى يوقلاپ كەلگەن بىردىنبىر كىشى ئاشۇ توققۇز ياشلىق قىزچاق ئىدى .

«خۇداغا شۇكۇر ! — دەپ ئويلىدى بوۋاي نەۋرىسىنى كۆرۈپ ، — ھەر ھالدا مېنى ئۇنتۇپ قالمىغان ئادەممۇ بار ئوخشايدۇ . »

— كېلە بالام ، كەل ! — بوۋاي ھاسىسىغا تايىنىپ ئورنىدىن تۇردى . ئۇنىڭ پۇتلىرىدا ماغدۇر يوق ئىدى . ئۇنىڭ شۇ تۇرقى شامال ئۇرسىلا يىقىلىپ چۇشىدىغان قارانچۇقنى ئەسلىتەتتى . ئۇ گەۋدىسىنى تەستە تۇزلەپ قىزغا قارىدى :

— ھە ، ساقمۇ سەن ؟ ئاناڭ ، داداڭ ئوبدان تۇرۇۋاتامدۇ ؟ ھەر ھالدا سەن بولساڭمۇ يوقلاپ كېلەي دەپسەن . كېلە ، بۇياققا كەل .

— مەن مەكتەپكە ماڭغان ، — قىز بوسۇغا ئۈستىدىلا تۇرۇپ ئېيتتى ، — دادام بوۋاڭنى چاقىرىۋېتىپ كەت . . . دەپ . . .

— هە . . . شۇڭا كەلدىم ـ دە . داداڭ چىققانمىدى ؟

— ھىم ، — قىز بېشىنى لىڭشىتتى .

— قاچان چىقتى ؟ مېنى نېمە قىلىدىكەن ؟

— چىققىلى خېلى بولغان ، قايسى كۈنى چىققانچە ماڭمىدى .

— نېمە ؟ ئاشخانىنى تاقىۋېتىپتىما ؟ ئەمدى ئاچمامدىكەن ؟

— قانداق قىلىدىكىن ؟ دادام تاغام بىلەن ئۇرۇشۇپ قاپتىكەن ، ئاشپەز ئاكىلارمۇ كېتىپ قاپتۇ . ئاخشام دادام ئانام بىلەنمۇ سوقۇشۇپ قالدى .

قىزنىڭ «تاغام» دېگىنى مەتنىياز بىلەن ئاشخانىنى شېرىكلىشىپ ئېچىۋاتقان قېيىنىنىسى تۇرام ئىدى . بوۋاينىڭ بىلىشىچە ، ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى بەك قويۇق ئىدى . بىر تۇغقاندەك چىقىشىپ ئۆتەتتى . لېكىن ، قىزنىڭ «ئۇرۇشۇپ قاپتۇ» دېگەن گېپى بوۋايغا غەلىتە تۇيۇلدى . كۆڭلىگە ئەندىشە چۈشۈپ ، ئارامسىزلىنىشقا باشلىدى .

— ئۇرۇشۇپ قاپتۇ ، دەمسىنا ؟ راستتىنلا شۇنداقمىكەن ؟

— دادامنىڭ قاپىقىنىمۇ يېرىۋېتىپتۇ .

— ھەي ، بۇ بالىلارغا نېمە بولغىيدى ؟ — دېدى بوۋاي ۋە ھەقىچان پۇل تالىشىپ چىققان جېدەل بۇ ، دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى

قىز لاپ قىلىپ بوۋايغا قارىدى ، ئاندىن كەينىگە بىر قاراپ ئېيتتى :

— ئەمىسە ، مەن كەتتىم ، بوۋا !

— ھەي توختا ، توختا ! — بوۋاي يېنىنى كولاپ ، بىر سىقىم كىشمىشنى ئالدى ، — ھە ، بۇنى يېگەچ ماڭ ، بالام .

قىز يۈگۈرۈپ كەلدى . بوۋايغا قاراپ پىسسىڭگىدە كۈلۈپ ئوچۇمىنى تەڭلىدى . بوۋاي ئۇنى بالىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ بەردى .

— ھە . . . — دېدى بوۋاي كىچىككىنە ئويلىنىشتىن كېيىن ، — ئاناڭمۇ ئۆيدىمۇ ؟

— ھەئە ، ئۆپكە قۇيۇپ قالدى .

— ھىم . . . — دېدى بوۋاي بالىنىڭ بېشىغا يېنىك - يېنىك ئۇرۇپ قويۇپ ، — ماقۇل ، سەن كېتىۋەر .

قىز ئويناقلىغان پېتى دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى .

بوۋاينىڭ بارغۇسى كەلدى . باشقا ئىشقا ئەمەس ، نەۋرىسىنىڭ ئۇرۇشتى ، تىللاشتى ، دېگەن گېپىگە قاراپ بېرىپ باققۇسى ، ئوغلىنىڭ ئۆيىدىكى ئىشلارنى بىلىپ باققۇسى كەلدى . بىراق ، ئاشۇ تولۇق ، قاپىقى يامان كېلىنىنىڭ تەلەتى كۆز ئالدىغا كېلىۋالدى . ئۇنىڭ ھومىيىشلىرىنى ئەسلەپ ، بېرىشتىن يالتايدى . بەلكىم ، مەتنىياز بولغاندىكىن ئۇنىڭدىن ھېيىقىپ بولسىمۇ قاپىقىدا دۇمبالىيالماس ، — دەپ ئويلىدى بوۋاي بارماسلىق قارارىنى دەلىللەپ ، — لېكىن ، قازان ئىسسىۋاتىدۇ ، دەيدۇ . بۇ چاغدا بارسام تۇتۇن پۇراپ كەپتۇ ، دەپ ئويلىشى تۇرغان گەپ . ئۇنىڭ قايسى كۈندىكى بىر پىيالە چېيى ئۈچۈن دەپ كەتكەنلىرى تېخىچە يۈرىكىمنىڭ بېغىدا تۇرمامدۇ ؟ بولدى ، كېپى بولسا ، مەتنىيازنىڭ ئۆزى كېلەر . . .

بوۋاينىڭ خىياللىرى يەنە چېچىلىپ كەتتى . ئادەم قېرىغاندا ئاشۇنداق ئىنچىكە ، گەپ كۆتۈرمەس بولۇپ قالامدىكىن يا . كېلىنىنىڭ شۇ قېتىمقى گەپلىرى ھەقىقەتەن ھار كېلىپمىدىكىن ، چوڭ كېلىنىنىڭ بىر ھەپتە ئىلگىرىكى سۆرۈن تەلەتى لىپ قىلىپ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتتى .

شۇ كۈنى بوۋاي يۇقىرىقى مەھەللىدىكى چوڭ مەسچىتكە جۈمەگە بېرىپ ، قايتاشىدا مەتنىيازنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتكە-

ندى . ئۇنىڭ نەۋرىلىرىنى كۆرگەچ مەتنىيازنىڭ ئەھۋالىنى ئۇ-
قۇشۇپ باققۇسى بار ئىدى . يەنە بىر تەرەپتىن ، بوۋاينىڭ كۆڭلى
ئىسسىققىنا بىرقاچا تاماقمۇ تارتىپ قالغانىدى . ئۇ يول ئۇستى-
دىنلا مەتنىيازنىڭ ئۆيىگە كىردى . مەتنىياز يوق ئىدى . كېلىنى
سىڭلىسى بىلەن بىر يەرگە بېرىشنىڭ تەرەددۇتىنى قىلىپ كىيى-
نىۋاتاتتى . كېلىن بوۋاينى دالاندا كۆردى . چىرايى بىردىنلا
بۇلۇت باسقان كۈن نۇرىدەك لاپپىدە ئۆچتى . قوشۇمىلىرى ئارد-
سىدا كىچىككىنە بىر مونەك پەيدا بولدى .
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ! — دېدى بوۋاي ئىشىكتىن
كىرىۋېتىپ ، — تىنچلىقمۇ ؟ ئوبدان تۇرۇۋېلىمۇ ، قىزىم ؟
ۋوي ، ئايتۇنخانمۇ كەپتىكەن - ھە ؟ باللار ساقمۇ ؟
— كەلسىلە ، يۇقىرى ئۆتسىلە ! — بوۋاينى كېلىنىنىڭ
سىڭلىسى قارشى ئالدى . كېلىن بولسا ، گويا قېيناتىسىنىڭ
سالام - سائىتىنى ، ئۆزىگە قىلىۋاتقان خىتابلىرىنى ئاڭلىمايۋات-
قاندەك ، كىيىم ئىشكاپىنىڭ ئەينىكى ئالدىدا قولىقىغا ھالقا
ئېسىش بىلەن ھەلەك ئىدى . ئۇنىڭ تىنچلىق سوراشلىرىغا رەس-
مىيەت ئۈچۈن بولسىمۇ ھېچنېمە دەپ قويمىدى .
بوۋاي بۇ مۇئامىلىدىن ئۇنىڭ سىڭلىسى ئالدىدا قاتتىق ئىزا
تارتتى . ئەمدىلا كىرگەن ئىشىكتىن ئۆرۈلۈپلا چىقىپ كېتىش-
نىڭ ئورنى يوق ئىدى . ئۇنىڭ ئۇستىگە ، كېلىنىنىڭ سىڭلىسى
ھەدەپ تەكەللۇپ قىلىپ تۇراتتى . بوۋاي قاتتىق ئۆكۈنۈش ،
پۇشايمان ئىچىدە سۇپىنىڭ لېۋىگىلا ئولتۇردى . قىسقىلا دۇئا-
دىن كېيىن كېلىنىگە يەنە بىر قېتىم ئىززەت سالىمى قىلدى .
كېلىن بۇ قېتىم ئېغىزىنى بوشقىنا قىمىرلىتىپ قويدى . بوۋاي
ئۇنىڭ نېمە دېگىنىنى ئۇقالمىغان بولسىمۇ ، كىچىككىنە يېنىك-
لەشتى . شۇ ئارىدا ئايتۇنخان داستىخان كۆتۈرۈپ كەلدى .
كېلىن يان ئۆيگە كىرىپ كەتتى .
— نەۋرىلەرنى كۆرۈپ ئۆتەي دەپتىلا - دە ؟ — دېدى

ئايتۇنخان نان ئۇشتۇۋېتىپ ، ــــ كىچىكلەرنىڭ خىيالىغا كەل-
مىگىنى بىلەن چوڭلار چىدىمايدۇ . كۆرگۈسى كېلىدۇ ، ئەركە-
لەتكۈسى كېلىدۇ .

ــــ شۇنداق ئەمەسمۇ ، بالا - چاقاڭ نەچچە ئون بولۇپ
كەتسىمۇ ، ھەربىرىنىڭ ئوتى باشقا - باشقا دېسىلە . مەسچىتتىن
كېلىشىم ئىدى . بالىلارنى كۆرگەچ ، ئىسسىققىنا غىزالىنىۋې-
لىپ كېتەي دېدىم . كۆپ بىلەن يېگەن تائامنىڭ لەززىتىمۇ
باشقىچە بولىدىكەن .

ــــ قېنى ئالسىلا ، ــــ دېدى چوكان چايغا نان تاشلاۋې-
تىپ ، ــــ چايغا سېلىپ ، يۇمشىتىپ باقسىلا ، ھە راست ،
چوڭراق چېنىگە قۇيايچۇ ، بولمىسا . . .

چوكان يان ئۆيگە ــــ بايا ئاچىسى كىرىپ كەتكەن ئۆيگە
ماڭدى . يان ئۆينىڭ دېرىزىسى ئوچۇق ئىدى . چوكان كىرىشىگە
ئاچىسى گۇدۇڭ - گۇدۇڭ بىر نېمە دېۋىدى ، ئارقىدىنلا سىڭلى-
سىنىڭ ئۈنى چىقتى :

ــــ نېمە قىلغىنىڭىز بۇ ، ئاچا ؟ ئەجەب ، مەتياكامنى مەن-
سىتمىگەندەك بىر ئىشلارنى قىلىپ يۈرىسىزيا ؟

ــــ ئوش ، قوشلاپ بېرىۋەرسە قۇتۇلغىلى بولامدۇ ، ئۇ-
كام ؟ ! ۋاي كەلسىلە ، ۋاي ئالسىلا دەپ بەرسەمچۇ ، دادىسىنى
كۆچۈرۈپلا ئەكېلىپ بېرىدۇ ئەتە - ئۆگۈن . مەن نەچچە بىرىنى
كۈتۈپ بولىمەن ؟ !

بوۋاي قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي قالدى . لېكىن ، ئىشەنمەي
بولمايتتى . بۇ گەپلەر 5 ـ 6 قەدەم نېرىدىكى ئاشۇ ئوچۇق
دېرىزىدىن ــــ ئەتىۋارلىق چوڭ كېلىنىنىڭ ئېغىزىدىن چىقىۋا-
تاتتى .

توۋا ، يېڭىدىن كېلىن بولۇپ كىرگەندە ۋاي ئانا ، ۋاي
دادا ، دەپ چوڭ ئۆيدىن ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان بۇ كۆيۈمچان
كېلىنىگە نېمە بولغاندۇ ؟ راست ، ئۇ چاغلاردا بوۋاينىڭ قولىدا-

مۇ ، ئۆيدىمۇ بار ئىدى . كېلىنلەر ، نەۋرىلەر كەلسە گۈلدەك كۈتەلەيتتى . يېگۈزۈپ ، ئىچكۈزۈپ ، كېتەر چېغىدا ئۇنى ـ بۇنى كۆتۈرگۈزۈپ قويالايتتى . كېيىن موماينى داۋالىتىمەن دەپ يە-لىكى ئۈزۈلدى . ئاخىر كېلىپ قورۇق ئۆيدە يالغۇز قالدى . ئەمدى بېرەي دېسە يوق . ئۆزىمۇ بالىلىرىغا قاراپ قېلىۋاتىدۇ .

بوۋاينىڭ كېلى ھىققىدە بوغۇلدى . ئېغىزىغا سېلىپ بولغان بىر چىشلەم ناننى ئېلىۋەتكىلى بولمايتتى . بوۋاي ئېغىزىدىكى ناننى مىڭ تەستە يۇتتى . قايناق سۇدا ئېزىپ ، ھىل ـ ھىل بولۇپ كەتكەن ئاشۇ يۇمشاق نان ئۇنىڭ كانىيىنى گويا بىر تۇتام خوخا تاتىلاپ ئۆتكەندەك زايە بولۇپ كەتتى . ناننى يۇتۇپلا ، سىيرىلىپ پەگاھقا چۈشتى . ئايتۇنىخان چولڭ چىنىنى ئېلىپ چىققاندا بوۋاينىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى . چوكان ئىشنىڭ تېگىگە يەتتى . ئۇ بوۋاينىڭ ئۇنداق دۆت ئەمەسلىكىنى ، كۆڭلىنىڭ قىلدىن ئىنچىكە ئىكەنلىكىنى بىلدى . ئاچسىنىڭ بايىقى قىلىقلىرى ئۈچۈن بوۋاينىڭ ئارقىسىدىن غايىبانە خىجىللىققا چۆكتى .

مەتيا بوۋاي شۇ قېتىم چىقىپ كەتكىنىچە بۇ ئۆيگە ھازىرغىچە ئاياغ باسمىغانىدى

ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنى پەقەت ئىزدىمەيدۇ ، دېگىلى بولمايتتى . قانداقلا بولمىسۇن ئاندا ـ ساندا بىر كېلىپ ، غىل ـ پال كۆرۈنۈپلا كېتىپ قالاتتى . مۇنداق چاغلاردا خۇددى كىچىك بالىغا ھېيتلىق بەرگەندەك ، بەش كوي ، 10 كوي پۇلنى تۇتقۇزۇپ قوياتتى . ئۇنىڭ سەدىقىچىلىكىمۇ بەرىكىتى يوق ئىدى . ئۇنىڭ بىلەن ناۋاينىڭ قېشىغا 3 ـ 4 قېتىم ياكى قاسساپ ئالدىغا بىر قېتىم بارغىلى بولاتتى . ئۇنىڭدىن كېيىن بوۋاي توق ئولتۇردىمۇ ، ئاچمۇ ، ئاغرىقمۇ ، ساقمۇ سورۇشتۇرمەيتتى . ئىشلىنىپ ، ئۇ ئۆزە يۈرسىلا ، دادام ساقكەن ، دېيىشىپ يۈرۈۋېرەتتى . ھەرھالدا قىزى توختىخان يامان ئەمەس ئىدى . ھەپتە ـ

ئون كۈندە بولسىمۇ بىر قېتىم كېلىپ، نېنىنى يېقىپ بېرەتتى. كىرىنى يۇياتتى. بۇنىڭدىن ئارتۇقىغا ئۇنىڭمۇ قۇربى يەتمەيتتى. بوۋايغا شۇنىڭ ئۆزىمۇ كۇپايە ئىدى. قىزىغا كۆپ خۇرسەندچىلىكى بار ئىدى.

بوۋاي خىيال تورىنى يىغدى. خىيال قۇشى پېشايۋان سۇپىسىغا قايتىپ كەلدى. تەن قەپەسكە كىرىپ، ئۇنىڭ ئاجىزلاشقان روھىغا سىڭىپ كەتتى. قۇياش نۇرى ئوبدانلا چېچىلىپ قالغانىدى. ھاۋادىكى بايىقى كەپتەرلەر ھويلا ئۈستىدىن يەنە بىر قېتىم ئۆتتى. ئۇنىڭ غوڭغۇلدىقى يىراقلاپ - يىراقلاپ، ئاڭلانماي قالدى. قوشنىلىرىنىڭ كەپتەرلىرى يەنە بۇقۇلدىشاتتى. تۇغۇپ چىققان توخۇلىرى قاقىلدايتتى. خورازنىڭ روكۇلداپ مېكىيانلارنىڭ دانغا چىللىشى ئاڭلىناتتى. ئۇنىڭ ئۈستىخانلىرى ئۇيۇپ كەتكەنىدى. بوۋاي ھاسىسىنى ئاستا تىكلىدى. ئېغىرلىقىنى ھاسىغا تاشلاپ ئورنىدىن قوپتى

## ئۇنتۇلغان پەرىشتە

بوۋاينىڭ كۈنلىرى بىر خىلدا ئۆتمەكتە ئىدى. شۇ تەرىقىدە ياز، كۈز ئۆتتى. بوۋاي پېشايۋاندا كۈنلەپ شۇنداق يېگانە ئولتۇراتتى. روھى ئۆتمۈشنىڭ شېرىن ئەسلىمىلىرىگە ئەسىرا بولۇپ ئۆتەتتى. قىش كېلىپ، سوغۇقنىڭ ھەيۋىسى بوۋايغا تەھدىت سېلىشقا باشلىدى. بۇنداق قاتتىق سوغۇقتا تالامۇ، ئوت يېقىلمىغان ئۆيمۇ ئوخشاشلا يېقىمسىز ئىدى. ئۆيدە مەن دېگەنبىلەن ھېچبولمىغاندا ئەتىگىنى، ئاخشىمى بىرەر قالامدىن ئوت قالىمىسا تۇرغىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ چەللىسىدىكى قالغان - قاتقان شاخ - شۇمبىلىرى ئاخىرلىشىپ قالغانىدى. تال بارىڭىنىڭ خادىلىرىمۇ ئازلاپ كەتتى. ھويلىدىكى دەل - دەرەخلەرنىڭ قۇرۇغان شاخلىرىمۇ قالمىدى. ئەمدى بوۋايغا كۆز قويارنىڭ

ئورنى يوق ئىدى. ھاسىسىنى سۆرەپ يۇرۇپ تەمەچ تەرسە، ئېتىزلىقتىن پاسار كۆتىكى بىلەن كېۋەز شادىلىرىنى چاناپ كېلىپ، تىرناق قاقلىسا بولاتتى. ئوغۇللارنىڭ بېرىپ تۇرغان ئازغىنا پۇللىرى قورساقتىن ئاشمايتتى. سوغۇقنىڭ سۇرى بوۋاينى ئاخىر ئۆيىدىن ھەيدەپ چىقتى. ئۇمىد ئارغامچىسى ئۇنى كىچىك ئوغلى مەتنۇرنىڭكىگە سۆرەپ كەلدى.

كىچىك كېلىنىنىڭ ھەر ھالدا ئىنساپى بار، ياۋاش چوكان ئىدى. بوۋايغا پەۋقۇلئاددە كۆيۈنۈپ كەتمىسىمۇ، چوڭ كېلىندەك دوقاسلاپ، قاپىقىدىن قار توزۇتمايتتى. بىر پىيالە چاي، بىر قاچا تامىقىنى ئايىمايتتى. ئۇ بوۋايغا تاشقىرىقى ئۆيىدىن جاي راسلاپ بەردى. بۇ بوۋاينىڭ تەلىپى ئىدى.

— كۈندۈزى بىللە تۇرغاندىكىن، كېچىسى ئايرىم ياتاي، — دېگەندى بوۋاي كېلىنىگە، — ئىچكەركى ئۆي بەك ئىسسىپ كېتىدىكەن. دېمىم سىقىلىپ قالىدىكەن. تېشىدا ياتاي.

كېلىن بوۋاينىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەندى. ئۇنىڭ «دېمىم سىقىلىپ قالىدىكەن» دېگىنىمۇ بىر گەپ. توغرىسى، ياش ئەر - خوتۇنلارنى قورۇنۇپ قالمىسۇن دېگىنى ئىدى. كېلىن مەتنۇرغا دەپ، تاشقىرى ئۆيگىمۇ مەشتىن بىرنى قويغۇزدى. كېچىسى بىرەر قالام ئوت يېقىپ بېرىپ تۇردى.

بوۋاي خېلى خاتىرجەم بولۇپ قالغانىدى. ئەمما بۇ خاتىرجەم كۈنلەر قىش بىلەن تەڭ ئاخىرلاشتى. قىش ئۆتۈپ، ئۇلار يازلىق ئۆيگە چىققىنىدا مەتنۇرنىڭ «يۈرەك سۆزى» پارتلاپ چىقتى. كېلىن چىدىغان يەرگە مەتنۇرنىڭ تارلىقى كېلىپ قالغانىدى

— قىشمۇ ئۆتۈپ كەتتى، دادا، — دېدى ئۇ بىر كۈنى داستىخان ئۈستىدە، — ئۆي - ھويلىلارنى سېغىنمىدىڭىزمۇ؟ ئانامنىڭ چىرىغىنى چورتلا ئۆچۈرۈۋەتسەك بولماس! چوڭ ئۆيدە

ھەقىقەتەن تۇرغۇڭىز كەلمىسە ، ئاكامنىڭكىدە بىر مەزگىل تۇ-
رامسىز يا ؟
بۇ ئۇنىڭ ئوچۇقلا قوغلاۋاتقىنى ئىدى .
— ئويلىماپتىمەن ، بالام ، — دېدى مەتيا كۆزىگە لىققىدە
ياش ئېلىپ ، — بالدۇرراق ئېسىمگە سېلىپ قويسالڭ بولماس-
مىدى ؟ مەن تېخى . . . — بوۋاي گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئىسسىق
نەپەسلىرى بىلەن قوشۇپلا يۇتۇۋەتتى . تاماقتىن كېيىن ئاستاغى-
نا ئىشىكتىن چىقتى . بۇنىڭغا مەتنۇرىمۇ ، ياۋاش ـ يۇمشاق
كېلىنىمۇ ئېغىز ئاچمىدى .
بوۋاينىڭ غورىگىل كۆڭلىرى يەنە باشلاندى . بىرىدە ئاچ ،
بىرىدە توق يۈرۈپ ، ئەتىيازنى ئاران ئۆزاتتى . بۇ كۆڭلەردە
مەتنىياز مەھەللىدىكى ئۆيلىرىنى تاشلاپ ، ناھىيە بازىرىغا كۆ-
چۈپ كەتكەنىدى . قېيىنىنىسى بىلەن ياراشتى بولغاي ، ئاشخانى-
سىنى رېستورانغا ئۆزگەرتىپ ، تىجارەت دېڭىزىغا باشقىدىن
شۇڭغۇپ كەتكەنىدى . مەھەللىدە يېگانە قالغان دادىسى ئۇنىڭ
ئېسىدىن پۈتۈنلەي كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندەك تۇراتتى . گويا ئەمدى
ئۇنىڭ يېزا بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى قالمىغاندەك ياكى ئەمدى
سەھرا يوللىرىدا توپا كېچىپ يۈرۈشكە ھاجەت قالمىغاندەك ،
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بۇ بەرىكەتلىك زېمىن خىيالىغا ئەمەس ، چۈ-
شىگىمۇ يولىماس بولۇپ قالغانىدى .
مەتنۇرىغا كەلسە ، ئۇنىڭمۇ شۇكۇر قاچىسى توشۇپ ،
خىيال ـ ھەۋەسلىرى ئاۋۇپ قالغانىدى . ئىلگىرىكى پارچە ـ
پۇرات ئېلىپ ـ ساتارلىقىنى تاشلاپ ، خاس گۈلە ـ قاق ،
ئۈزۈم ، مېغىز ئېلىپ ، نەلەرگىدۇر توپ يۆتكەپ يۈرەتتى . بو-
ۋاي ئۇنى بىرىدە پالان شەھەرگە كەتتى ، دەپ ئاڭلىسا ، بىرىدە
ئىچكىرىگە ماڭغىلىۋاتىدۇ ياكى ئىچكىرىدىن كەپتۇ ، دەپ ئاڭ-
لايتتى . ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمىگىنىگىمۇ 3 ـ 4 ئايدەك بولۇپ
قالغانىدى .

بوۋاينى موھتاجلىق قىينىماقتا ئىدى. كۈچ ـ مادارى كۈنسېرى خوراپ، بەدىنى ئاجىزلاپ كەتكەنىدى. بەستىلىك كەلگەن بۇ ئادەمنىڭ قەددى ئەمدى كاماندەك ئېگىلمەكتە ئىدى. ئۇ يېگانىلىك، غۇربەت تۇرمۇشتىن زېرىكتى. زېرىككەنسېرى ئۇنىڭدىن بىر يولى قۇتۇلۇپ ئارام تېپىشنىمۇ ئويلايتتى. ئەمما، تىرىك جاندا بولىدىغان ھاياتقا، كۈننىڭ يورۇقلۇقىغا بولغان بىر خىل ئىنتىلىش ئۇنى ياشاشقا دەۋەت قىلاتتى. ئۇ بۇ يولنى ناھايىتى كۆپ ئىزدىدى. ئەمدى ئىلگىرىكىدەك ئوتۇن كولاپ ساتقۇدەك ياكى بىرەر كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ جېنىنى باققۇدەك كۈچ ـ مادارى قالمىغانىدى. ئۇنىڭ ياشلىقى بالىلىرىنى دەپ كېچە ـ كۈندۈز تىرمىشىپ يۈرگەن كۈنلىرى بىلەن بىللە كېتىپ قالغانىدى. ئۇنىڭغا ئەمدى ھاياتلىق، ياشاش ئىمكانىيىتى بېرەلەيدىغان بىرلا يول بار ئىدى. ئۇ ئۆزى جۈرئەت قىلالىسىلا، غورۇر ۋە ئابرۇيىنى قاتلىۋېتىپ، ئاشۇ يولغا كىرەلىسىلا، يوقنىڭ دەردىنى تارتمايتتى.

بوۋاي مۇشۇ يولنى تاللىدى. ئاشۇ ئوي كۆڭلىگە پۈكۈلگەن كۈنى ئۆي ئىچىنى بىر قۇر يىغىشتۇردى. پۇلغا يارايدىغانلىرىنى كات ساندۇقىغا سېلىپ قۇلۇپلىدى. ئىشىك ـ دەرۋازىسىنى تاقاپ كوچىغا چىقتى. تېخى ئەتىگەن ئىدى. يېڭىلا كۆتۈرۈلگەن قۇياش زېمىننى قىزغۇچ نۇر ئىلكىگە ئالغانىدى. بوستانلىشىۋاتقان دەل ـ دەرەخلەر ئاشۇ نۇر ئىچىدە زۇمرەتتەك يالتىرايتتى توپىلىق يولنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى سالا ئېتىزلاردا كۈزكى بۇغداي مايسىلىرى دولقۇنلىناتتى. ئۇنىڭ يۇمران قۇلاقلىرى ئۈستىدە قۇياش نۇرى جىمىرلايتتى. يولنىڭ سەل نېرىسىدىراق بىر خوراز 4 ـ 5 مېكىياننى ئەگەشتۈرۈپ يۈرەتتى.

بوۋاي ئوڭغا بۇرۇلۇپ ئاستاغىنا يۈرۈپ كەتتى. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ قەدەملىرى تۈگمەن تېشىدەك ئېغىر ئىدى. گويا ئەڭ قەدىرلىك كىشىسىنى تاشلاپ كېتىۋاتقاندەك، كۆڭلى بەكمۇ

يېرىم ئىدى . ئۇ نەچچە قەدەم ماڭماي كەينىگە قايرىلدى . ئارقىسىدا قالغان ھويلىسىغا قىيالماسلىق نەزىرى بىلەن تىكىلدى . دەرۋازىسىنىڭ سول بېقىنىدىكى ئۆزىدەك ئېگىلىپ قالغان دوڭغاق ئاق ئۈجمە غۇچچىدە يوپۇرماق چىقارغانىدى . يوپۇرماق بىلەن تەڭ تۇغۇپ چىققان ئۈجمىلەر بۇدۇشقاقتەك كۆپ ئىدى . كۆك چېچەكتەك كۆلۈپ تۇراتتى .

بوۋاي تۇپىلىق يولنىڭ ئاخىرقى ئۇچىغا كېلىپ ، كەينىگە يەنە بىر قېتىم قارىدى . يول سەل ئەگرى ئىدى . ئۇنىڭ ھويلىسى ئەمدى يول ئەگمىسىدىكى بىر نەچچە تۈپ باراقسان تال سۆگەتنىڭ دالدىسىغا ئۆتۈپ كەتكەنىدى . «خۇداغا ئامانەت ، — دېدى ئۇ سۆگەت دالدىسىدىن ، — خۇدا نېسىپ قىلسا ، پات - پات كېلىپ تۇرىمەن . تاجىنىڭ ئايىغى بېسىلغان ئاشۇ قەدىردان ھويلىنى تاۋاپ قىلىمەن .»

بوۋاي يۈرۈپ كەتتى . ئۇ شۇ تاپتا ناھىيە بازىرىغا — ئۇ يەردىكى جامائەنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى ساخاۋەتخانىغا كېتىۋاتاتتى . ئۇ يەر ئاشۇ جامائە جامائەتلىرىنىڭ ئىگە - چاقىسىز يېتىم - يېسىر ، قېرى - چۆرىلەر ئۈچۈن ئاچقان خالىسخانىسى ئىدى . مەتيا بوۋاي بۇ يەرنىڭ گېپىنى خېلى بۇرۇنلا ئاڭلىغانىدى . ئەمما ، ئۆزىنىڭ ئۇ يەرگە بېرىپ قېلىشىنى ئۇخلىسا چۈشىدىمۇ كۆرمىگەنىدى . مانا ، تەقدىر ئۇنى ئويلىمىغان ئاشۇ يەرگە سۆرەپ كېتىۋاتىدۇ .

ئەسلىدە ئۇ تاغدەك زەبەردەس ئىككى ئوغلۇم بار . ياشانغاندا ئاخىرقى ئۆمرۈمنى ئاشۇلارنىڭ ھامىيلىقىدا ئۆتكۈزىمەن ، دەپ ئويلايتتى . ئەپسۇسكى ، ئاشۇ «زەبەردەس» ئوغۇللار ئۆز ئاتىسىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە بىر تۈپ بۈيىچىلىكمۇ سايە بېرەلمىدى . ئۇ ئۆزىگە كۆيمىگەن بۇ يىگىتلەر ئالدىدا غۇربەتچىلىك تارتقاندىن كۆرە ، شۇ يەردىكى باغرى يۇمشاق ساخاۋەتچىلەردىن خەير - ئېھسان ئېلىشنى خوپ كۆردى . بۇمۇ بىر خىل تىرىك -

چىلىك ـــ ياشاش يولى ئىدى
ـــ ئەسسالامۇ ئەلايكۇم !

خىيال بىلەن يەرگە بېقىپ ئېتىۋاتقان بوۋاي چىپپىدە توختاپ ، بېشىنى كۆتۈردى . ئالدىدا ئۆزى دىمەتلىك ئوتتۇرا بوي بىر كىشى قاراپ تۇراتتى . ئۇنىڭ بېشىدا سەللە بار ئىدى . ئۇ كۆرۈمسىزگىنە بىر قارا ئېشەكنى يېتىلىۋالغانىدى . مەتيا ئۇنى كۆرۈپلا تونۇدى . خىيال بىلەن يەرگە قاراپ مېڭىپ ، ئۇنى كۆرمەي قالغىنىدىن خىجىل بولغاندەك ، تېزلا قولىنى ئۇزاتتى :

ـــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، ئەخەت قارىمكەنغۇ بۇ ، ئوبدان تۇرۇۋاتامدىلا ؟

ـــ خۇداغا شۇكۇر ! خوش . . . ئۆزلىرىنىڭ هال ـ كۇنى قانداقراقكىن ؟ كۆرۈشمىگىلى خېلى زامانلار بولۇپتۇ

ـــ خوش ، شۇنداق بولدى . ئۆزلىرىمۇ مەهەللىدىن بىر كەتكەنچە كۆرۈنمىدىلە . قايسىبىر كۇنى قارىسام ئۆيۈاقىلار بەك خاراب كۆرۈنەمدۇ تالڭ ؟

ـــ قېرىغاندا ، يالغۇز جاننىڭ موردىن تۇتۇن چىقارمىقى تەسكەن ئۆزى . خۇدا رىزقىمنى مازارەتتىن بەردى . ئۆلۈغلىردىمىزنىڭ زىيارەتگاهىني باققاچ جان ئەتتىم . خوش . . . ئۆزلىردىچۇ ؟ ئوغۇللار ئوبدان قاراۋاتامدۇ ئۆزى ؟ ئاڭلىسام ، ئىككىسىنىڭ ئوقىتىنى يامان ئەمەس ، دەيدۇ . مانا ، مەنغۇ بالا ـ چاقىسىز تىكەندەك بىر ئادەم . باققۇچۇم بولمىغاچ تېنەپ يۇرىمەن . سىلىدەك ئوغۇل ـ قىزلىرى بارلار ئاخىرقى ئۆمرىنى . . .

ـــ هەي . . . قارىم ، قويسىلا شۇ ئوغۇل ـ يوغۇلنى ! خۇدا سىلىگە بالا ـ چاقا بەرمىگىنى بىلەن رىزقى ـ نېسىۋىلىرىنى كەلڭ بېرىپتۇ . بالا ـ چاقا بەرگۈچە رىزقى بەرسە بولىدىكەن ، رىزقى .

ـــ نېمە ، باللاردىن كۆڭۈللىرى سۇ ئىچمىگەن ئوخشىمامدۇ ئۆزى ؟

مەتيا بوۋاي يەرگە باقتى. كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى.

— ھەي... — دېدى قارىي ئىچ ئاغرىتقان تەلەپپۇزدا، — بالا بولغىنى بىلەن ئىنساپىنى بەرمىسە بىكار-دە ئۇ. بولماپتۇ بۇ. قېنى، باشلىسىلا، مەن ئازراق تەنبىھ قىلاي ئۇلارغا.

— ياق، ياق، جۇۋۇسىلا ئەمدى، نىيىتىمدىن يانسام بولماس. ئۆزۈمىمۇ...

— نېمە، نېمە نىيەت ئۇ؟ سىلى، — قارىي بوۋاينىڭ كۆزىگە تىكىلدى. ئۇ بوۋاينىڭ گېپىنى باشقىچە مەنىدە چۈشىنىپ قالغانىدى.

— ياقەي، مۇسۇلمان تۇرۇپ، ئۇنداق قىلارمەنمۇ؟ مەنمۇ خۇددى ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئاللا دەپ، خۇداغا سېغىنىپ چىققىتىم. ئەمدى يېنىپ يۈرمەي.

— ھەي... «ئىماملىرىم» غا دېسىلە؟

— «ئىماملىرىم» قانداقكىن؟ شەھەردىكى جامائەگە باراي دەپ...

— ئۇمۇ بولىدىغان يەر. بولمىسا تونۇش-بىلىش بولغاندىكىن، ئىماملىرىمغىلا كەتمەيلىمۇ؟ سىلى كۆرمىدىلە، ئۇ يەردىن تاۋاپچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ. يۇرت-يۇرتتىن كېلىدۇ. ساخاۋەت قازىنىمىزنىڭ بىرەر ۋاخمۇ قاينىمايدىغان چېغى يوق ئۆزى. ئۆمرىمىزنى دۇئا، ئىستىقامەت بىلەن ئۆتكۈزسەكلا بولغىنى. قانداق دەيلا؟

مەتيا ئىككىلىنىپ قالدى. ئەمما، ئۇزاققا بارماي ئەخەت قارىي تەرىپىگە مايىل بولدى. ئىككىسى ئېغىر-يېنىكلىرىنى قارىينىڭ ئېشىكىگە ئارتىشىپ، مازار تەرەپكە قاراپ كېتىشتى.

«ئىماملىرىم» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ مازار بۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا ئەمەس، يىراق-يېقىندىكى چوقۇنغۇچىلار ئارىسىدىمۇ داڭقى بار مەشھۇر مازار ئىدى. يۇرت-يۇرتتىن كەلگەن تاۋاپچىلار،

سەيلە - ساياھەتچىلەر ، داڭقى - خاسىيىتىنى ئاڭلاپ ، بىر
كۆرۈپ بېقىشقا كەلگەن ھېرىسمەنلەر كېلىپ تۇراتتى . تۆت
پەسىلنىڭ ھەممىسىدە ئادەم ئۈزۈلمەيتتى . ئۆزلىرىنىڭ ئىخلا-
سىنى قەدىمىي پىر - ئەۋلىيالارنىڭ روھىغا ئاتىۋەتكەن شەيخ -
دەرۋىشلەر — تۇرمۇش ، پەلەك دىشۋارچىلىقىدىن تەركىدۇنيا
بولۇپ چىقىپ كەتكەنلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى . بۇ يەر ئاشۇ
پىر - ئەۋلىيالارنىڭ نام - نەسەبى ، دىن - تەرىقەت تارقىتىش
يولىدىكى تەسىرلىك جەڭ ھېكايەتلىرى بىلەن مەشھۇر ۋە مۇقەد-
دەس ئىدى . ئۇ يەر چوقۇنغۇچىلىرى — تاۋاپ قىلىپ خاسىيەت
تاپقۇچىلىرى بىلەن ئاۋات ئىدى . بولۇپمۇ بارائەت ، روزا -
رامىزان ، روزى ھېيت ، قۇربان ھېيتلارغا ئوخشاش ئۇلۇغ ،
مۇقەددەس كۈنلەردە تاۋاپچىلارنىڭ قاينام - تاشقىنلىق دېڭىزىغا
ئايلىنىپ كېتەتتى . چىققانلار ئەلۋەتتە قۇرۇق چىقمايتتى . ئاش-
لىق ، ئۇن ، ياغ ، مال - چارۋا ، كىيىم - كېچەك ، ئىشقىلىپ
تاپقان - ئاتىغىنىنى ئېلىپ چىقاتتى . تەرەپ - تەرەپكە ئېسىلغان
داشقازانلاردىن نەزىر تامىقى ئۆكسۈمەيتتى .

مەتيا بوۋاي بۇ يەرگە بالا ۋاقتىدا بىر قېتىم كەلگەنىدى .
ئۇ چاغدا كىچىك بولغاچقىمىكىن يا ئارىدىن ئۇزاق زامانلار
ئۆتكەچكىمىكىن ، خاتىرىسىدىن ھېچقانداق ئەسلىمە قالمىغانىـ
دى . شۇڭا ئۇ بۇ يەرگە تۇنجى قېتىم كېلىۋاتقاندەك تەسىراتتا
ئىدى .

بوۋاينىڭ قەدىمىي مازارلىق دائىرىسىگە چۈشۈشى بىلەن
تېنى ئەيمىنىشكە باشلىدى . ئۆز - ئۆزىدىن سۈر باسقىلى تۇر-
دى . پېشانىسىدە ئۇششاق - ئۇششاق تەر دانچىلىرى پەيدا بول-
دى . تىلى ئىختىيارسىز دۇرۇتقا كەتتى . ئۇ ئىچىدە سۈرە
پاتىھەنى قاتا - قايتا ئوقۇيتتى . ئەتراپىغا تېز - تېز كۆز
سالاتتى . مازار — ئۇلۇغلار قەبرىسى يېگانە ئەمەس ئىدى .
ئۇنىڭ ئەتراپىنى يەنە نۇرغۇنلىغان چوڭ - كىچىك قەبرىلەر

ئوراپ تۇراتتى . خېلى كەڭ بىر دائىرىنى ئىچىگە ئالغان مازار-
لىق قوينىدا تاش - كېسەكلەردىن قوپۇرۇلغان خىلمۇخىل گۇم-
بەزلەر ، سالاسۇنلۇق قەبرىلەر ، شامال ئۇچۇرۇپ يېرىم - يارتى-
سى قالغان توپا دۆۋىلەنمىلىرى تولۇپ ياتاتتى . گۇمبەزلىك ،
سۇپىلىق ۋە سالاسۇنلۇق قەبرىلەرنىڭ بېشىدىكى خادىلارغا تۇ-
لۇملار ، كالا - قوچقار مۈڭگۈزلىرى ئېسىلغانىدى . بەزىلىرىدە
باغلام - باغلام قوتاز قۇيرۇقى ، ئالىيېشىل تۇغ - شەددىلەر
پۇلاڭلاپ تۇراتتى . ھېلىقى تۇغ - شەددىلىك قەبرىلەرنىڭ خادى-
لىرى ھەر يىلى يېڭىلىنىپ تۇرغاچقىمىكىن ، بەزىلىرىدە 20 -
30 تالغا يېتەتتى . ئادەتتىكىلىرىدە بولسا ، يېرىمى سۇنۇپ كەت-
كەن كۆتمەك خادىلار ، قاغجىراق شاخ - شۇمبىلار مۆڭلىنىپ
تۇراتتى . خادىلارنىڭ كۆپلىرى ئېگىلىپ قالغانىدى . يىراقتىن
قاراشتا بۇ قاغجىراق خادىلار گويا قۇرۇپ كەتكەن قەدىمىي
ئورمان خارابىسىدەك كۆرۈنەتتى .

بوۋاي ئەخەت قارىيغا سوڭدىشىپ ، مازارلىقنىڭ غەربىي
چېتىدىكى ئېتىكاپخانىغا كەلدى . بۇ مۇشۇ يەردىكىلەرنىڭ ۋە
كېلىپ - كەتكۈچىلەرنىڭ ناماز ئوقۇيدىغان ، دۇئا - تىلاۋەت ،
ئېتىكاپتا بولىدىغان مەسچىتى ئىدى . ئورنى مازارلىقتىن ئې-
گىزدىرەك ئىدى . كەلگەنلەرنىڭ كۆزىگە يىراقتىنلا تاشلىنىپ
تۇراتتى . ئۇنىڭ قىزغۇچ سېغىز بىلەن سۇۋالغان تېمى ، گەجدە
قوپۇرۇلغان تۈنەكخانا گۇمبىزى دىققەتكە سازاۋەر ئىدى . بوۋاي
بۇ يەردە كۆرۈنۈشىدىن سۇر يېغىپ تۇرىدىغان ھەيۋەتلىك قەبرى-
گاھلار ، تۇغ - ئەلەملىك ئورمان خارابىسىدىن باشقا يەنە ئۆز
قوينىدا ھاياتلىقتىن دېرەك بەرگۈچى بىر يېشىللىقنىڭمۇ بارلى-
قىنى ھېس قىلدى . ئاشۇ مازارلىق ئېتىكىدە ئۆسكەن
يۇلغۇن - چاتقاللار ، كىشىلەر تەرىپىدىن ئەھيا ئېتىلگەن توغ-
راق ، سېدىلەر ئىللىق باھار ئاپتىپىدا غۇچچىدە ياشىرىشقا باش-
لىغانىدى . يامغۇر سۈيىنىڭ نېمى بىلەن كۆكلىگەن يۇمران

كۆكاتلار ھەممە يەرنى قاپلاپ ياتاتتى .
مەتيا بوۋاي كېلىپ ھەپتىدىن كېيىنكى بىر ئەتىگىنى بۇ يەرگە ئادەم يېغىشقا باشلىدى . ئۇلار ئات - ئېشەكلەرگە مىنىپ- مۇ ، پىيادىمۇ كېلىشۋاتاتتى . يېقىن ئەتراپتىكىلەرلا ئەمەس ، يە- راق - يىراق جايلاردىن كېلىشۋاتقانلارمۇ بار ئىدى . بۇ يېڭىچە ئاپرېلنىڭ ئالتىسى ، ھىجرىيە كالېندارى بويىچە شەبان ئېيىنىڭ ئون بەشى ، باراتەتنىڭ ھارپا كۈنى ئىدى . بۈگۈن كېچە تۈنەك ئۆتكۈزۈلەتتى . ئىستىقامەت قىلىناتتى . قۇيماق سېلىنىپ ، ئەر- ۋاھلار روھىغا ياغ پۇرىتىلاتتى . شۇ سەۋەبتىن بۇ يەردىكى شەيخ ۋە پاناھلانغۇچىلارنىڭ ھەممىسى تەۋرەپ كەتكەنىدى .
مەتيا بوۋايمۇ ئاشۇ ئالدىراشچىلىق ئىچىگە كىرىپ كەتتى . ئۇ مەسچىتنىڭ تام - تورۇسلىرىنى سۈپۈرۈپ ، بورا - جايناماز- لارنى تۈزەشتۈرەتتى . شاخ - شۇمبا تېرىپ ئوتۇن جۇغلايتتى . ئىشقىلىپ ، كۈچى يەتكەنلىكى ئىشقا قول تىقاتتى . ئىشلەۋېتىپ ئۆز - ئۆزىدىن ھاياجانلىناتتى . كېلىشۋاتقانلارنىڭ كۆپلۈكىگە قاراپ ، بۇ يەرنىڭ ھەقىقەتەن ئۇلۇغ بىر جاي ئىكەنلىكىنى تەھقىقلەيتتى . ئاشۇ ساناقسىز تاۋاپچىلار ئىچىدە ئۆزىنىڭمۇ بول- غانلىقىدىن پەخىرلىنەتتى . ئۆمرىدىكى بارلىق خۇشاللىق ۋە قايغۇلىرىنى ئۇنتۇپ ، پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى خۇدا يولىدىكى ئاشىق- لىققا ئاتىماقچى بولاتتى .
تاۋاپ سەيلىسى ئۈچ كۈن داۋاملاشتى . ئۇ تولىمۇ ھەشەمەت- لىك ۋە داغدۇغىلىق ئۆتتى . ئۈچ كۈنلۈك نەزىر - نۇزىرەتتىن ئاشقان نۇرغۇن ئاش - ئاشلىق ، گۆش - ياغ مازاردىكى شەيخ ۋە يېتىم - يېسىرلارغا قالدۇرۇلدى . بۇنداق تەسەررۇپاتلار ھەر يىلنىڭ روزا - رامىزانى ، ھېيت - ئايەملىرىدە ئۇزۇلمەي كې- لىپ تۇراتتى . قانداقلا بولمىسۇن ، بۇ يەردىكى شەيخ - مۇساپىر- لار ، يېتىم - يېسىرلار ئاچ قالمايتتى . مانا شۇنىڭدىن ئېتىبا- رەن مەتيا بوۋايمۇ بۇ چوڭ مازارنىڭ دائىملىق ئىخلاسمەنلىرى-

نىڭ بىرى بولۇپ قالدى . ئارىدىن ياز ئۆتتى ، كۈز كەلدى . مازارغا تالاي ـ تالاي تاۋاپچىلار كېلىپ كەتتى . نۇرغۇن خەير ـ ساخاۋەتچى بۇ يەرنىڭ شەيخ ، ھاجەتمەنلىرىنى يوقلاپ كەتتى . لېكىن ، ئاشۇ سەككىز ئايغىچە بوۋاينى ھېچقانداق تۇغ-قىنى ئىزدەپ باقمىدى . ئۇنىڭ يىلىكىدە سۇ ئىچىپ چوڭ بول-غان ئاشۇ ئوغۇللار گويا شۇنداق بىر ئاتىسىنىڭ بارلىقىنى ، كۆزى ئوچۇق ، ھايات ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك ئىدى . ئۇنىڭ تۇيۇقسىز يوقاپ كەتكىنىنىمۇ بىلمەيدىغاندەك تىپتىنچ يۈرەتتى .

دەرۋەقە ، بوۋاي ئۇلارنىڭ ئەسلىشىگە ، ئۆزىنى ئىزدىشىگە ئەمدى موھتاج ئەمەس ئىدى . ئىزدەپ كېلىشىنى تەمە قىلمايت-تى . مانا شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەتنىياز بىلەن مەتنۇرى كونا قەبرىدىن چىققان ئەرۋاھلاردەكلا ئۇشتۇمتۇت مازارلىقتا پەيدا بولۇپ قالدى . ئۇلارنىڭ جەھلى قاتقانىدى . خۇسۇسەن مەتنىيازنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپلا تۇراتتى . بۇغداي ئۆڭ چىرايى قارىداپ كەتكەنىدى . يەنە بىر تەرەپتىن ، ئۆزلىرىنى بىرەر كىم-لەرنىڭ تونۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك ، تولىمۇ قورۇنۇپ كېلەتتى . يولۇققان ھەربىر ئادەمگە تەتۈر قارىۋالاتتى . مازارلىق-تا ئوغرى مۈشۈكتەك تىمىسقىلاپ بوۋاينى ئىزدەيتتى .

ئۇلار بوۋاينى ئېتىكاپخانا يېنىدىكى سېپەد ئاستىدىن تاپتى . ئۇ يالىڭاچ ئۇچىسىغا چاپىنىنى ئارتىۋېلىپ ، كۆڭلىكىنى بېقىۋا-تاتتى . چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسۈپ ، بەدىنى شەيخقىلا ئوخشاپ قالغانىدى . قارىداپ كەتكەن چىرايى تۆمۈردەك پارقىرايتتى . پۇتى يالاڭ ئاياغ ئىدى . ئۇ ئالدىغا چۈشكەن كۆلەڭگىنى كۆرۈپ ، بېشىنى ئېرەنسىزلا كۆتۈردى . ئالدىدا تۇرغان ئىككى ئادەمنى تونۇپ ، چەكچە[illegible]ن پېتى قاراپ قالدى . بوۋاينىڭ ئۆزايىغا قا-راپ ، مەتنۇرىنىڭ ئىچى ئاغرىغاندەك بولدى . ئەمما ، مەتنىيازدا ئاچچىقتىن باشقا ئىپادە يوق ئىدى . شۇنداقتىمۇ ئۇ چىرايىغا زور

بىلەن كۈلكە يۈگۈرتتى :

— ۋاي ، جېنىم دادا ، بارمۇسىز ؟ — مەتنىياز قولىنى سۇندى .

ئەسلىدە ئۇنىڭ كەلگەن يېرىدىن تىل سېلىپ ، بوۋاينى ھەيۋە بىلەن ئېلىپ كەتكۈسى بار ئىدى . لېكىن ، ئەتراپتىكى ئادەملەردىن ئېھتىيات قىلدى . بۇ ئېھتىيات ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ تەركىدۇنيا دېۋانىنىڭ باللىرى ئىكەنلىكىنى باشقىلارنىڭ بىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئىدى . ئۇنداق بولمىغاندا ، ئارىدا گەپ ئۆزىرايدۇ . تالاش - تارتىش ، ھەتتا ۋارقىراش - جارقىراشلارمۇ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن . ئۇ چاغدا ئوغۇللارنىڭ كىملىكى ئاشكارا بولىدۇ . ئىززەت - ئابرۇيى تۆكۈلىدۇ . شۇڭا بىر ئاماللاپ ، بوۋاينى ياقىغىراق ئېلىپ بېرىۋېلىش كېرەك . ئۇنىڭدىن كېيىن . . .

— مەن بار ! — دېدى بوۋاي تەئەددى بىلەن ، — تېخى ئۆلمىدىم !

بوۋاي قولىنىمۇ ئۇزاتمىدى . مەتنىيازنىڭ قولى ھاۋادا توختاپ قالدى . ئۇ ئاتىسىنى بۇنداق دەيدۇ ، دەپ ئويلىمايتتى . ئەكسىچە ، بىزگە تاشلىنىدۇ ، يىغلاپ - قاقشاپ دەرد تۆكىدۇ . ئاندىن ئالداپ - سىلاپ قايتۇرۇپ كېلىمىز ، دەپ ئويلايتتى . لېكىن ، ئويلىمىغان يەردىن بوۋاي بىر ئېغىز تەئەددى بىلەنلا ئېغىزىنى تۇۋاقلاپ قويدى ، ھەتتا ئورنىدىن مىت قىلىپمۇ قويمىدى .

— دادا ، — دېدى مەتنىياز تەستە ئېغىز ئېچىپ ، — كۆرۈشمەستىن نېمە دېگىنىڭىز بۇ ؟ بىز . . . بىز ئاز ئىزدىدۇقمۇ سىزنى ؟

— ئىزدىگۈدەكمىش ! — بوۋاي ئۇنىڭ كۆزلىرىگە مىختەك قادىلىپ تۇرۇپ ئېيتتى ، — ھىم ، مەنلەر مېنى ئىزدىشەمسەن ؟ دادام بار ئىدى ، دەپ يادىڭغا ئېلىشامسەن ؟

بالىلار خىلىغىچە زوۋان سۈرۈشمىدى . ئەمدى ئۇنىڭغا نېمە دېيىش ، نېمە قىلىشلىرىنى بىلمىگەندەك ، بىر - بىرىگە قارىشاتتى . سەن بىر نېمە دە ، سەن دېگىن ، دېگەن ئىشارىدە كۆز ئۇرۇشتۇراتتى . ئاخىر يەنە مەتنىياز ئېغىز ئاچتى .

— دادا ، بىز سىزنى ئىزدىمىگەن بولساق بۇ يەرگە كېلەمتۇق ؟

— ھە ، ئىزدەپسەن . ئىزدەپ نېمە قىلماقچىدىڭ ؟

مەتنۇرنىڭ كۆڭلىگە بىر ئەقىل كەلدى . ئۇ بوۋاينى بىر نېمە قىلىپ چەتكىرەك ئاپىرىشنى كۆزلەۋاتاتتى . شۇڭا ئۇنى ئالداشقا ئۆتتى :

— سىزگە دەيدىغان مۇھىم بىر ئىش چىقىپ قالغاندى . چەتكىرەك بارساق قانداق ؟

— ياقىدا دېمىسە بولمايدىغان قانداق گەپتى ئۇ ؟ ! قولتۇقلىرىڭدا ئادەم كالىلىسى بارمىدى ؟ بويۇنلىرىڭغا شال چۈشكىلى قوپاپمىدى ؟ !

— نەدىكى گەپلەرنى قىلىدىكەنسىز ، دادا ، — مەتنۇرى ئۇنىڭ ئالدىدا زوڭزايدى ، — ئاۋۋال كېپىمىزنى بىر ئاڭلاپ باقمامسىز ؟ بۇ يەردە راستىنىلا دېيىشكىلى بولمايدۇ .

— شۇنداق ، دادا ، — دېدى مەتنىيازمۇ جانلىنىپ ، — بۇ ناھايىتى مۇھىم گەپ ئىدى . تۇرۇڭا ، دادا ، — مەتنىياز سۆزلىگەچ دادىسىنىڭ كۆڭلەكلىرىنى كىيگۈزۈپ ، قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغۇزدى . بىر يېنىغا مەتنۇرى كەلدى .

بوۋاينىڭ مېڭىش نىيىتى يوق ئىدى . ئۇلارنىڭ مۇھىم گەپ دېگىنىنى ئاڭلاپ ، بوشاپ قالدى . ئۇ بالىلىرىنى بىرەر پېشكەللىككە يولۇققان بولسا ، باش قېتىنچىلىقتا مەسلىھەت ئالغىلى كەلگەن چېغى دەپ قالغاندى . گەرچە ئۇنىڭ بالىلاردىن كۆڭلى قالغان ، كۆرەگە كۆزى يوق بولسىمۇ ، يەنە بىر يەرلىرىدە ئۇلارنىڭ خاپىلىق تارتىپ قېلىشىغا چىدىمايتتى .

بالىلار ئۇنى تەخمىنەن 4 ـ 5 يۈز مېتىرچە نېرىدىكى بىر توپا دۆڭنىڭ ئاستىغا ئېلىپ چۈشتى. بۇ يەردە بىر كىچىك ماشىنا تۇراتتى. ئۇنى بالىلار كىرا قىلىپ كېلىشكەنىدى. مەتنىياز كېلىپلا ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى.

— قېنى، ماشىنىغا چىقىڭ!

بوۋاي كەينىگە داجىدى:

— نېمىدەپ چىققۇدەكمەن؟ گېپىڭ بولسا، مۇشۇ يەردە دېيىشمەمسەن؟

— ھەي، دادا! — دېدى مەتنىياز چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ، — ئادەمنى نېمانچە بىزار قىلىسىز؟ ماۋۇ يەرگە چىقىڭ، دېدىم!

مەتنىياز شۇنداق دېگەچ، بوۋاينى ماشىنا ئىچىگە كۈچ بىلەن ئىتتەردى. بوۋاينىڭ يەلكىسى ماشىنا ئىشىكىنىڭ ئۈستى قىرىغا قاتتىق تەگدى. ئۆزى ماشىنىغا چاپلىشىپ قالدى. مەتنىيازنىڭ تەلەتىدىكى بايىقى يۇمشاقلىق، كۈلكە نەگىدۇر يوقالغانىدى. ئۇنىڭ ئورنىنى غەزەپ ئىگىلىگەنىدى.

— سەن... سەن، مېنى ئۇرامسەن؟ دېمەكچى بولغان مۇھىم گېپىڭ شۇمىدى؟! — بوۋاينىڭ چىگىشلىشىپ كەتكەن ساقاللىرى تىترەپ كەتتى. پىلىلداپ قالغان شامدەك كۆنسىز كۆزلىرى غەزەپتىن چېقىن چاقتى. قارىچۇقىدا ۋالىلداپ تۇرغان نەيزە ئۇچىدەك ئىككى تال تىغ پەيدا بولدى، — ئۇرە، مۇشۇ قولاق تۈۋىمىگىلا سالغىنا! ھۇ، تۇزكور ئەبلەخ! سەنلەرنى مۇشۇنداق دۆشكەلەپ قويار، قېرىغىنىمدا تاشلىۋېتەر دەپ بېقىپتىكەنمەن ـ ھە!؟ ئىسىت، ئىسىت، بالا باققۇچە ئىتنىڭ كۈچۈكىنى، ئېشەكنىڭ تەخىيىنى باقسام بولماسمىدى؟

بوۋاي ئالدىدا تۇرغان ئاشۇ ۋاپاسىزلارنى باقىمەن، دەپ تارتقان جاپا ـ رىيازەتلىرىگە بۈگۈن تۇنجى قېتىم قاتتىق پۇشايمان يېدى، ئۆكۈندى. ئاتىلىق مېھرى ئورنىنى نەپرەت ئوتى

ئىگىلىدى

— سىزگە يۈز كېرەك بولىدىغىنى بىلەن ، — دېدى مەتنىياز يەرگە چىرتتىمدە بىرنى تۈكۈرۈۋېتىپ ، — بىزگە كېرەك بولىدىكەن . كىم ؟ دېسە ، خوجايىن مەتنىياز باي دېيىشەتتى . سىزنىڭ تۆپەيلىڭىزدىن يا مەھەللىدە ، يا شەھەردە يۈزۈم قالمايۋاتىدۇ . باللىرى بايۋەچچە ، ئاتىسى تىلەمچى دېيىشىپ يۈرسە ، نومۇس ئەمەسما ؟

مەتنىياز دەۋاتقان بۇ گەپلەرنىڭ تارقىغىنى راست ئىدى . ئۇ مەھەللىدىلا ئەمەس ، شەھەرگىمۇ ئېقىپ كىردى . مەتنىياز نەچچە قېتىم ئىچىپ تەڭشىلىپ قالغان مەستلەر ئېغىزىدىن «خوجايىن» دېگەن ئىسىم ئورنىغا «ھەي قەلەندەر ، چاي كەلتۈرمەمسەن ؟ » دېگەندەك دارىتمىلىق گەپلەرنى ئاڭلاپ قالغاندى . نەچچە — نەچچە قېتىم ئاللىكىملەردۇر ئۇنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ، دادىسى ، دادىسى . . . دېگەندەك باش — ئايىغى يوق گەپلەرنى ئاڭلىغانىدى . ئۇ بۇنداق گەپلەرنى چاپىنىنىڭ چىۋىقىغىمۇ ئالمايتتى . گويىمىغان يەردىن بۇ گەپ مەسچىتتە — نۇرغۇن جامائەت ئالدىدا چىقىپ قالدى . ئۇ جۈمە كۈنلۈكى ئىدى . مەتنىياز نېمە ئىش بىلەندۇر يېزىغا كەلگەنىدى . جۈمە ۋاقتى بولغاچقا ، قېيناتىسى بىلەن بىللە مەسچىتكە كىرگەنىدى .

«بەزىلەر پۇل تېپىۋاتىدۇ . باي ، خوجايىن ئاتىلىپ ھالاۋەت سۈرۈۋاتىدۇ ، — دېگەنىدى ئىمام تەپسىر قىلىۋېتىپ ، — لېكىن كۆچىدىن قالغان ئاتا — ئانىلىرىنى تاشلىۋېتىشتى . ئۇ بىچارىلەر تۇرمۇش موھتاجلىقىدىن تىلەمچىلىك يولىغا كىرىپ كەتتى . ئەي ، مۇسۇلمان باللىرى ! ئاتا — ئاناڭلارغا ۋاپادار ، ئىنساپلىق بولۇڭلار . »

ئىمامنىڭ بۇ سۆزلىرى بارلىق جامائەتكە ئورتاق دېيىلىۋاتقان بولسىمۇ ، بىر نەچچە كىشى لاپ قىلىپ مەتنىيازغا قاراشقانىدى . بۇ قاراشلاردىن مەتنىيازنىڭ يۈزى گۆررىدە ئوت ئالدى .

مەسچىت ئىچى چۆرگىلىگەندەك بولدى. شۇ كۈنى مەتنۇرنىمۇ ئائىلىسىگە پەيدا بولغانىدى. مەتنىياز مەسچىتتىن چىقىپلا مەتنۇرنى تاپتى. ئەھۋالنى ئېيتىپ، دادىسىنى ئىزدەشمەكچى بولدى. ئۇلار كۆپ ئىزدىدى. بارمىغان يېرى ئاز قالدى. ئاخىر مۇشۇ مازارلىقنى بىلىشتى. ئۇلار دادىسىنى ئۆزلىرىنىڭ يۈزىنى چۈشۈرۈۋەتكىنى، ئابرۇيىنى تۆككىنى ئۈچۈنلا قايتۇرۇپ كەلمەكچى، ھېلىقى گەپلەرنى يوقاتماقچى ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭغا تىل سېلىۋاتاتتى:

— ھە . . . نومۇسنى ئەمدى قىلىشىۋاتامسەن؟ — دېدى بوۋاي ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئۇلاپلا، — ئوغلۇم بېرەلمىگەن، كېلىنىم بېرەلمىگەن بىلەن ئىشىكلىرىڭگە تەلمۈرۈپ يۈرگىنىمدە، ئۆيلىرىڭدىن قوغلاشقانلىرىڭدا نومۇس قىلىشمايسەن. ئەمدى نومۇس قىلىشىپ قاپسىنا؟ ھۇ ناتەھلىلەر! ئىت ئېمىپ چوڭ بولغان پەسەندىلەر! سىلەرنىڭ ئابرۇيۇڭنى دەپ، ئاچلىقتىن ئۆلسەم خۇش بولۇشامتىڭ؟ — بوۋاي ھەقىقەتەن دەرد-مۇڭىنى تۆكۈۋېلىشقا، ئىچىنى بوشىتىۋېلىشقا بۇنچىلىك پۇرسەت تاپالماي كەلگەنىدى. بۈگۈن ئۇ بارلىق رەنجىلىرىنى بىر يولى تۆكۈۋالماقچى بولغاندەك، باللارغا گەپ بەرمەيتتى. سۆزلىگەنچە قىزىشىپ كېتىۋاتاتتى، — تىلەمچىمۇ، ساخاۋەتچىلەرنىڭ سەدىقىسىنى يېسەممۇ توق ئۆتتۈم. كۈن بويى ئاچ-زار يۈرگەندىن مىڭ مەرتىۋە ياخشى كۈنگە ئۇلاشتىم. ئۆز پۇشتى خار قىلغان بىلەن ياراتقان ئىگىسى خار قىلمايدىكەن. تېخى ئۆيگە كېتەرمىشمەن. ماقۇل، مەن كېتەي. تىلەمەي، سەدىقە ئالماي. قېنى، مېنى قايسىڭ باقىسەن؟ باققىن دەپ زەمبىلگە كىرىپ يېتىۋالمايمەن، پەقەت ئۈچ ۋاخلىق قارنىمدىن خەۋەر ئالساڭ، بېرىشكە چىدىساڭ بولدى، قانداق؟

— دادا، — بايىدىن بېرى جىم تۇرغان مەتنۇرى زۇۋانغا

كەلدى ، — سىزنى كىم باقمايمەن ، دەپتۇ ؟ مانا مەن باقىۋاتىمەن - غۇ ؟ ناھايىتى شۇ ئۆيۈمنىڭ تارلىقىدىن ۋاقىتىنچە ئاكامنىڭكىدە تۇ- رۇۋاتىمەن . مانا ئەمدى ئۆيلىرىمنى قايتىدىن سېلىپ ئوڭشىۋال- دىم . ئۇدۇللا بېرىپ . . . — ئۇ گەدىنىگە قونغان پاشىنى شاپىلاقلىغان بولۇپ ، گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋالدى .

— شۇ ئەمەسمۇ ؟ — دېدى مەتنىياز يەرگە چىرتتىدە بىر تۈكۈرۈۋېتىپ ، — بىز تۇرغاندا ، — ئۇنىڭمۇ گېپى شۇ يەردە ئۈزۈلدى . بۇلارنىڭ ھەممىسى بوۋايغا ئايان ئىدى . ئۇلار نېمىلا دېگەنبىلەن مەيدىسىگە ئۇرۇپلا ئۇنى ئۆز ئالدىغا تارتالمايتتى . ئەمما ، بوۋاينى بۇ يەردە قويۇپ كېتىشكىمۇ ئۇنىمايتتى . ئاخىر ئۇ بىر نېمە دەپ ، بۇ بىر نېمە دەپ بوۋاينى يۇمشاتتى . ئالداپ - سىلاپ ماشىنىغا چىقاردى . ماشىنا ئۇدۇللا چوڭ ئۆينىڭ — بوۋاينىڭ غېرىبانە ھويلىسىنىڭ ئالدىدا توختىدى .

باللارنىڭ مۇددىئاسىمۇ شۇ ئىدى . ئۇنى مەھەللىگە — ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن گەپ تاپقۇچىلارنىڭ كۆز ئالدىغا ئەكېلىپ قويىسىلا ، باشقىلارنىڭ ئۆسەك سۆزلىرى ، ئارقىسىدىن يوچۇن قاراشلىرى پەسىيەتتى . ئابرۇي - ئىناۋەتلىرىمۇ ئىلگىرىكىدەك ئۈستۈن ، يۈزى يورۇق بولاتتى .

ئوغۇللار ئۆزلىرى ئۈستىدىكى سۆز - چۆچەكلەردىن ھېيىـ قىپ بولسىمۇ ، بوۋايغا يامان ئەمەس قاراشتى . بىر مەھەل گاھى ئوغۇللارنىڭ ، گاھى كېلىن ، نەۋرىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى . بىرى كەتسە ، بىرى كېلىپ ، بوۋاينى يامان ئەمەس كۈتتى . ئۆيىدىن يەيدىغىنى ئۆكسۈپ قالمىدى . ئۈستۈبېشى يېڭىلاندى . بوۋاي ئەمدى ھەر نامىزىدا ئوغۇللىرىنىڭ ئىنساپىنى تىلەشكە ، پاكلانغان روھىغا دۇئا قىلىشقا باشلىغانىدى . كۆڭلىدىكى ئاغرىـ

نىش ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇلماقتا ئىدى . ئۇنىڭ ئورنىنى مۇشۇ كۆڭلىرىگە بولغان قاناتەت ، شۈكۈر قىلىش تۇيغۇسى ئىگىلەپ باراتتى .

## تەقدىر پۈتكەن قىسمەتلەر

ۋاقىت ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ ، شۇنداقلا يەنە ھەممىنى يېڭىلايدۇ ، ئۆزگەرتىدۇ . ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ، ئو-غۇللارنىڭ تاپاۋەت يولى بارغانسېرى كېڭىيىشكە باشلىدى . پۇلى كۆپەيدى . مەتنىياز ناھىيە بازىرىدىكى تۇرار جايىنى خىش - كاھىشلىق قىلىپ ئۆزگەرتتى . ھويلىسىغا ئىككى قاناتلىق تۆمۈر دەرۋازا قويدۇرۇپ ، خۇددى قايسىبىر ئىدارىدەكلا ياسىۋەتتى . دەرۋازىسىنىڭ ئىككى يېنىدىكى چاقچۇق بېسىلغان قورۇ تېمى كېچىدىكى چىراغ يورۇقىدا كۆز چاقنىتاتتى . بۇ تۆمۈر دەرۋازى-نىڭ ئىچىگە قىزىل سىرلىق كىچىك ماشىنىدىن بىرى پەيدا بولدى . مەتنىياز رېستورانغا ئاشۇ ماشىنا بىلەن باراتتى . كاس-تۇم ـ شىممىنىڭ مودىسىنى كىيىپ ، گالستۇك چىگىپ ، پوكەي ئالدىدىن قوپماي پۇل سانايتتى . خىيالىدا رېستوران ، پەقەت رېستوراندىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىدى . ئالدىدا «خوش» دەپ تۇرىدىغان خىزمەتچىسى نەچچە ئونغا يەتكەنىدى . مەتنۇرى بول-سا ، ئىلگىرىكى ئېلىپ ـ ساتارلىقىنى تاشلاپ ، نەچچە ئاي ئالدىدا ئىچكىرىگە كىرىپ كەتكەنىدى . ئۇنىڭ زادى قەيەردە نېمە ئىش قىلىۋاتقىنىنى بالا ـ چاقىلىرىمۇ بىلمەيتتى .

مەتيا بوۋاي يەنە ئاچ ، ئىگىسىز قالدى . ئۇ يەنىلا ئۆز ئۆيىدە تۇرۇۋاتاتتى . مەتنۇرىغۇ يۇرتتا يوق . ئاشۇ 9 ـ 10 كىلومېتىر نېرىدىكى ناھىيىدە تۇرۇۋاتقان مەتنىياز گويا قىلىدى-غاننىڭ ھەممىسىنى قىلىپ بولغاندەك ، بوۋايغا ، ماۋۇنى تاپتىم

خەجلەپ تۇر ، ماۋزۇنى يەپ تۇر دېيىشىنىمۇ ئۇنتۇپ كەتكەندى . ئۇنى پەقەت 15 ـ 20 كۈندە بىر كېلەلەيدىغان ئاشۇ قىزىلا يوقلاپ تۇرۇۋاتاتتى . لېكىن ، ئۇنىڭ ئائىلىسىمۇ ئۆز كۈننى تەستە ئۆتكۈزەتتى . كۈنلەر ئۆزارغانسېرى ، بوۋاي يەنە بولالماي قالدى . ئۇنىڭ ھېچنېمىگە ئامالى يوق ئىدى . چۈنكى ئۇ كەتمەن چېپىشتىن باشقا ھېچقانداق ئىشنى بىلمەيتتى . مۇشۇنداق ئېغىر كۈنلەردە تۆت تەڭگە تېپىپ ، خەجلىگۈدەك كىچىككىنە بىر ھۈ- نەر ـ كەسپى بولسىچۇ ؟

دەرۋەقە ، ئۇ دېھقان ئۆيىدە تۇغۇلدى . ئېتىزدا ئۆسلەپ ، كەتمەن سېپىغا يامىشىپ ئايىغى چىقتى . ئانا ، ئاش ـ نان ، بۇغداي ، قوناق ، چامغۇر ، پىياز دەپ تىلى چىقتى . قولى ئىشقا تېگىپلا ، ئالىقىنى كەتمەن سېپىدىن ، دولىسى تاغاردىن ئاجرى- ماي چوڭ بولدى . ياشلىقى ، كۈچ ـ ئەقلى يەر تېرىش ، ھوسۇل يىغىش ، يەنە تېرىشتىن ئىبارەت چېكى يوق مېھنەت ئىچىدە خوراپ تۈگىدى . ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇپ ، بېشىغا بالا ـ چاقى- نىڭ غېمى چۈشكەندىمۇ بىرەر ھۈنەر ئۆگىنىپ قويۇش ئەقلىگە كەلمەپتۇ . كەتمەن ھەممىگە قادىردەك ، ھەممىنى كەتمەن ، پە- قەت ئاشۇ كەتمەنلا بېرەلەيدىغاندەك ، تۇرمۇشنىڭ ئېغىر يۈكى چۈشكەندە «يېڭى يول تاپتىم» دەپ ئوتۇن كولاپ يۈرۈپتۇ . ئوتۇنچىلىقتىن تاپقان ئاشۇ تۆت تەڭگە ئۇنىڭغا باشقا كەسىپنىڭ يولىنى ئىزدەتمەپتۇ . ئۇ كەتمىنىنى ھەممىگە ئەسقاتىدۇ . قېرى- غاندا كۈچتىن قالغاندىمۇ تۇرمۇش يولۇمنى تېپىپ بېرىدۇ ، دەپ ئويلىدىمىكىن ؟ ياق ، كەتمەندىن يامانلىغىلى ، ئۇنىڭ ھاياتلىقتى- كى رولىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ . بوۋاي پۈتكۈل ئاتىلارغا ئوخشاش كېيىنكى ئۆمىدىنى ئەۋلادلىرىغا باغلىغان . لېكىن بۇ ئۆمىد ئاشۇ بارامسىز ئەۋلادلىرى تەرىپىدىن يەرلىككە قويۇلغاند- دى .

«بۇنداق جان قىينىغۇچە كېتەي ، ـــ دېگەن بىرلا ئوي

بوۋاينىڭ كۆڭلىدە يەنە باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى ، — بىراق ، يەنە شۇ مازارغا كېتەرمەنمۇ ؟ ئۇ يەرمىغۇ ئوبدان يەر . كۈنۈمنى ئۆتكۈزەلەيمەن . لېكىن بۇ پەسەندىلەر بار ، يەنە «يۈزىمىزنى تۆكتۈڭەي ، پالان - پۈستانەي ، دېيىشىپ ، تىندۇرارمۇ ؟ «ئا- ۋامنىڭ ئېغىزى ئالتە ، بولىدۇ . ماڭا ئېچىنىپ ، ئىچىنى ئاغرى- تىشىپ ، بۇ ئەبگارلارنى ئەيىبلىمەيدۇ دېگىلى بولمايدۇ . ئۇ چاغدا يەنە كۆتىگە چىۋىن قونۇپ ، مېنى ئىزدەشكە ، تىللاپ - دۆشكەلەشكە باشلايدۇ . يا باشقا ئۇزاقراق بىر جايغا كېتەيمى- كىن ؟ ئويلاۋېتىپ ، بوۋاينىڭ ئېسىگە گۇپپىدە بىر كىشى كەل- دى . توغرا ، سادىقنىڭ قېشىغا بارمايمەنمۇ ؟ ئۇ ئۆزى ئېيتقان ئەمەسمىدى ؟ » بوۋاينىڭ كۆڭلى بىردىنلا يورۇپ كەتكەندەك بول- دى . سادىق دېگىنى ئۇنىڭ بىر قورساق ئىنىسى ئىدى . سادىق مەتيادىن 10 ياش كىچىك بولۇپ ، خەلق كوممۇنىسىنىڭ يارام- لىق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ بىرى ئىدى . نېمىشقىكى ، كەنتنىڭ سىرتىدا قونۇپ ئىشلەيدىغان ئىش بولۇپ قالسىلا ، 4 - 5 ئادەمنىڭ ئىچىدىن سادىقنىڭ ئىسمى چىقماي قالمايتتى . ئۇنى قىشتا چولڭ ئەترەتنىڭ ھاك پىشۇرىدىغان خۇمدىنىغا ، كۈزدە تاغدىكى بىنەمگە بېدە ، پۈرچاق ئورۇشقا ياكى ئايىغى ئۈزۈلمەي- دىغان سۇ قۇرۇلۇشىغا ئەۋەتىپ تۇراتتى .

سادىق بارغانسېرى بۇ ئىشلاردىن بىزار بولۇشقا باشلىدى . ئۇنىڭمۇ كەنتتە تۇرۇپ ، تەبىئەتنىڭ ياز ، كۈز نېمەتلىرىدىن بەھرىلەنگۈسى كېلەتتى . كۈنلىرى ئەمگەك بىلەن ئۆتكەندىمۇ ، ئادەم كۆپ يەردە تۇرۇپ ، دوستلىرى ، تەڭتۇشلىرى بىلەن ئو- يۇن - كۈلكىدە بىللە بولغۇسى ، قايسىبىر قىزلارنىڭ شوخ كۈلكىسىنى ئاڭلاپ ، يەر تېگىدىن نازلىنىپ قاراشلىرىنى كۆ- رۈپ ھۇزۇرلانغۇسى ، ئىشقىلىپ ، ياشلىق ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرگۈسى كېلەتتى . ئەمما ، ئەترەت باشلىقى باشقا ئادەم تاپالمى- غاندەكلا ، سىرتقا شۇنىلا خەتلەپ بېرەتتى .

مەتيا بوۋاي ئىنىسىنىڭ بالىلىق چاغلىرىنى ئويلاۋېتىپ ، ئۇنىڭ يۈرتتىن چىقىپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان بىر ئىشنى ئەسكە ئالدى . ئۇ ئوتتۇز يىل بۇرۇنقى ئىش ئىدى . ئۇنى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن ئايرىپ ، مۇساپىرلىق تۇرمۇشقا دۇچار قىلغان تەقدىرنىڭ مۇقەددىمىسى ئەنە شۇ كۈنى باشلانغانىدى .

يازنىڭ باشلىرى ئىدى . مەھەللىدە ئۇجمىلەر پىشىپ ، خۇندەكنىڭ[1] ئالدى سارغىيىشقا باشلىغانىدى . بىر كۈنى كەچتە ئەترەت باشلىقى سادىقنى چاقىرىشقا ئادەم ئەۋەتتى . ئۇ كەلگەندە ئەترەت باشلىقى ئەترەت دەرۋازىسى ئالدىدىكى كۆۋرۈكنىڭ ئورۇندۇقىدا زوڭزىيىپ ئولتۇراتتى . كۆۋرۈك ئۈستى بۈككىدە سۆگەت سايىسى ئىدى .

— سېنى قولىقى يۇمشاق ، ئىشقا چىدامىلىق دەپ ، ئەترەتنىڭ كالىلىرىنى بېقىشقا بەلگىلىدۇق ، — دېدى ئۇ ئاق بۆكىنى تىزىغا كىيگۈزۈپ تۇرۇۋېتىپ ، — كەچكىچە نان ـ پېنىڭنى تەييارلاپ ، ئەتىگەندە ھەيدەپ كېتىڭلار . سەن بىلەن يەنە ئىككى ئادەممۇ بار .

سادىقنىڭ يۈرىكى قارتتىدە قىلىپ قالدى . ئەترەتنىڭ كالا باقىدىغان يېرى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى . پۈتۈن كەنتنىڭ كالىلىرى بېقىلىدىغان يالدام دېگەن بۇ قومۇشلۇق كەنتتىن قاق بىر كۈنلۈك يىراقلىقتا ئىدى . چەكسىز كەتكەن قۇم بارخانلىرى باغرىدا ئاپىرىدە بولۇپ قالغان بۇ زەيكەش ئويماندا قومۇشتىن باشقا سايىدىغۇدەك بىرەر تۈپ دەرەخمۇ يوق ، كۈندۈزى قاقرامدا ، كېچىسى پاشىنىڭ دەردىدە قىينىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ھازىر چىقىپ كەتسە ، كۈزدە يەر ئاغدۇرۇش ۋاقتى كەلمىگۈچە قايتىپ كەلگىلى بولمايتتى . پۈتۈن بىر ياز تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكى ، يازنىڭ نېمەتلىرىنى كۆرمەي ئۆتۈپ

---

① خۇندەك ـ چىلگە ئۆرۈك .

كېتىدىغان ئىش ئىدى. سادىق ئاڭلاپلا گۆلەيدى:
— بالدۇرقى پادىچىلار نېمە قىلىدىكەن؟
— نېمىسىنى سورايسەن؟ — ئۇنىڭدىن بۇنداق جاۋاب چىقىشىنى ئويلىمىغان ئەترەت باشلىقى كىچىككىنە تۇرۇپ قېلىپ دېدى، — بۇ دۆرەم سېنى خەتلىدۇق. چىقىپ كالا بېقىشنى بىل!
— بارمايمەن!
— نېمە؟ ئۆز ئالدىڭغا سوقۇۋالغان شىپىنىڭ[1] بار ئوخشىمامدۇ؟ بارمايمەن دەيدا تېخى.
— بارمايمەن دېدىم، قانداق؟ كەنت سىرتىدىكى ھاشارنىڭ ھەممىسىنى مەن كۆتۈرە ئاپتىكەنمەنما؟ سىرتىنىڭ ئىسسىق - سوغۇقىنى، بوران - يامغۇرىنى كۆرۈپ باقمىغانلارمۇ بارسۇنا قېنى!
— ماۋۇ چۇغدەكنىڭ گېپىنى! دېگىنە قېنى، سىرتنىڭ ئىشىغا كىم بارماپتۇ؟ سەن . . . سەن بىزنىڭ ئائىلىنى دەۋاتامسەن؟
— ئېسىڭىزدە بار ئىكەن - ھە؟ كوممۇنا ئەزاسى بولغاندىكىن، شۇنداقلارمۇ بېرىپ باقسا بولىدۇ
ئەترەت باشلىقى ئورنىدىن چاچراپ تۇردى:
— ئەجەب قاۋايدىكىنە، ماۋۇ كاسكى!
— كاسكى دېگەن سەن!
— يەنە قاۋايسىنا؟ ئېغىزىڭ ئەجەب ئىتتىكىنە سېنىڭ؟ مېنى قايسى ئېغىزىڭدا تىللاۋاتىسەن؟ مۇشۇ ئېغىزىڭدىما؟ — ئەترەت باشلىقى دىۋەيلەپ كەلگىنىچە ئاخىرقى گېپى بىلەن تەڭ سادىقنىڭ ئاغزىغا مۇشت بىلەن بىرنى سالدى. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە سادىقنىڭ ئېغىز - بۇرنى قانغا بويالدى.

---

① شىپىن - تارازىنىڭ سېپى

ئۇنىڭ ئىككىلا كالپۇكى يېرىلىپ كەتكەنىدى .
سادىق ئاكىسىغا ئوخشاش بۇرۇقتۇرما ئەمەس ئىدى . نا-
ھەقچىلىكنى ئىچىگە يۇتالمايتتى . خۇسۇسەن ، بوگۇنكىدەك
ئۆكتەملەردىن ئۆچىنى ئالماي بولدى قىلمايتتى . جاۋغايلىرىدىن
ساقىۋاتقان قاننى كۆرۈپ ، ئۇنىڭ جەھلى قاتتى . قېنى قىزىپ ،
ئەتراپنى بىر پىرقىراپ توختىدى . يان تەرەپتىكى سۆگەت سايە-
سىدە بىر دېھقان كەتمىنىگە شىنا قېقىپ ئولتۇراتتى . سادىق
كاپ قىلىپ ئۇنىڭ كەتمىنىنى يۇلۇۋالدى . ئۇنى ئېگىز كۆتۈر-
گىنىچە ئەترەت باشلىقىغا يوپۇرۇلۇپ كەلدى . ئەترەت باشلىقى
نېمە قىلارىنى بىلمىدىمىكىن يا ئۇرالمايدۇ ، دەپ ئۆزىگە تەمەننا
قويدىمىكىن ، ئۇنىڭغا قادالغىنىچە تۇرۇپ قالغانىدى . سادىق
كۆتۈرگەن كەتمەن زەرب بىلەن پەسكە چۈشتى . ئۇ تېگىمىغان
بولسا ، بوش تەگمەيتتى . ئۆلۈم يا كۆرۈم ئىشى قاش بىلەن
كىرپىك ئارىلىقىدا قالغانىدى . ئەترەت باشلىقىنى غۇژژىدە ۋە-
ھىمە باستى . يۈرىكى ئېغىزىغا قاپلىشىپ ، كۆزلىرى چانىقىدىن
چىقىپ كەتتى . دەۋرەپ كەلگەن قازاغا ئامال قىلماي بولمايتتى .
ئۇ شارت قىلىپ يان تەرەپكە داجىدى . ئەمما ، يېقىنلاپ قالغان
كەتمەن مۇرىسىگە كاچ قىلىپ تەگدى . ئۆزى بولسا ، داجىغان
يېرىگىلا ئولتۇرۇپ قالدى . . .
شۇ كېچىسى سادىق مەھەللىدىن تىمتاسلا يوقاپ كەتتى .
ئۇ چىقىپ كېتىپ 15 يىلدىن كېيىن بىر قېتىم كەلدى .
ئۇرۇمچى تەرەپتە كۆمۈر كېنىغا ئورۇنلىشىپ قالغانىدى . شۇ
يەردە ئۆيلىنىپ ، خوتۇنى بىلەن بىللە كەلگەنىدى . بۇ مەتيالار-
نىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن ، مەتنىياز 13 ـ 14 ياشلارغا
كىرگەن چاغلار ئىدى . سادىق ئىككىنچى قېتىم تاجىخان موماي
ئۆلۈپ كېتىپ ، قىرقى ھېرىلىۋاتقاندا كەلدى . ئۇ بۇ قېتىم بىر
ئايچە تۇردى . سادىق جىيەنلىرىنىڭ تازا ياخشى ئادەم بولۇشمى-
غىنىنى تۇيۇپ قالغان بولسا كېرەك ، كېتەر ۋاقتىدا ئاكىسىغا :

«ناۋادا كېيىنچە خارلىق تارتىپ قالغۇدەك بولسىڭىز، مېنىڭ يېنىمغا بېرىڭ. بار - يوقنى تەڭ كۆرۈپ، بىللە ئۆتەرمىز. يەڭگىڭىزمۇ ئۇسال خوتۇن ئەمەس، خۇش بولىدۇ» دېگەنىدى.

بوۋاي ئىنىسىنىڭ ئاشۇ گەپلىرىنى ئەسكە ئېلىپ، كۆڭلى يورۇپ كەتكەندەك بولدى. روھىي بېسىمى يېنىكلىدى. ھايات شامىغا قايتا ئوت تۇتاشتى. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن، ئۆي بىساتلىرىنى بىر - بىرلەپ سېتىشقا باشلىدى. ئاخىرىدا خۇپىيانە ھالدا ئۆيىنىمۇ سېتىۋەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ نەزىرىدە تاشلاپ كېتىشكە قىيمىغۇدەك ھېچنېمىسى قالمىغانىدى. بىرلا يېرى، مەرھۇمەسىنىڭ تۇپرىقىنىڭ دۇئاسىز قېلىشىنى ئويلىسا، ئۇنىڭغا تارتىشىپمۇ قالاتتى. لېكىن، ئاخىرقى ھېسابتا نېمە ئامال؟ ئاخىرەتتە كۆرۈشۈشكە نېسىپ بولار، دەپ تەسەللى تاپتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئۆزى تاللىغان خەيرلىك ئەتىگەنلەرنىڭ بىرىدە ھاسىسىنى قولىغا ئالدى. تاجىخان موماي تىكىپ بەرگەن ھېلىقى جىلتىكىسىنى ئېچىگە كىيدى. مەھەللىنىڭ باش تەرىپىنى نىشانلاپ جىگدىلىك باغقا كەلدى. بۇ ئۇنىڭ ياشلىقىدىكى سۆيۈملۈك جايى ئىدى. شۇنداقلا ئۇنىڭ يان تەرىپىدىكى كونا زاراتگاھلىقتا قەدىردان مومىيى ياتاتتى. ئۇ سانسىزلىغان كونا - يېڭى قەبرىنى ئارىلاپ، ئاددىيغىنا كېسەك گۈمبەزلىك بىر قەبرە ئالدىدا توختىدى. ئۇ سېغىز لايدا بولسىمۇ چىرايلىق سۇۋالغان، ئالدىغا كىچىككىنە ئېرىق تارتىلىپ، تۆت تۈپ ئۈجمە كۆچىتى تىكىپ قويۇلغانىدى. بوۋاي جۈمە كۈنى چېلەك بىلەن سۇ توشۇپ، كۆچەتلەرگە قۇيۇپ قويغاچقا، قېرىمنىڭ نېمى تېخى كەتمىگەنىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاخىرقى قېتىم يەنە بىر نۆۋەت سۇ قۇيۇپ قويغۇسى كەلدى. ئېرىقتىن ئالتە يول سۇ توشۇپ، قېرىمنى لىقلىدى. ئاندىن قەبرە ئالدىغا يۈكۈنۈپ، ئادىتى بويىچە قىرائەت قىلدى. ئاۋازى تولىمۇ مۇڭلۇق بولۇپ، دەم ھازا ئېچىپ يىغلىغاندەك، دەم تۆگە بوتىلىقىنىڭ بوزلىشى-

دەك ئاڭلىناتتى . بۇ مۇڭلۇق نىدا ئەتىگەننىڭ غۇر ـ غۇر شامىلىدا يىراق ـ يىراقلارغا كېتەتتى . بوۋاي دۆئادىن كېيىن نېمىدۇر بىر ئىشى چالا قالغاندەك ، قەبرىنى ئىككى قېتىم ئايلاندى . لېكىن ئۇنىڭ نېمە ئىشلىگىنى تاپالمىدى . كېيىن بەلۋېغىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ ، قەبرە بىلەن خوشلاشتى . شەھەرگە كىرىپ ، شۇ كۈنى چۈشتىن كې-يىنكى بىر ئاپتوبۇس بىلەن مۇساپىرلىق سەپىرىنى باشلىۋەتتى .
تۇنجى كۈنى ئاپتوبۇستىكىلەردىن ھېچكىممۇ بوۋايغا دىققەت قىلمىدى . ماشىنا قوشنا ناھىيىدىن چىققاچقا ، يولۇچىلارنىڭ ھەممىسى بوۋايغا ناتونۇش ئىدى . ئۇنىڭ بىلەن ھېچقايسىسىنىڭ چاتىقى يوق ئىدى . ئۆزئارا پاراڭلىشاتتى ، كۈلۈشەتتى ، چاقچاق-لىشاتتى ، كۆرگەن ـ ئاڭلىغان ئاجايىپ ـ غارايىباتلىرى ئۈس-تىدە ھېكايە قىلىشاتتى . قايسىدۇر بىر جايدا قاتتىق يەر تەۋ-رەپ ، نۇرغۇن ئۆي ـ ئىمارەتنى ئادەم ـ پادەملىرى بىلەن قوشۇپلا يەر يۇتۇپ كەتكەنلىكى ئۈستىدە تالىشاتتى . ئۇنىڭ يېنى-دا ئولتۇرغان بىرى ياش ، بىرى ئوتتۇرا ياشلاردىكى ئىككى كىشىمۇ يېنىدا ئۈچىنچى بىر كىشىنىڭ بارلىقىغا پەسەنت قىل-مىغاندەك ، بوۋايغا قاراپمۇ قويمايتتى . ھامان باشقىلار بىلەنلا پاراڭ سېلىشاتتى . ھېچبولمىغاندا قەيەردىن چىقتىڭىز ؟ نەگە بارىسىز ؟ دېگىلىمۇ ئادەم يوق ئىدى . بوۋاي بۇلاردىن ئاغرىنمى-دى . پەقەت بولۇۋاتقان گەپ ـ سۆزلەرگە قۇلاق سالغاچ ، كۆزد-نى يېرىم يۇمۇپ ، جىمىدە ئولتۇراتتى . ماشىنىنىڭ ئەللەيلە-شى ئاستىدا كۆزلىرى ئۇيقۇغا كېتىپمۇ قالاتتى . ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە ، ماشىنا يول بويىدىكى بىر ئۆتەڭدە توختىدى . ئۇ غىلىڭ ساي ئۈستىگە ئاپىرىدە قىلىنغان خېلى ئاۋات بىر بازار بولۇپ ، ئىككى قاسىنقى ئاشخانا ـ ناۋايخانىلار بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى . ماشىنا توختاش بىلەنلا مېۋە ـ چېۋە ، تۇخۇم ، ئۇسسۇزلۇق كۆتۈرۈۋالغان بىر توپ بالا ماشىنىغا ئولاشتى .

بوۋاي كۆزىگە كىرىۋالغان بىر بالىدىن بەش تۇخۇم ئېلىپ ، يانچۇقىغا سالدى . ئاندىن باشقىلارغا ئەگىشىپ ، بىر ئاشخانىغا كىردى . ئىسسىق تاماق يېگەچ ، بىر نەچچە پىيالە چاي ئىچىۋال-دى . مانا شۇ ئاشپۇزۇلدىن چىقىپلا ، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ كەلگەن ياش يىگىت بىردىنلا بوۋايغا «ئىلتىپات» كۆرسىتىشكە باشلىدى .

— ئالدىرىماي چىقسىلا ، ئاكا ! — دېدى ئۇ بوۋاي ماشىنا ئىشىكىنىڭ تۇتقۇچىغا قول ئۇزىتىۋاتقىنىدا ، — توختىسىلا ، مەن يۆلىۋېتەي ، ھە . . . ئەمدى چىقسىلا ، — ئۇ بوۋاينى يۆلەپ ماشىنىغا چىقتى .

— رەھمەت ، بالام ، رەھمەت ! — بوۋاينىڭ قەلبىگە تولىمۇ ئىللىق بىر سېزىم كىرىپ كەلگەندەك ، كۆڭلى كۆتۈرۈ-لۈپ ، ھاردۇقى چىقىپ قالغاندەك بولدى . يىگىتنىڭ ئىنساپلىق چوڭ بولغىنىغا مەستلىكى كەلدى . «مەتنىياز ، مەتنۇرلارنىڭ ئۇكىسىچە باركەن ، — دەپ سېلىشتۇردى ئۇ كۆڭلىدە ، — لېكىن بۇ ئەقلى بار ، دىيانەتلىك بالا بوپتۇ . . .»

شۇنىڭدىن كېيىن پاراڭ ئىشىكلىرى ئاستا - ئاستا ئېچىل-لىپ كەتتى . ئۆزئارا تونۇشۇش باشلاندى .

— دادامدەكلا ياۋاش ئادەمكەنلا ، — دېدى يىگىت ئۇنىڭغا ئىككى دانە ئەنجۈرنى سۇنۇۋېتىپ ، — ئالسىلا ، يېگەچ ماڭىلى . تونۇگۇندىن بېرى جىممىدە ئولتۇرىلا . ئارتۇق - تۇشەك گەپلى-رىمۇ يوقكەن . بىر يەرلىرى ئاغرىپ قالمىغاندۇ ؟

— يوقسۇ بالام ، يوقسۇ ، خۇدايىم بۇيرۇسا ساق . تەندۇ-رۇس ئادەممەن . ئەمدى شۇ ، بىرەرسىلىرىنى تونۇمىغاندىكىن ، جىم ئولتۇردۇم .

— ئۈرۈمچىگە ماڭدىلىمۇ ؟ ئوقۇشتا باللار بولسا ، يوقلاپ ماڭدىم دېسىلە ؟ قايسى مەكتەپكە ئۆتۈپتىكى ؟

— ياق ، ياق ، ئوقۇيدىغان بالىمىزمۇ يوق . شۇ

تەرەپلەردە . . .

— ھە . . . خىزمەتتە بار دېسىلە؟ مانا، مېنىڭ ئاكاممۇ ئۇرۇمچىدە خىزمەت قىلىدۇ . ئوقۇشقا كېلىپ ئورۇنلىشىپ قالـ- غان . بىز ياقلاردىن ئوقۇشقا كېلىپ ئۇرۇمچىدە ئىشلەپ قالغان- لار تولا گەپ . سىلىنىڭ بالا . . .

— بالا ئەمەس، بىر ئىنىم بار . . .

— مانا مەن دېمىدىممۇ؟ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بار ئىكەن ئەمەسمۇ؟ — يىگىت بوۋايغا گەپ بەرمەيتتى . ئۇنىڭ گەپلىرىـ- نى يېرىمىدىلا ئۈزۈۋېتەتتى . ئاخىرى چىقمىغان گەپلىرىگە ئۆز پەرىزىنى ئۇلاپ، بوۋاينىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپماقچى بولاتتى . بوۋاي تەمتىرەيتتى .

— بۇمۇ بولىدىغان گەپ، — دېدى يىگىت گېپىنى داۋام قىلىپ، — «چىشىڭنىڭ بارىدا گۆش يە، كۆچۈڭنىڭ بارىدا يۇرت كۆر» دەيدىغان گەپ بار ئەمەسمۇ؟ تۇغقانلارنىڭ باھانىسىـ- دە كۆرۈپ كېلەي، دەپتىلا . بۇرۇنمۇ چىققان بولغىيتتىلە؟

— بۇ تۇنجى كېلىشىم . ئۇ يەرلەر توغرىسىدا ئاڭلىغان . بېرىپ باقمىغان . بۇ دو . . . — بوۋاي ئۆزىنى كىچىككىنە تۇتۇۋالدى . ئۇنداق بولمىغاندا، باللىرىنىڭ يامىنىنى دەپ تاشـ- لىغان بولاتتى . ئۇنىڭ ئۇنداق قىلغۇسى كەلمىدى . ئاشۇ كۆيۈمـ- سىز باللارنى تىلغا ئالسىلا جۇدۇنى ئۆرلەپ قالاتتى . بۇ يەردە ئۇ ئىشلارنى دەپ ئولتۇرۇشنىڭمۇ پايدىسى يوق . ئەھۋالنى بىلـ- مەيدىغان خەقلەر بوۋاينى كوت - كوتكەن، غەيۋەتخوركەن، دەپ قېلىشى مۇمكىن . شۇڭا ئۆز ئابرۇيىنى ساقلاپ، گېپىنى مۇجـ- مەللا ئاخىرلاشتۇرۇۋەتتى، — بۇ دو مۇنداق بىر ئايلىنىپ كېلەي دېدىم .

— ئادەم دېگەندە خىلمۇخىل ھەۋەس بولىدۇ . كۆرۈپ كېلەي، دېگەنلىرىمۇ بوپتۇ . ئۇرۇمچى دېگەننىڭ بارغۇ، ھەقىقەـ- تەن بىر كۆرگۈچىلىكى بار شەھەر دېسىلە . مانا، يات بولساقمۇ

تونۇشۇپ قالدۇق. سىلى بېرىپ باقمىغان بولسىلا، بىز تو-
بارغان. ھەر بىر كوچىسى بەش قولدەك پىششىق بىزگە. خۇدا
بۇيرۇسا، مانا ئۆزۈم چۆرگىلىتەي سىلىنى.
— خۇدا بۇيرۇسا، — بوۋاي يېنىككىنە تىنىپ قويدى.
ئۇلار يول بويى نۇرغۇن تېمىلاردا سۆزلەشتى. بوۋاي ساددا
ھەم راستچىل ئىدى. يىگىتنىڭ سوئاللىرىغا سەمىمىيەت بىلەن
جاۋاب قايتۇراتتى. ئۇنىڭ كۆپنى كۆرگەن كىشىلەردەك قەيەر-
دىن دېسە، شۇ يەردىن چىقىدىغان پاراڭلىرىغا ئەستايىدىل قۇلاق
سالاتتى. مۇڭداشقانلىقىدىن ھۇزۇرلىنەتتى.
يىگىت بولسا تۈيغۇن، قىزىق ئىدى. بوۋاينى پاراڭلار بىلەن
ئۆز مۇددىئاسى بويىچە ناھايىتى ئەپچىل يېتىلەپ كېتىۋاتاتتى.
ئۇ شۇ كۈنى بىر كۈنلۈك سۆھبەت داۋامىدا مەتىيا بوۋاينىڭ
پۈتكۈل ئەھۋالىنى ئىگىلەپ بولدى. ئۆزىنىڭ سۆزمەنلىكى،
ياسىما تەكەللۇپلىرى بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىگە يېقىپمۇ ئۈلگۈردى.
باشتا ئۇ مەتىيانىڭ ئاددىيغىنا ئۇستىۋېشى، كىچىككىنە يۈك-
تاقىنىڭمۇ يوقلۇقىغا قاراپ، بىر جان، ئون سەككىز قوۋۇرغى-
سىدىن باشقا بىر نېمىسى يوق يالاڭ تۆش ئوخشايدۇ،
پىتلىق... دەپ، ئانچە ئېتىبار قىلىپمۇ كەتمىگەنىدى. ئەك-
سىچە بىر ئىنجىق، ئۆلەمجان قېرى بىلەن بىر ئورۇندا ئولتۇ-
رۇپ قالغىنىدىن يىرگىنىپ كېلىۋاتاتتى. لېكىن، ھېلىقى ئۆ-
تەڭدىكى ئاشخانىدا بوۋايغا قاراپ كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى.
تۈنۈگۈندىن بېرىقى ئوي- تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ تامامەن خاتالىقىنى
سېزىشكە باشلىدى.

ئۇ تەخسىدىكى ئاخىرقى بىر قوشۇق پولۇنى قىرىپ-
يىغىۋېتىپ، بوۋاينىڭ ئاشخانا خوجايىنىغا پۇل سۇغۇرۇپ
بېرىۋاتقان قوللىرىغا قاراپلا قالغانىدى. «توۋا، بۇ قاسماق
قېرىنى؟ — دېيىتتى ئۇ قوشۇقنى ئېغىزىغا تەڭلىگەن پېتى
تۇرۇپ، — بىر كالالەك پۇلنى سىقىمداپ تۇرامدۇ نېمە؟ تېخى

ھەممىسى يۈز ، ئەللىك كويلۇق چوڭ پۇللاركەن . قارىغاندا تازا قۇۋ ئوغرى بولسا كېرەك . مۇشۇ كۈندە تىجارەتچىلەرنىڭ بەزىسى ئاشۇنداق قۇۋلىشىۋالدى . يامان كۆزلەر چۈشۈپ قالمىسۇن ، دەپ كونا چاپان ، قۇيماق تەلپەكلەرنى كىيىۋالىدۇ . ئەمما ، قوينىدا بولسا تۈگۈم - تۈگۈم پۇل . . . خەپ ، قېرى ، ئاپتوبۇستا باشقا ھامىي - پامىيلىرىڭ بولۇپ قالمىغىيدى ؟ »

يىگىت ئاشۇ خىياللار ئىچىدە تەخسىنى قويۇپ ، ھاپىلا - شاپىلا بوۋاينىڭ كەينىدە ئۈندى . بوۋاي بۇ «كۆيۈمچان ، مۇڭداشقاق» يىگىتنىڭ كۆڭۈل ئاسمىنىدا پەيدا بولغان قارا بۇلۇتنى كۆرەلمەيتتى . ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ تېگىگە قانداق سىر - شۇملۇقلارنىڭ مۆككەنلىكىنى تېخىمۇ بىلمەيتتى . ئەكسىچە ئۇنى ياقتۇرۇپ قېلىۋاتاتتى . ئۆزىگە يېگانە سەپەر ئۈستىدە مۇنداق بىر ياخشى ھەمراھنىڭ تېپىلىپ قالغىنىدىن خۇرسەن ئىدى . ئۇ شۇ كۈنى كەچتە يول ئۈستىدىكى بىر بېكەتتە خېلى كۆپ ئادەم چۈشۈپ قالدى . ئەمدى ئاپتوبۇسنىڭ ئىچى خېلىلا ئازادىلىشىپ قالغان ، بوۋاي ئولتۇرغان ئورۇندىمۇ ھېلىقى يىگىت بىلەن ئىككىسىلا قالغانىدى .

— ئىككى كۈندىن بېرى ، — دېدى يىگىت ماشىنا قوزغىلىش بىلەن ، — قىستا - قىستاڭچىلىقتا ئەجەب قىينالدىلا - ھە ، دادا ؟ مانا ئەمدى كەڭتاشا قالدۇق . ماڭا يۆلىنىپ ، پۇتلىرىنى بىردەم سوزۇۋالامدىلا ؟

— ياقەي ، سىلىگە ئېغىرىمنى سالسام قانداق بولىدۇ ؟ بولدى ، مۇشۇنداق ئولتۇرۇۋېرەي .

— ھەي ، ئېغىرىمنى سالماي دېگەنلىرى نېمىسى ؟ كەلسىلە ، كەلسىلە ، مېنى ئۆز بالام دەپ ، باشلىرىنى قويىۋەرسىلە . ما پۇتلىرىنى سۇنۇپ ، ھە . . .

يىگىت مەتيانى زورلاپ دېگۈدەك يېنىغا قىيسايتتى . بېشىنى ئۆزىنىڭ قۇچىقىغا قويغۇزۇپ ، ئورۇندۇق ئۈستىگە يېرىم

ياتقۇزدى . بوۋاي تۇزۇت قىلىپ باققاندەك قىلسىمۇ، يىگىتنىڭ بۇ قىلغىنى كۆڭلىگە يېقىپ قېلىۋاتاتتى . كۆڭلىدە خۇددى يە-گىتنىڭ دېگىنىدەك، بىردەم يېنىچە يېتىۋالغۇسى بار ئىدى . قولىشىپ كەتكەن پۇتلىرىنى سوزۇپ - تۇزلىۋېلىشنى خالايت-تى . شۇڭا، يىگىت بىلەن كۆپ تارتىشىپ ئولتۇرمىدى . ئۆزىچە كەلگەن بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلدى . پۇتىنى قويۇۋېتىپ، يانپېشىنى ئورۇندۇق ئۇستىگە چىقاردى . ماشىنا ئۇچقاندەك چاپ-ماقتا ئىدى . ئۇنىڭ ئىككى كۆزىدىن چىققان ئۆتكۈر ئىككى تال نۇر سىزىقى كېچە قوينىنى بۆرغىدەك تېشىپ ئىلگىرىلەيتتى . كۆزنەكلەرنىڭ بىر - ئىككىسى ئوچۇق ئىدى . ئۇنىڭدىن ئىيۇل كېچىسىنىڭ سالقىن شامىلى غۇيۇلداپ كىرىپ تۇراتتى . كۇن-دۇزكى ھاۋانىڭ قىزىقىدا دىمىقتا بولۇپ كەتكەن ماشىنا ئىچى ئەمدى بىر ئوبدانلا سەگىپ قالغانىدى . ساينىڭ كېچىلىك ساپ ھاۋاسى ئادەمگە تولىمۇ خۇشياقاتتى . پاراڭ توختاپ، ماشىنا ئىچى تۇز قۇيغان قازاندەك جىمىپ قالغانىدى . خېلى كۆپ يولۇچىنىڭ كۆزى ئىلىنىپ كېتىۋاتاتتى .

ئىككى كۇن قاتقان قوزۇقتەك ئولتۇرۇش بوۋاينى ھەقىقە-تەن تالچىقتۇرۇۋەتكەنىدى . ئۇ ياشىنىپ، كۈچىدىن قالغاندىن بېرى كۇنلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى يېتىش بىلەن ئۆتكۈزۈپ كې-لىۋاتاتتى . ماشىنىدا ئولتۇردۇم، ماڭمىدىم دېگەنبىلەن ئولتۇ-رۇشنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا جاپاسى - ئازابى بارلىقىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلىۋاتاتتى . ئۇنىڭغا ھەممىنىدىنمۇ بەك ئېغىر كەلگىنى ئورۇقلۇقىدىن شۇمەكلىشىپ كەتكەن كاسا سۆڭىكى-نىڭ سىرقىراپ ئاغرىشى ئىدى . شۇڭا، يېتىش بەكمۇ راھەت بىلىندى . ماشىنىنىڭ سىلىق ماي يولدا يېنىك - يېنىك چايقى-لىشى ئۇنىڭدا بۆشۈكنىڭ تەۋرىشىدەك بىر خىل سېزىم پەيدا قىلاتتى . ئاشۇ راھەت، ئاشۇ يەڭگىللىك ئىچىدە بوۋاينىڭ كۆز-لىرى ئاستا - ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى . ئۇ باشتا مىس - مىس

قىلىپ تىن ئېلىپ ياتاتتى . كېيىن بۇ مەسىلداشلار خورەك بىلەن ئالماشتى . شۇ دەقىقىلەر ئىچىدە بوۋايلا ئەمەس ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيقۇغا كەتكەنىدى . پەقەت ئىككىلا ئادەم — كۆزلىرىنى يولغا چېكىتتەك تىكىپ ئولتۇرغان شوپۇر بىلەن بوۋاينىڭ يېنىدىكى ھېلىقى يىگىتلا ئويغاق ئىدى . شوپۇر ئۆزى ئېلىپ كېتىۋاتقان ئاشۇ يولۇچىلارنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن ئويغاق ۋە تۇيغۇن ئىدى . يىگىت بولسا ، بوۋاينىڭ ، جۈملىدىن ئاپتوبۇستىكى جىمى ئادەمنىڭ مەڭگۈ ئويغانماسلىقى ، ھېچقانداق ھەرىكەتنى سەزمەسلىكىنى تىلەش بىلەن ئويغاق ئىدى . ئۇ ماشىنا ئىچىنىڭ غۇۋا يورۇقلۇقى ئىچىدە يان - بېلىكىدىكى ئورۇنلارنى كۆزىتەتتى . ئۇخلىماي قالغان بىرەرى بارمىكىن دېگەندەك ، ئۇنىڭغا - بۇنىڭغا سەپسالاتتى . تۆت تامغا بويۇنداپ قۇلاق سالاتتى . كۆپ ئۆتمەي ، ئۇنىڭ قولى بوۋاينىڭ مەيدىسىدە قىمىرلاشقا باشلىدى . بوۋاي يەكتىكىنىڭ سىرتىدىن بېلىنى باغلىۋالغان ، ئەمما ئۇ بوشراق ئىدى . يىگىت يەكتەك ياقىسىنى ئاز - ئازدىن تارتىپ ، ئۇنىڭ قوينى يانچۇقىنى ئۈستىگە چىقاردى . ئەمدى ئۇنىڭ ئېغىزىنى بىمالال ئېچىشقا بولاتتى . ئەمما ، يىگىت خېلىغىچە قول تىقىشقا جۈرئەت قىلالمىدى . قولىنى ئىككى قېتىم ئەكېلىپ بولۇپ ، ئىككى قېتىم تارتىۋالدى . ئۈچىنچى قېتىمدا ئىككى بارمىقىنى ئاستاغىنا چۆكۈردى . بوۋاي بىر خىلدا خورەك تارتىپ ياتاتتى . ئۇنىڭ خورىكى ئىچىدىن تۇيۇقسىزلا بومبا پارتلاپ چىقىدىغاندەك ، يىگىتنىڭ يۈرىكى ۋەھىمە ئىچىدە دۈپۈلدەيتتى . ئۇنىڭ بارماقلىرى يانچۇق ئىچىدىكى تۈگۈنچەكنى تارتىپ چىقاردى . تۈگۈنچەكنىڭ چىقىشى بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى دۈپۈلدەش تولىمۇ تاتلىق بىر سېزىم بىلەن ئالماشتى . قەلبىنى كۆتۈلمىگەن ئامەتنىڭ شادلىقى لەرزىگە سالدى . ئۇ ھېلىقى ئاشخانىدا كۆرگەن شېرىن چۈشىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرغانىدى . . .

مەتيا بوۋاي ماشىنىنىڭ ئاستىلاپ، ئالدىغا بىر ـ كەينىگە بىر سىلكىنىشىدىن ئويغىنىپ كەتتى. ماشىنا توختىغان، تاڭ ئېتىپ، كۈن چىقىش ئالدىدا تۇراتتى. ماشىنىدىكىلەر قوزغى-لىپ چۈشۈشكە باشلىغانىدى. بوۋاينىڭ كۆزىگە تۈنجى بولۇپ، قاتار ـ قاتار ئاپتوبۇسلار تىزىلىپ كەتكەن بىر سەينا كۆرۈندى. بۇ تۆت ئەتراپى ئېگىز ـ ئېگىز بىنالار بىلەن قورۇقدالغان قانداقتۇر بىر جاينىڭ قورۇسىدەك بىلىنىدى. ئۇ بېكەت ئىدى.

بوۋاي مەڭدەپ قالغاندەك، كىچىككىنە كاڭگىراشتىن كې-يىن چۈشۈۋاتقانلارغا ئەگىشىپ پەسكە چۈشتى. ھەممە يەرنى ئايلاندۇرماقچى بولغان ھېلىقى ھەمراھىنى ئىزدەشكە باشلىدى. ھەممە كىشى يۈك ـ تاقلىرىنى ئېلىش بىلەن ھەلەك ئىدى. توختاۋسىز قىمىرلىشىۋاتقان بۇ كىشىلەر ئىچىدە ئۇ يىگىتنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇنىڭ بېكەتكە كېلىشتىن بىر سائەتچە بۇرۇن يول ئۈستىدىلا چۈشۈپ قالغىنى بوۋايغا قاراڭغۇ ئىدى. ئۇ تەمتىرەپ قالدى. بېكەتتە ئادەم شالاڭلاشقا باشلىغانىدى. بوۋاينىڭ كۆڭلى بەكلا بېرىم بولدى. ئۇ نەگە بېرىپ، نەدە توختىشىنى يىگىتنىڭ ۋەدىلىرىگە باغلاپ قويغانىدى. مانا ئەمدى ئۇ يوقاپ كەتتى، ھەتتا ئۇنىڭغا «خوش» دېمۇ قويماپتۇ. بوۋاي كىچىك بالىدەك تەمتىرەش ئىچىدە بېكەت دەرۋازىسىدىن چىق-تى. تۆت تامغا ئالاڭلاپ، كوچىنىڭ ئۇدۇل كەلگەنلا تەرىپىگە قاراپ ماڭدى. دەرۋازىنىڭ سەل بېرىسىدىرەك ئاسفالت يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا كىچىك بىر يىمەك ـ ئىچمەك بازىرى بار ئىدى. بىر تەرىپىدە ئاشپۇزۇل ـ ناۋايخانىلار، يەنە بىر تەرىپىدە كاۋاپچى، زاسۇيپەزلەر تۇراتتى. كوچىنى سامسا ـ گۆشگىردە بىلەن زىغ كاۋىپىنىڭ ھىدى بىر ئالغانىدى. كاۋاپچى، زاسۇي-پەزلەر بەس ـ بەستە خېرىدار چاقىرىشاتتى. بوۋاينىڭ دىمىغىغا كاۋاپ ئۈستىگە سېلىنغان زىرە بىلەن قارىمۇچنىڭ مەززىلىك پۇرىقى گۈپ قىلىپ ئۇرۇلدى. ئېغىزىغا شۆرۈردە سېرىق سۇ

يىغلىدى . ئۇنىڭسىزمۇ بوۋاينىڭ قورسىقى ئېچىپ تۇراتتى .

«ئاۋۋال تائام ، ئاندىن كالام دەپتىكەن ، دەپ ئويلىدى بو-ۋاي كېلىۋېتىپ ، — ئاۋۋال ناشتا قىلاي . ئاندىن بارىدىغان يەرنىڭ ئېپىنى قىلمايمەنمۇ ؟ سادىقنىڭ ئۆيى مۇشۇ يېقىندا بول-غىيدى ، ئىلاھىم . . . » .

ئۇ شۇ خىياللار بىلەن ياقىدىكى بىر كاۋاپدانىنىڭ ئالدىغا كەلدى . كاۋاپدانغا تەكشى يېيىتىلغان ئىسسىز كۆمۈرنىڭ چوغى ئۈستىدە بىر نەچچە زىخ كاۋاپ ۋىژىلداپ تۇراتتى . كاۋاپچى چوغقا ھەدەپ يەلپۈگۈچ ئۇراتتى . گۆشنىڭ ئېرىپ چۈشكەن مېيىدىن كۆپكۆك ئىس كۆتۈرۈلەتتى . ئۇنىڭ پۇرىقى كىشىنىڭ ئىشتىھاسىنى قوزغايتتى .

بوۋاي بىر نان بىلەن تۆت زىخ كاۋاپنى يەپ قورسىقىنى توقلىدى . ئاندىن قىستىلا قىلىپ دۇئا قىلىپ ، قوينىغا قولىنى تىقتى . قوللىرى نېمىشقىدۇر تېز - تېز ھەرىكەتلىنەتتى . بىر يەرگە قولاشماي ، ھەدەپ تىترەيتتى . يۈرىكىنىڭ جىغ قىلىشىغا ئەگىشىپ ، چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى . قولىغا ھېلىقى ئۆتەڭ ئاشخا-نىسىدا پارچىلىغان قىرىق نەچچە كوي پارچە پۇلدىن باشقا ھېچ-نېمە چىقمىغانىدى . ئۇ قولىنى قايتا - قايتا سالاتتى . يەڭنە باققاندەك ، يانچۇقىنىڭ بۇلۇڭ - بۇلۇڭلىرىنى سىلايتتى . گاھ ئۇ ، گاھ بۇ يانچۇقىنى ئۆرۈيتتى . لېكىن ھېچقانداق نەتىجە بەرمەيتتى . ئۇنىڭ چىشلىرى كاسىلداپ ، ساقاللىرى تىترەشكە باشلىدى . كېيىن «پۇل . . . مېنىڭ پۇلۇم . . . » دېگىنىچە كەينىگە دىرىڭگىدە ئۇچۇپ كەتتى . چۆچۈپ كەتكەن كاۋاپچى ئورنىدىن سەكرەپ قوپتى . ئۇ بوۋايغا نېمە بولغىنىنى بىلەلمەي جىددىيلىشىپ كەتكەنىدى . ئاشۇ جىددىيلىكتىن قولىدىكى چوڭ-رىمە يەلپۈگۈچى ئىككى - ئۈچ زىخ كاۋاپنى ئۆرۈپ يەرگە چۈشۈرۈۋەتتى .

مەتيا بوۋاي ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە ئۆزىگە كەلدى . ئۇ

هوشىنى يىغقاندا گەمىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان كىچىككىنە بىر ئۆيدە ياتاتتى . «ئۆي» نىڭ تاملىرى كەتمەن بىلەن قىرىپ تەكشىلەنگەن ، ئۈستى بىر نەچچە تال ئەگرى - دوناي خادىلار بىلەن قۇرۇلغان ، خادا ئۈستىگە قەغەز يەشىكنىڭ پارچىلىرىنى تاشلاپلا ياپقانىدى . لەمپىسى تولىمۇ پاكار ئىدى . ئادەم ئۆرە تۇرغاندا بېشى تېگە - تەگمەي تۇراتتى . ئىچىدە نە سۇپا ، نە كارىۋىتىمۇ يوق ، يەر ئۈستىگىلا بىر پارچە ئەسكى پالاس سېلىنغانىدى . ئۇنىڭ يېنىدا ئۆزى دىمەتلىك يەنە بىر بوۋاي كۆرۈشكىدا سۇ تۇتۇپ ئولتۇراتتى . ئۇنى كوچىدا — كاۋاپچىنىڭ ئالدىدا ياتقان يېرىدىن مۇشۇ كىشى ئېلىپ كەلگەنىدى .

60 ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى ئېگىز بوي ، يېشىغا باقماي تىمەنلىكى چىقىپ تۇرىدىغان ، ئۇزۇن ، چارچۇق ساقىلى مەيدىسىگە چۈشكەن بۇ ئادەمنىڭ ئىسمى هوشۇرئاخۇن ئىدى . ئۇ مۇشۇ گەمىدە تۇراتتى . تىلەمچىلىك بىلەن كۈن ئۆتكۈزەتتى تۇنۇگۈن مەتىيا يىقىلىپ قالغاندا شۇ يەردە بار ئىدى . كاۋاپچى باشتا جىددىيلىشىپ ، كېيىن چىچاڭشىغىلى تۇردى . شاگىرتىنى چاقىرىپ ، ئۇنى ياقىغا سۆرىۋەتمەكچى بولۇۋېدى ، هوشۇر بوۋاينىڭ ئىچى ئاغرىپ قالدى ۋە بىر خادىكقا سېلىپ ، غېرىبخانىسىغا ئېلىپ چىقتى

قارىغاندا ئۇنىڭمۇ يۆلەنگۈدەك ئۇرۇق - تۇغقىنى بولمىسا كېرەك ، بۇ ئۆيدە ئۆزى يالغۇز ئىدى . ئۆز هەلەكچىلىكىدە قالغان مەتىيا بوۋاي ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سورىغۇچە بولمىدى . هوشۇر بوۋايمۇ ئۆزى توغرىسىدا ئېغىز ئاچقۇدەك ئارامىدا ئەمەس ئىدى . پۈتكۈل ئەس - يادى گۆر ئاغزىدىن بايىلا قايتىپ كەلگەن ئاشۇ ئادەم — مەتىيادا ئىدى .

— شۈكۈر ، خۇدايىم ! — دېدى ئۇ يېنىك بىر تىن ئېلىپ ، — هە نېمە بولسا ، كۆزۈڭلارنى ئاچتىڭلار . سۇ ئىچەمسىلەر ؟

— مەن . . . پۇلۇم ، مېنىڭ پۇلۇم . . . — مەتيا يېرىم ئۆرە بولدى .

— بولدى ، جۆيلۈمەڭلار ، جۆيلۈۋەرمەڭلار ، ئەمدى ئۇقتۇم ، پۇلۇڭلارنى ئوغرىغا بېرىپسىلەر ، ئېيتىڭلار ، سىلى كىم ؟ نەدىن كەلدىڭلار ؟

— ئېيتسام مەتياخۇن . . . ئۈرۈمچىگە چىققان . پۇلۇم بار ئىدى . ئۆي ـ زېمىننى ساتقان پۇل ئىدى . خەپ ، ئەمدى بىلدىم ، ئاشۇ مايماق شەپكە ئوغرى سۇغۇرۇۋاپتۇ . ئەمدى قانداقمۇ قىلارمەن !؟ — بوۋاي ئۈن قويۇپ يىغلىۋەتتى .

— نېمە ؟ ئۆي ـ زېمىنىڭلارنى سېتىپ كۆچۈپ چىققانمىدىڭلار ؟ باشقا ھەمراھلىرىڭلار قېنى ؟ مەن دېمەن ، بالا ـ چاقىلىرىڭلار قەيەردە قالغانتى ؟

— ئۆزۈم يالغۇز چىققان . بالا ـ چاقىلىرىمغۇ بار ئىدى . ھەممىسىنى يىلىكىمدە سۇغىرىپ چوڭ قىلغان . ھاتەمدەك كۈچ ـ مادارى بار ئوغۇللار دېسىلە ، لېكىن قېرىغاندا ئۇلارنىڭ ئالدىدا خار بولدۇم . ئۆلمىگەن جاننى تاشلىۋەتكىلى بولمايدىكەن . ئۇلارنىڭ ئالدىدا مۇساپىر بولغۇچە ياقا يۇرتتا ئۆلەي ، ئۆلسەم جېنىمنى باقارمەن ، دەپ چىققانىدىم ، «گاداي تالقان يېسە ، بوران چىقىپتۇ» دېگىنى راستتا ئوخشايدۇ . بار ـ يوقۇمنىڭ ھەممىسىدىن ئايرىلدىم .

ھوشۇر بوۋاينىڭ كۆڭلى يۇمشاق ، مۆمىن ئادەم بولۇپ ، كىشىنىڭ كەپ ئۆرانىغا قاراپلا كىشىنىڭ تېگىگە يېتەلەيدىغان سەزگۈرلۈكى بار ئىدى . مەتيا بوۋاي ئۆز كەچمىشى توغرىسىدا تېخى تەپسىلىي بىر نېمە دېمىگەن بولسىمۇ ، ئاشۇ قىسقىغىنا بايانلىرىدىن ئۇنىڭ بىر بەختسىز بوۋاي ئىكەنلىكىنى بىلدى . ئۇنىڭ دەرد ـ رەنج بىلەن توشقان كۆڭلىنى كۆرگەندەك بولدى . ئۇنىڭ ئۆزىمۇ مۇساپىرلىق ، غېرىب ـ غۇرۋالىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان ئادەم بولغاچقا ، بىرەر كىم بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ

قالسا، خۇددى ئۆزى بەختسىزلىككە ئۇچرىغاندەك پۇچىلىنىپ كېتەتتى. مانا، ھازىرمۇ بۇ مۇساپىر ھەمراھىغا ئاخىرغىچە ياردەمدە بولۇش نىيىتىدە كۆڭلىنى ياساۋاتاتتى:

— بولىدىغان ئىش بوپتۇ. ئەمدى يىغلاۋەرگەننىڭ پايدىسى يوق. قېنى دەڭلار، نەگە باراتتىڭلار؟ ئۇرۇق - تۇغقىنىڭلار بولسا، مەن تېپىشىپ بېرەي. كېيىمىڭلاردىن قارىسام، ئالتەشەھەردىن چىققان ئوخشايسىلەر. ئالتەشەھەرلىكلەر بەك تارتىنچاق، ياۋاش خەق. قويۇپ بەرسەم، بارىدىغان يېرىڭلارنى بىر يىلدىمۇ تاپالمايسىلەر. ھە، تۇغقان - يۇغقان بارمۇ؟

— تۇغقىنىم بار، بىر ئىنىم بار. ئوتتۇز يىلنىڭ ئالدىدا يۇرتتىن چىقىپ كەتكەن. باداۋان خاڭدا ئىشلەيتتى. يۇرتقا بارغاندا بىللە ئېلىپ كېتەي، دېگەنىدى. ئۇ چاغدا بالىلىرىم بولغاندىكىن، يۇرتۇمدا تۇرۇۋېرەي دەپتىمەن. نەدىن بىلەي، كېيىن ئەھۋالىم يامانلاشتى. ئاخىر ئىنىم دېگەندىكىن يېنىغا باراي دەپ چىقتىم. ئەمما ئەسلى - ۋەسلىمنى ئوغرى ئالدى. ئىككى قولۇمنى بۇرنۇمغا تىقىپ بارسام، ئىنىمغۇ چۈشىنەر، ئۇنىڭمۇ بالا - چاقىلىرى بار، خوتۇنى بار، شۇنچە يەردىن كېلىپ، ئانچە - مۇنچە سوۋغا - سالام ئالغاچ بارمىسام...

— دېگىنىڭلارمۇ توغرا، — دېدى ھوشۇر بوۋاي ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تەستىقلاپ، — ئاكام كەپتۇ، دېسە، بالا - چاقىلىرى ئەلۋەتتە قولۇڭلارغا قاراپ قالمايدۇ، دېگىلى بولمايدۇ. ئەنسىرىمەڭلار، بۇنىڭ يولىمۇ بولۇپ قالار. ئاۋۋال بىر ئىزدەپ باقمايمىزمۇ؟

مەتيا بوۋاي جىم بولدى. بۇ ئۇنىڭ تېخى خاتىرجەم بولغانلىقى ئەمەس ئىدى. كۆڭلىنىڭ بىر يېرىدە ئىنىسىنى تاپقاندىن كېيىنمۇ، ئۇ يەردە قانچىلىك تۇرالايدىغانلىقىغا بىر نېمە دېيەلمەيتتى. «ھازىر، — دەپ ئويلاتتى ئۇ ئۆزىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، — ئادەملەردىن ئىنساپ قېچىۋېتىپتۇ. ئۆز پۇشتۇم-

ـدىن بولغان ئوغۇللىرىم ۋاپا قىلمايۋاتقان يەردە ئوتتۇز يىل ئايرىلىپ تۇرغان ئىنىم قانداق قىلاركىن؟ خوتۇن ـ بالىلىرى قانداق قىلاركىن؟ «كۆزدىن يىراق، كۆڭۈلدىن يىراق»، دەيدۇ ئەمەسمۇ؟»

مەتيا بوۋاي ئۈمىد بىلەن ئىشەنچسىزلىك ئارىلىقىدا كۆپ دېلىغۇل بولدى. ئەمما، پاناھ تارتىپ چىققانىكەن، شۇ يەرگە بارمايمۇ بولمايتتى. ئۆزىنى قۇتقۇزۇۋالغان بۇ رەھىمدىل شاپا-ئەتچىنىڭ كۆلبىسىدە مەڭگۈ تۇرىۋېرىشنىڭ ئورنى يوق ئىدى. هوشۇر بوۋاي بىر ئامالى بولۇپ قالار دېگىنى بويىچە، يۈز كويدەك پۇل چىقىرىپ، ئانچە ـ مۇنچە سوۋغاتلىق تەييارلاپ بەردى ـ دە، ئىككىسى باداۋانغا قاراپ يولغا چىقتى.

هوشۇر بوۋاي شەھەر ئىچىنى بەش قولدەك بىلەتتى. ئۇ هېچبىر تەمتىرىمەيلا مەتيا بوۋاي بىلەن ماشىنىغا ئولتۇرۇپ، باداۋانغا چىقتى. بۇ يەر تاغ بولغىنى بىلەن ئادەتتىكى بىر ناهىيە بازىرىدىن قېلىشمايدىغان كەڭرى جاي ئىدى. ئۆزى بىلمەيدىغان بىرەر كىشىنىڭ ئۆيىنى تاپماق، ئاختاملىقتىن داڭگال ئىزدە-گەندەك قىيىن ئىش ئىدى. يۈز ئادەمدىن سورىسالىڭ، توقسان توققۇزى «بىلمەيدىكەنمەن» دەپ جاۋاب بېرەتتى. ئۇلار ئۈچ كۈن ئىزدەپ، ئۈمىدى ئۈزۈلەي دېگەندە سادىقنىڭ دېرىكىنى ئالدى. تونۇيدىغانلارنىڭ دېيىشىچە، ئۇ دەم ئېلىشقا چىققا-نىكەن، ئەپسۇسكى، بۇنىڭدىن بىر يىل بۇرۇن ئۆلۈپ كېتىپتۇ. خوتۇنى چۆچەكلىك ئىكەن. ئېرى تۈگەپ كەتكەندىن كېيىن بالىلىرىنى ئېلىپ يۇرتىغا كېتىپ قاپتۇ.

مەتيا بوۋاي لاسىدە بولدى. ئۇنىڭ باشتا ئانچە ئىشەنچ قىلىپ كېتەلمىسىمۇ، هېچقانداق تونۇش ـ بىلىشى بولمىغان بۇ يىراق شەھەردىكى بىردىنبىر پاناهگاهىمۇ يوققا چىققانىدى. بوۋاي قارامىلىق بىلەن يۇرتىنى تاشلاپ چىققىنىغا بۈگۈن تۇنجى قېتىم پۇشايمان قىلدى. بۇ ئۇنىڭ بالىلىرىنى سېغىنغانلىقى

ياكى ئۆلارنىڭ شاپائىتىنى ئۈمىد قىلغانلىقى ئەمەس ئىدى . پەقەت ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ، ئۇي – چوڭقۇرى تونۇشلۇق بولغان يۇرتىنى سېغىنىۋاتاتتى . ئۇنىڭ بېشى قاتتى . كۆڭلى يېگىۋاشتىن مالىمانلىششقا باشلىدى . بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنـ ـلىرىنىڭ غەم – تەشۋىشى ئۇنىڭ ئۇستىگە گويا قارا تاغدەك يىقىلدى

ــــ تولا غەم يېمەڭلار ، مەتياۋاي ، ــــ دېدى هوشۇر بوۋاي كېتىۋېتىپ ئۇزاق ئويلىنىشتىن كېيىن ، ــــ جاهاننىڭ قوينى كەڭرى . ئادەم دېگەننىڭ رىزقى تۈگىمىسە ، ئۆلۈپ قالمايدۇ . قىسمىتىمىز ئوخشىشىپ كېتىدىكەن . سىلىگە تېخى دېمىدىم ، مەنمۇ ياقا يۇرتتىن كەلگەن . ئۆمرۈمدە نېمىشقىكى ، بالا يۈزى كۆرمىدىم . ئايالىم تولىمۇ ۋاپادار مەزلۇم ئىدى . تۇغمىسىمۇ ، نەچچە بالا تۇغۇپ بەرگەندەك بەختلىك ئىدىم . ئۇ ئۆلۈپ كېتىپ يېگانە قېلىۋىدىم ، بالا قەدرىگە يەتتىم . بالا – چاقىلىق كىشىلەرـ ـنى كۆرگىنىمدە قاتتىق هەۋىسىم كېلەتتى . نېمە ئامال ؟ قېرىدـ ـغاندا باققۇچۇم بولمىغاچ ، يۆلەكسىز قالدىم . ئاخىر تىلەمچىلىك قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم . تىلىمەي دېسەم ، كۈن قاتتىق ، تىلەي دېسەم ، ئەهلىمەهەللىدىن نومۇس قىلدىم . شۇنداق قىلىپ ، ياقا يۇرتلارغا چىقىپ كەتتىم . ئۇ يەر – بۇ يەردە تەمتىرەپ ، ئاخىر مۇشۇ يەرگە كېلىپ توختىدىم . مانا يەتتە – سەككىز يىل بولدى ، بۇ گەمىنى تاش – شېغىل توشۇيدىغانلار كولاپ قويۇپتىدـ ـكەن ، ئۆي قىلىۋالدىم . تالادا قالغاندىن ياخشىكەن . هە . . . مەن دەيمەن ، قېپقالاي ، دېسەڭلار ، ئىككىمىز مۇشۇ يەردە تۇردـ ـلى . تاپقاننى تەڭ يەپ جان ئېتەرمىز . ناۋادا بىرەرىمىزگە قازا يېتىپ قالسا ، بىرىمىز ئىگىكىنى چېتىپ قويارمىز . قانداق دېدىم ؟

مەتيا بوۋايغا بۇنىڭدىن ياخشىراق يول يوق ئىدى . نامرات بولسىمۇ ، تىلەمچىلىك بىلەن كۈن ئۆتكۈزسىمۇ ، ئۆز قوينىنى

بۇنچىلىك كەڭ ئاچىدىغان ئىككىنچى بىر سېخىي ئادەمنى ئەمدى تاپالمايتتى . ھوشۇر بوۋاينىڭ بۇ مەسلىھەتنى قىلىشىدىمۇ ئويلىغىنى بار ئىدى . بىر تەرەپتىن ، مەتياغا پاناھلىق بېرىشنى ئويلىسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ، ئۆزى دېگەندەك قازا يېتىپ قالغاندا ، ئېغىزىغا سۇ تېمىتىپ قويىدىغان بىرەر كىشىنىڭ بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇۋاتاتتى . بۇ تەرىپى ھەر ئىككىلا بوۋايغا ئورتاق ئىدى . ھوشۇر بوۋاينىڭ بۇ تەكلىپى مەتياغا خۇشياقتى . شۇ كۈندىن باشلاپ ، شەھەرنىڭ غەربىي چېتىدىكى تاغ تۈۋىگە كولانغان بۇ گەمىدىكى تىپتىنچ ھايات ئاستا ـ ئاستا جانلىنىشقا باشلىدى . يەتتە ـ سەككىز يىل مابەينىدە ئاخشىمى بىرەر ئېغىزمۇ پاراڭ چىقىپ باقمىغان بۇ غېرىبخانىدا ئەمدى ئۇزۇن ـ ئۇزۇن ھېكايەتلەر ، كەچمىش ـ كەچۈرمىشلەر ئۇزۇلمەي سۆزلىنىپ تۇراتتى . ھوشۇر بوۋاينى تۇنجۇقتۇرۇپ كەلگەن زېرىككىشلىك ئاخشاملار ، ۋەھىمىلىك كېچىلەر گەمىدىن قوغلاپ چىقىرىلغانىدى .

ھوشۇر بوۋاي ئون بەش ـ ئون ئالتە كۈنلەردىن كېيىن مەتيانى شەھەرگە ئېلىپ كىردى . ئۇ تىلەمچىلىك قىلغاچ ، مەتيانى كوچا ئايلاندۇراتتى . ئۆزى بىلگەن ، ئاڭلىغان جايلىرىنى تونۇشتۇراتتى . كۆرسىتەتتى . كېلىپ ـ كېتىش يوللىرىنى چۈشەندۈرەتتى . شۇ كۈنى ئۇ ئۈرۈمچىنىڭ ئانچە ئىچكىرىسى بولمىغان كوچىلاردىن بىر قانچىسىنى كۆرسەتتى .

ئۈرۈمچى ــ ھەقىقەتەن ئېتىكى چوڭ ، كەڭرى شەھەر ئىدى . ئۇنىڭدىكى ھايات قاينىمى كويا توختاۋسىز شاۋقۇنلاپ تۇرغان بىر ئەزىم دەرياغىلا ئوخشايتتى . ئۇنىڭ ھەر بىر كوچىسى ، سودا ـ سېتىق بازارلىرى ، يېمەك ـ ئىچمەك نۇقتىلىرى قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمگەن ئادەم دېڭىزى ئىدى . ماشىنىلارنىڭ كۆپلۈكىدىن بوۋاينىڭ كۆزى ئالاق ـ جالاق بولۇپ كېتەتتى . ئۆمۈچۈكلەر تارتقان تورغا ئوخشاش ، تەرەپ ـ تەرەپكە

يېيىلىپ ، يەنە بەندەر ـ بەندىرىدىن تۇتىشىدىغان سانسىز كوچى-
لىرى مەتىيا بوۋاينىڭ نەزىرىدە بىر ـ بىرىگە ئوخشىشىپلا كېتەت-
تى . ئۆي ـ ئىمارەتلىرى ئوپمۇئوخشاش كۆرۈنەتتى . ئۇلارنى
بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋالالمايتتى . ئۆزىنىڭ قەيەردىن كىرىپ ،
قەيەردىن چىقىشىنى بولسا تېخىمۇ بىلمەيتتى .

ئىككىسى ئاغا ـ ئىنىلەردەك ئوبدانلا چىقىشىپ قالدى .
مەتىيا ياشتا چوڭ ، بەدەن قۇۋۋىتى ئاجىز ئىدى . يول مېڭىشتا
دەس ـ دۈس بولالمايتتى . هوشۇر نىسبەتەن كىچىك ئىدى .
ئەكسىچە بەستىلىك ، تېمەن ئادەم ئىدى . بىر ـ بىرىنى «ئاداش»
دېيىشىپ يۈرىسىمۇ ، مەتىيانى ئايايتتى . كۆپرەك غەمخورلۇق قى-
لاتتى .

ئۇلار هەر كۈنى سەهەر تۇرۇپ ، نامىزىنى بىللە ئوقۇيتتى .
نامازدىن كېيىن ئالدىرىماي ناشتا قىلىشاتتى . ئاندىن بىردىن
خالتىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ شەهەرگە كىرەتتى . مەتىيا ئېزىپ
قېلىشتىن ئەنسىرەپ ، هوشۇر بوۋايدىن ئانچە يىراقلاپ كەتمەيت-
تى . ئەمما ، بىر يەردە يۈرۈپمۇ تىلەمەيتتى . ئىشقىلىپ ، بىر
كوچا ئىچىدە ئۇچرىشىدىغان يېرىنى بەلگە قىلىشىۋېلىپ ئايرىلات-
تى . كەچكىچە بارغان يېرىدە قورسىقىنى تويغۇزۇپ ، تاپقىنىنى
يۇدۇپ قايتىپ كېلەتتى . پۇلمۇ ، نانمۇ ، مېۋە ـ چېۋە ،
كىيىم ـ كېچەكمۇ ، بەرگىنىنى ئالىۋېرەتتى . ناننى يەپ ، پۇلى-
نى جۇغلايتتى . كىيىم ـ كېچەكنىڭ كونىلىرىنى كىيىپ ،
يېڭىراقلىرىنى يىراق ـ يېقىندىن كەلگەن يايماكەشلەرگە
ئەرزان ـ ئەرزان سېتىۋېتەتتى . هەرهالدا سەرگەردانلىقتا ئۆت-
كەن تىنچ تۇرمۇش بوۋايغا خاتىرجەملىك ئاتا قىلغان ، ئىلگىرى
چەككەن دەرد ، رەنجىلىرىنى بىزە بولسىمۇ ئۇنتۇلدۇرغانىدى .
لېكىن ، هېسسىياتنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىنى سۈرۈشتۈرگەندە ،
ناهايىتى مۇهىم بىر نەرسىنىڭ كەملىكىنى سېزەتتى . بۇ تۇغۇ-
لۇپ ـ ئۆسكەن ، ئادەملىرىمۇ ، تۇپرىقىمۇ ، هەتتا كىچىككىنە

بىر تال گىياھىمۇ تونۇشلۇق بولغان ئانا يۇرتى ئىدى . ئۇ بۇ يەردە ھەر قانچە ياخشى ياشىدىم دېگەندىمۇ ھەممە نەرسە ھامان بىر خىل يات ، ناتونۇش كۆرۈنەتتى . ئەكسىچە ، مەھەللىسى ، مەھەللىداشلىرى خىيالىدىن چىقمايتتى . چۈشىدە كۆرىدىغانلىرىمۇ پۈتۈنلەي ئۆز مەھەللىسى ۋە شۇ يەردىكى ئىشلاردىن چەتكە چىقالمايتتى . بۇنداق چاغلاردا يۇرتتىن يېنىكلىك بىلەن چىقىپ كەتكىنىگە پۇشايمان يەپمۇ قالاتتى . يېنىپ كەتكۈسى كېلەتتى . ئەمما ، يۇرتنىلا تاشلاپ قالماي ئۆيلىرىنىمۇ سېتىۋەتكىنى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ، بۇ پۇللارنى خەققە تارتتۇرۇپ قويغىنىنىڭ خىجىلچىلىقىدا قايتىپ كېتىشكە پېتىنالمايتتى .

## روھ پاكلىغۇچى ئەۋلىيا

مەتىيا بوۋاينىڭ مەھەللىدىن جىمجىتلا يوقاپ كەتكىنىگە ئىككى ئايدىن ئاشقانىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىشنى ھېچكىم تۇيماي قالدى . كېيىنرەك قوشنىلىرى ئارىسىدا ئازراق يوقلىنىپ ئۆتكەن بولسىمۇ ، ئۇلار شەھەرگە — ئوغلىنىڭ يېنىغا كەتكەن ئوخشايدۇ ، دەپ قاراشتى . بالىلىرى بولسا، ئۇنى مەھەللىدە دەپ بىلەتتى . شۇنداق قىلىپ ، ئۇنىڭ ياقا يۇرتتا سەرگەردانلارچە ياشاۋاتقىنىنى ھېچكىمنىڭمۇ خىيالىغا كەلمەيتتى . ئادەتتە ، بىرەر چۈجىسى ئادىشىپ كېتىپ كاتىكىگە كەلمەي قويسا ، ئىز - دېرىكىنى قىلىپ باقمايدىغانلار كەمدىن - كەم ئۇچرىسا كېرەك . ۋەھالەنكى ، بۇ ئىككى ئايدىن بېرى ئۇنىڭ يوقالغان چۈجىچىلىكمۇ ئېتىبارى بولمىغانىدى . گويا سەھرادىكى يېگانە ئۆيدە ئاشۇنداق تەنھا بىر قېرىنىڭ بارلىقى ئۆزىنىڭمۇ ، ئۆزگىنىڭمۇ ئېسىدىن بىراقلا كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندەك ، ئۇنىڭ قەيەرلەردە نېمە ئىش قىلىۋاتقىنىنى ھېچكىم ھېچكىمدىن سۈرۈشتۈرۈپ باقمايتتى

مانا شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىر چۈشلۈكى يېزا بازىرىدىن مەھەللىگە كېلىدىغان توپىلىق يولغا قىزىل رەڭلىك بىر كىچىك ماشىنا كىرىپ كەلدى. يول ئادەتتىن تاشقىرى توپىلاڭ ئىدى. يول يۈزىدە ھارۋا، تراكتور چاقلىرىنىڭ پېتىشىدىن ھاسىل بولغان ئىككى «ئېرىق» ئەگرى - بۈگرى سوزۇلۇپ ياتاتتى. ھېلىقى ماشىنا ئەنە شۇ ئېرىقلار ئىچىدە ئېغىر - ئېغىر سىلكىنىپ، تولىمۇ ئاستا ئۆمىلەيتتى. ماتور كۈچىنىشتىن قاتتىق قاقشايتتى. گاھىدا بىر ئىزدا تۇرۇپ قېلىپ، ئالدى تەرىپى لىك - لىك قىلىپ كۆتۈرۈلۈپ كېتەتتى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى ھالىتى دۆڭگە ھارۋا تارتىپ دېمى كېسىلىپ قالغان كالىنىڭ خارقىرىشىنى ئەسلىتەتتى. ماشىنىدا يالاڭۋاش، يىگىرمە ياشلار چامىسىدىكى ياش شوپۇر بىلەن سېمىز، ئوتتۇرا ياش ئىككىلا ئادەم بار ئىدى.

— ھۇ، سېنىڭ يول بولۇپ قالغىنىڭ! — ئوتتۇرا ياش كىشى ئاچچىقى بىلەن كۆزنەكنى شالاققىدە ئېتىۋەتتى. بۇغداي ئۆڭلۈك، سېمىزلىكىدىن كۆڭلىكى چىپپىدە كەلگەن، چىمەن دوپپىلىق بۇ ئادەم مەتنىياز ئىدى. ئۇ دادىسىنى يوقلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا بۇ قېتىمقى پۇرسەتنى ئۆگۈنلۈككە كېلىدىغان قۇربان ھېيتى ئاتا قىلغانىدى.

بۇ يىلقى قۇربان ھېيت — مەتنىيازنىڭ شەھەرگە كۆچۈپ كىرگەندىن كېيىنكى تۇنجى ھېيتى ئىدى. ئۇنىڭ ئويىچە، شەھەردىكى يېقىن - يورۇقلىرى ئاز ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەممىسىنىڭ چاقىرسا ئېتى، تۇتسا سېپى بار چوڭ - چوڭ، ئابرۇيلۇق ئادەملەر، تېخى بۇلارنىڭ نۇرغۇنى ئۇنىڭ يېڭى تۇرالغۇسىنى مۇبارەكلەپ، ئوبدانلا ئادەمگەرچىلىك قىلغان. ئەمدى مۇشۇ ھېيتنىڭ باھانىسىدە بولسىمۇ، ئۇلارنى ئوبدانراق كۈتۈپ قويمىسا بولمايتتى.

مەتنىياز ئاشۇ ئوي بىلەن ئىككى ھەپتە بۇرۇن ھېيت

تەييارلىقىغا چۈشتى . ئۆي جابدۇقلىرىنى يۆتتۈرۈپ ، يېمەك ـ ئىچمەككە كەلگەندە بىردىنلا دادىسىنىمۇ ئويلاپ قالدى . ئەلۋەت ـ تە ، ئۇنىڭغىمۇ ئانچە ـ مۇنچە بىر نەرسىلەرنى ئاپىرىپ بەرمەي بولمايتتى . ئۇ چاغقىچىمۇ شۇنداق قىلىپ كەلگەن . لېكىن ، بۇ قېتىم چوڭراق بىر ئىش قىلىپ قويغۇسى كېلىپ قالدى . ئېھ ـ تىمال بۇ ئۇلۇغ ئايەمنىڭ خاسىيىتىدۇر ياكى مۇشۇ قۇتلۇق كۈندە باشقىلار قاتارىدا ئۆزىنىڭ كەڭ قوللۇقلۇقىنى كۆرسىتىپ قويغۇسى كەلگەندۇر . ئىشقىلىپ ، نېمىلا بولمىسۇن ، ئۇ دادى ـ سىغا ئاتاپ سۈت ئەمەم پاقلاندىن بىرنى ئالدى . ئاق توقاچ ، مايلىق توقاچلاردىن بىر يەشىك قاچىلاتتى . بىر قۇر كىيىم ئالدى . يەنە چاي ، تۇز ، تاتلىق تۈرۈملەردىن بىر تۈگۈچ تۈگ ـ دى . خىيالىدا ئۇ مۇشۇ ھېيت ھارپىسىدا دادىسىنى بىر قېتىم خۇش قىلماقچى ، بىردەم ـ يېرىمدەم پاراڭلىشىپ قايتماقچى ئىدى . ئەلۋەتتە ، ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى ئۇنى شەھەرگە ئېلىپ كېلىشكە ماشىنا ئەۋەتىشنىمۇ كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىدى .

مەتنىياز قولياغلىقى بىلەن يۈز ـ كۆزىدىكى تەرلىرىنى سۈرتكەچ داۋام قىلدى :

— ماشىنىنىڭ بىر يىللىق ئۆمرى قىسقىراپ كېتىدىغان بولدى ـ دە .

— شۇنى دەيمەن ، — شوپۇر گەپ قوشتى ، — ئالدى چاقنىڭ ھەرىكىتىنىمۇ قوشۇۋەتتىم ، قارىمامسىز ، ماتور دېگەن شۇنداق قىزىپ كەتتى .

— قانداق قىلغۇلۇق ؟ سەھرا دېگەن مۇشۇ . ئولتۇرساڭ ـ مۇ ، ماڭساڭمۇ توپىدىن قۇتۇلالمايدىغان گەپ . ئۆزۈمنىڭ يۇرتى بولۇپ قاپتىكەن ، بولمىسا . . .

مەتنىياز كېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى . ئۇ ئىسسىقتىن ئۆزىنى ئېلىپ قاچىدىغان يەر تاپالماي قالغانىدى . ماتوردىن تارىلىۋاتقان ئىسسىقنى ئاز دېگەندەك ، سىرتنىڭ ھاۋاسىمۇ ناھا ـ

يىتى قىزىپ كەتكەنىدى . مەتنىياز ماشىنا كۆزنىكىنى ئاچقىلى نەچچە قېتىم تەمشىلىپ بولۇپ قولىنى تارتىۋالدى . چۈنكى ، چاق ئاستىدىن بۇقسىغان توپا ماشىنا ئەتراپىنى تۇماندەك ئوراپ تۇراتتى . بۇ توپا شامالسىز هاۋادا تارقىلالماي ، ماشىنا بىلەن تەڭ ئەگىشىپ كېلەتتى . كۆزنەكنى ئاچسىلا كىرىشكە تەييار ئىدى . مەتنىياز توپىدىن قورقۇپ ، كۆزنەكنى ئاچالمايتتى . ئاچالمىغانسېرى ئىسسىقتىن جېنى قىينىلاتتى .

ماشىنا توپىلىق يولدا خېلى ماڭغاندىن كېيىن سولغا قايرىلدى . توپىلىق ، كاتاڭ يولدىن قۇتۇلۇپ ، يېڭىدىن شېغىل تۆكۈلگەن تارغىنا بىر يولغا چۈشتى . ئىككى يېقىغا رەت - رەت ئۈجمە ، ئاندا - ساندا باشقا دەرەخلەر تىكىلگەن بۇ يول مەتيا بوۋاينىڭ هويلىسى ئالدىدىن ئۆتىدىغان هېلىقى تارماق يول ئىدى . ئۇنىڭ ئايىغى مەهەللىنىڭ چېتىدىكى قىر تۈۋىگە — بوۋاي پۇرچاقلىققا سۇ تۇتقان هېلىقى بىنەم يەرگە تۇتىشاتتى . مەتنىياز بۇ يولغا شېغىل تۆكۈلگەنلىكىدىن خېلى خۇرسەن بولدى . مانا شۇ چاغدا ئۇمۇ ، شوپۇرمۇ كۆزنەكلىرىنى ئۇلۇغ ئېچىۋەتتى . كۈچلۈك بولمىسىمۇ ، سىرتتىن كىرگەن شامال ئادەمگە خېلىلا ئارام بېرەتتى . مەتنىياز ئېقىپ كىرگەن هاۋانى زوق بىلەن سۈمۈرگەچ ، يۈزىنى كۆزنەككە تۇتۇپ سالقىنلايتتى . ماشىنا ئەمدى خېلى تېز مېڭىۋاتاتتى . ئۇ دوقمۇشىغا ئىككى تۈپتىن تۆت تۈپ تەتۈر سۆگەت قويۇلغان كىچىككىنە بىر ئەگمىدىن ئۆتكەندە ، ئالدىدىن چىقىپ كەلگەن قاتار ئېشەك هارۋىلىرىغا دۈچ كەلدى . يول تار ئىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، هارۋىلارنىڭ تېگىگە توغرا ياغاچ باغلاپ ، ئۈستىگە لىققىدە چاكاندا بېسىلغانىدى . پاخپايغان قوراي - چۆپلەر يولنى ئۆلگۈچە كەرىگەنلەپ كېلەتتى . ماشىنا بىلەن هارۋىلار تەڭلا توختاشتى . قايسىسى بولمىسۇن ، بىر - بىرىگە يول بېرىشى كېرەك ئىدى . شوپۇر كىچىككىنە ئىككىلىنىشتىن كېيىن ماشىنىنى كەينىچە هەي-

دەپ ، بەش مىتىرچە ئارقىدا قالغان ئىتىز يولىنىڭ ئىغىزىغا قىيسايتتى . ھەر ھالدا ھارۋىلار ئۆتكۈدەك يول ئىچىلدى . ھارۋىلار ئۆتۈپ كەتكەندىن كىيىن ماشىنا ئىزىغا چۈشتى .

— بىر يەردىن باشلىق چىققان چىغى دىسەم مەتىنزاخۇندەك قىلامدۇ نىمە ؟ — دىدى ئالدىدىكى ھارۋىنى يىتىلەپ كىتىۋاتقان دىھقان كەينىدىكىسىگە قاراپ ، — كۆكلەپ كەتتى - دە ، بۇ باللار .

— ئاڭلىسام ، تاپاۋىتى بەك ئوبدانىمىشقۇ ، — ئارقىدىكى يىگىت سۆز قوشتى ، — بىر كۈنلۈك سودىسىنى يەتتە - سەككىز مىڭ كويغا يىتىدۇ ، دەيدۇ .

— خۇدا بەرگەن باللار - دە ، خۇدا بەرگەن ، — دىدى ھىلىقى دىھقان ، — مانا ، مەتياكامىنىمۇ يىنىغا ئەپكىتىپ ئوبدان قىلدى . ھىلىغۇ پۇلى بار ، تىنىپ كەتتى . تەمسىلانى ، ئۆزۈڭ يالىڭاچ قالساڭمۇ ، ئاتا - ئانىنى تاشلىۋەتمىگۈلۈك .

كەينىدىكى يىگىت بىردىنلا نىمىنىدۇر ئىسىگە ئالغاندەك قىلىپ ، ئىشىكىنىڭ بىقىنىغا تاياق سانجىدى . ھارۋىسى ئالدىدىكى ھارۋىغا يىقىنلاشتى .

— ھەي ، ئەيساكا ! قايسى كۈنى مەتنۇراخۇننىڭ خوتۇنى بىلەن مۇڭدىشىپ قالدىم . مەتنۇرى ئىچكىرىگە كەتكەن ئەمەسما ؟ ئۇ يەردىكى ئوقەتنىڭ يولىنى ئۇقۇپ باقاي ، دەپ پاراڭلىشىۋىدىم ، ئاردا مەتياكامىنىڭ گىپى چىقىپ قالدى . ئۇنىڭ دىيىشىچە ، مەتياكام شەھەردىمۇ يوقمىش .

— شەھەردە بولماي نەدە بولىدۇ ؟ ئەنە ، ئۆيۋاقلىرىنىمۇ شۇ مەتنۇراخۇن سىتىۋىتىپ ئەپكىتىپتۇيا ؟

— ياقەي ، مەتياكام ئۆزى يوقاپ كىتىپتۇ . بۇنىڭدىن مەتنىيازلارنىڭمۇ خەۋىرى يوقمىش .

— ئۇنداق ئەمەستۇ ؟

— راست دەيمەن . مەتنۇرنىڭ ئايالىمۇ باشتا شەھەرگە

ئېلىپ كەتتى دەپتىكەن. كېيىن ئۇنداق ئەمەسلىكىنى بىلىپتۇ.

— ئەمىسە، مەتنىياز قانداقسىگە ئاڭلىمايدۇ؟ دېمىگەنمىدۇيا؟

— دېمەپتۇ شۇ. سىز ئاڭلىمىغان ئوخشايسىز، ئىككى ئاينىڭ ئالدىدا مەتنىياز بىلەن مەتنۇرنىڭ خوتۇنى بالا ئارىسىغا كىرىپ، قاتتىق سوقۇشۇپ كەتكەن. چاچ - ماچتىن ئېلىشىپ، ساقچىنىڭ ئالدىغىچە بارغان دەڭا. شۇنىڭدىن بېرى گەپلىشىش تۇگۇل بېرىش - كېلىشمۇ قىلىشمايدىكەن. شۇڭا دېمىگەن گەپ.

— ھە... مۇنداق دەڭا. بۇ جەمەتمۇ تۈگىشىپتۇ - دە، ئەرلىرى بىر تۇغقان بولغاندىكىن ياراشتۇرۇپ قويسا بولمامدۇ؟

— مەتنۇردىغا يېرىم يىلدىن ئاشتى، ئۆيىدە بولمىسا...

ئۇلار شۇنداق دېيىشىپ توختاپ قالدى. دەرۋەقە، ھېلىقى يىگىتنىڭ دېگىنى توغرا ئىدى. مەھەللىدىكىلەر بوۋاينى مەتنىياز ئېلىپ كەتتى، دەپ بىلەتتى. مەتنىياز بولسا، ھېلىھەم ئۇنى مەھەللىدە دەپ ھېسابلايتتى. ئۇ بوۋاينى ئېسىدىن پۈتۈنلەي چىقىرىپمۇ قويمىغانىدى. پات - پات ئەسلەپ تۇراتتى. بىرلا يېرى يوقلاپ كېلىشكە ۋاقىت چىقىرالمايۋاتاتتى. ياق، ۋاقىتقۇ چىقاتتى. ئۆزىنىڭ ئېغىرلىقى تۈپەيلى بۈگۈن باراي، ئەتە باراي بىلەن بوسۇغا داۋاندىن ئاتلاپ بولالمىغانىدى.

ماشىنا سۆگەتلەر دالدىسىدىن ئۆتۈپ، كۆپ ماڭمايلا توختىدى. ئاۋۋال مەتنىياز، ئاندىن شوپۇرى چۈشتى. كۈن قىيامىغا چىققان بولسىمۇ، سىرتنىڭ ھاۋاسى خېلىلا سالقىن ئىدى. مەتنىياز كۆڭلىكىنىڭ تۈگمىلىرىنى تولۇق يېشىۋېتىپ، مەيدىسىنى ئاچتى. تەردىن چۆپ - چۆپ بولۇپ كەتكەن مايكىسى تۆشىگە چاپلىشىپ تۇراتتى. سېمىزلىكتىن تومپايغان قورسىقى تاۋۇزدەك چىقىپ قالغانىدى. قوۋۇزلىرىمۇ يەل تۇشقۇزۇۋالغاد-

دەك تۇراتتى . ئۇ قولىياغلىقىنى پىرقىرىتىپ ، ئۆزىنى يەلپۈگەچ
ئەتراپقا سەپسالدى ـ دە ، بىردىنلا تېڭىرقاپ قالدى .
ئالىقانچىلىك سەھرادا ئېزىپ قالدىمۇ نېمە ؟ — دەيتتى
ئۇنىڭ ئىزتىراپقا چۈشكەن كۆڭلى ، — كۆزۈمگە شۇنداق كۆ-
رۈنۈۋاتامدۇيا ؟ مەتنىياز مەڭدەپ قالغانىدى . ئۇ چوڭ ئۆيۈمنىڭ
ئالدى ، دەپ توختىغان بۇ جاي ئۆز خاتىرىسىدىكى قەدىمىي ھويلا
ئالدىغا ھېچ ئوخشىمايتتى . ئېنىقراقى ، ئەسلىدىكى يۇلغۇن قا-
شالىق ھويلىنىڭ ئالدى پۈتۈنلەي ئېچىۋېتىلىپ ، پېشايۋىنى چۇ-
ۋۇلۇۋاتاتتى . ھويلا ئىچىدىكى ئىككى ـ ئۈچ پۈڭچە كېلىدىغان
مېۋىلىك باغنىڭ كۆچەتلىرىمۇ چىقىرىپ ئاقلىۋېتىلگەنىدى .
مەتنىيازنىڭ كۆزى بىر يېنىغا سەل قىيسىيىپ قالغان ئۈچ
ئاچماقلىق ئۆرۈككە چۈشتى . ئۇ يول بويىدىن بەش قەدەمچە
نېرىدا ئىدى . ئۇ پىشىپ تۆكەپتۇ . پەقەت شاخ ئۇچىدا قالغان
بەش ـ ئالتە تالچە ئۆرۈك كۈن نۇرىدا ياقۇتتەك تاۋلىنىپ
تۇراتتى . «شۇ ، دەرۋازىنىڭ ئوڭ بېقىنىدىكى قىزىلاڭ ئۆرۈك
شۇ !» دېدى مەتنىياز ئىچىدە . ئۇنى دېمىگەندىمۇ ، پېشايۋىنى
بۇزۇلۇۋاتقان ھويلا دەل ئۇنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا
ماكانى ئىدى .
مەتنىياز ئېسەنكىرەش ئىچىدە ئىككى يېنىدىكى ھويلىلارغا
كۆز يۈگۈرتتى . ئوڭ ياندىكىسى قۇناخۇننىڭ ، سول تەرەپتىكى-
سى روسۇل تاكاننىڭ . . .
مەتنىياز ئويلىغانسېرى ھەيران بولاتتى . كۆز ئالدىدىكى
مەنزىرىگە قاراپ خىلمۇخىل يەكۈن چىقىراتتى . ئەمما ، دادام-
نىڭ ئۆيلەرنى ئۆزگەرتىپ سالغۇدەك ھالى يوق ئىدىغۇ ؟ ئۇنىڭ
ئۈستىگە ، ئۇنىڭغا بۇنداق قىلىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى ؟ بۇ
مەتنۇرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىمۇ يا ؟ ئۆيۋاقنى ئوڭچە ئىگىلەي
دەپتۇ ـ دە ، بۇ خۇمسى . . .
— ۋۇي ، مەتنىزاخۇن كېلىپ قاپتۇيا ؟ يۇقىرىقى مەھەل-

لىكە ئۆتۈۋاتامدىلا ؟ — ئۇ يۇقىرىقى مەھەللە دەپ ، مەتنىياز-نىڭ قېيناتىسىنىڭ ئۆيىنى دەۋاتاتتى .
مەتنىياز ئۆزىگە سۆزلەۋاتقان كىشىنىڭ كېپىنى ئاڭلىمى-غاندەك ، هامان تېگىرقاش ، ئىنىسىگە بولغان ئاچچىقى بىلەن تۇراتتى . ئۇ مەتنىيازغا قول ئۇزاتقاندىلا ئېسىنى تېپىپ ، سالامغا قول بەردى . ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈۋاتقان بۇ ئادەم يېزا بازىرىدا ئۇن زاۋۇتى قۇرغان بەدەل تۇگمەن ئىدى .
— بۇ . . . بۇ ئۆيلەرنى كىم بۇزۇۋاتىدۇ ؟ — سورىدى مەتنىياز كېكەچلەپراق .
— مەن ، مەن بۇزۇۋاتىمەن .
— سىلى ؟ — مەتنىيازنىڭ كۆزى جامدەك كېرىلدى .
— بۇرۇنقى ئۆيلەر كونىراپ . ئانچە ـ مۇنچە پۇلمۇ تېپىپ-تىمىز ، زامانغا لايىقراق بىر نەرسە قىلايلى دەپ . . .
— توختىسىلا ، توختىسىلا ، مۇشۇ بىزنىڭ ئۆي ئورنىغا دېسىلە ؟ قانداق بولۇپ بۇ يەرگە سىلى ئۆي سالىلا ؟
— ئەسلىرىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتىمۇ نېمە ؟ بۇ يەرنى مەتياكام بىلەن بولۇغ ئېتىشكىنىمىزگە ئىككى ئايدىن ئاشتىغۇ دەيمەن ؟
— نېمە ؟ ئۆيلەرنى مەن ئالغان دەۋاتامدىلا ؟ قانداق گەپ بۇ ؟ ئەجەب مەن ئۇقماپتىمىنا ؟ ئۇنداقتا دادام نەدە تۇرىدىكەن ؟
— بۇ تەرىپىنى ئۇقمىدىم . مەتياكام ئۆزلىرىنىڭ يېنىدا تۇرۇپمۇ بۇ ئىشلارنى بىلمىگەنلىرى قىزىقكەن ، — بەدەل تۇگ-مەن ئېگىكىنى تاتىلاپ قويدى . ئۇنىڭمۇ چىرايىغا تەئەججۇپ سايە تاشلىغانىدى .
— دادام ، ئۇ . . . — مەتنىياز دادام مېنىڭ يېنىمدىمى-كەن ؟ دېمەكچى ئىدى . لېكىن ، خەقنىڭ ئالدىدا كۈلكە بولۇشنى تويۇپ ، گېپىنى يۇتۇۋالدى . ئۇ دادىسىنىڭ بۇ ئۆيلەرنى نېمىدەپ ساتقىنى ، ئۆزىنىڭ قەيەرگە كەتكىنى ئۈستىدە بۇنىڭدىن ئارتۇق

گەپ كوچلىيالمايتتى . سورىسا ، ئۇقۇشى مۇمكىن ئىدى . بىراق ، بىر چاغلاردىكى يامان ئاتىقى ئەمدى يېتكەن تۇرسا ، سايىدىكىنى ساتمىغا چىقىرىپ نېمە قىلىدۇ ؟ ئىشىنىڭ تېگىنى ھامان ئېنىقلىغىلى بولىدۇ . ھازىرچە خەقنىڭ بىلمىگەن يەردە تۇرغىنى ياخشى . ئۇلار بوۋاينى مەتنىيازنىڭ قېشىدا دېگەن بولسا ، شۇنداق دەپ تۇرسۇن ، ئەمما بۇ ئۆيلەرنى يېقىتىشقا بولمايدۇ .

— يەنە بىر دېسىلە ، — دېدى مەتنىياز خىياللار ئاستىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ ، — بۇ ئۆيلەرنى مەن ئالدىم ، يېقىتىۋېتىپ قايتىدىن سالىمەن ، ھەۋاتاملا ؟

— ئۆزلىرى ئاڭلىدىلىمىيا ، ئۇكام !؟ — بەدەل تۇگمەن ھامان ئېڭىكىنى تاتىلاپ تۇراتتى ، — ئالغىلى ئىككى ئاي بولدى .

— ئىككى يىل بولغان بولسىمۇ ئۆينى ساتمايمىز ! نەچچە پۇلغا ئالغان بولسىلا ، بازىمانلىقتا① پۇللىرىنى سانىۋالسىلا . بۇزغان يەرلىرىنى جايى - جۇيىغا ئەكېلىپ قويسىلا !

— نېمە دەيدا ؟ — دېدى بەدەل تۇگمەن سەل جىددىيلىشىپ ، — ئېيتسىلا ، سىلىدىن ئىككى پۇلغا ماش ، تۆت پۇلغا پىننە ئاپتىمەنما ؟ سودىنى دادىلىرى بىلەن قىلىشقان . نېمىدەپ سىلىگە ياندۇرغۇدەكمەن ؟

— ياندۇرمىغانلىرىنى كۆرۈپ باقاي ! سوتقا بارغاندىغۇ چۈشىنەلا ؟

— سوتقا بارىمەن دېسىلە يول ئوچۇق ، چوڭراقىغا بارسىلا ، ناھىيىگە بارسىلا . كىچىكرەكىنى دېسىلە مانا بىزنىڭ يېزىدىمۇ سوتنىڭ تۆت كادىرى بار .

مەتنىياز گەپ قىلمايلا ماشىنىغا چىقىپ ، ئىشىكنى كۈچ

① بازىمان - كەچقۇرۇن .

بىلەن ياپتى. ئۇ ئاۋۋال مەتنۇرنىڭكىگە بېرىپ، ئىشنىڭ تېگىنى ئۇقماقچى ئىدى. «دادامنىڭ نېمە قىلىپ يۈرگىنىدۇ بۇ؟ — دەيتتى مەتنىياز كېتىۋېتىپ، — پالان ئىشنى پوكۇن قىلغىلى قويپتۇم، بۇنىڭ ۋەجى ماۋۇ، دەپ بىر ئېغىز تىنىپ قويسا بولمامدۇ؟ قاراپ تۇرۇپ، ئۆيىنى سېتىۋەتسە قانداق بولىدۇ؟

لېكىن ئۆزى نەگە كەتكەندۇ؟ قايسى چاغدىكىدەك مازارلىقتا چىقىۋالغانمىدۇ؟ خۇدا ساقلار، ئۇنداق قىلمىغاندۇ. ھە قاچان مەتنۇرى مەن ئۆيدە بولالمىغاندىكىن، باللىرىمغا ھەمراھ بولغاچ شۇ يەردە تۇرسۇن، دەپ ئېلىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ كۆڭلى يەنە ئۆينىڭ پۇلىغا ئاغدى، — بۇ گۇيمۇ پۇلنى كۆزلەپ ئاپىرىۋالغان نېمە. ئۇنداق ھەممىنىمۇ يۇتقىلى قويماسمەن. خەپ، ئىككى خوتۇننىڭ سەتلىشىپ قالغىنىنى دېسەمغۇ پۇتۇمنى ئالماسمەن، دېۋىدىم. لېكىن ئايەم كېلىۋېتىپتۇ. ئاتاپ كەلگەن نەرسىلەرنى بېرىپ كەتمىسەم بولماس...»

مەتنىياز ئاشۇ خىياللار ئىچىدە مەتنۇرنىڭكىگە كەلدى يەڭگىسى ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ھېيتلىق نان ياقىلى كەتكەندى ئۆيدە ئۇنىڭ باللىرى بار ئىدى. مەتنىياز باللاردىن كۆپ گەپ سورىمايلا لاسىدە بوشاپ كەتتى. چۈنكى، باللارمۇ بوۋىسىنىڭ قەيەردە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇنى كۆرمىگىنىگە ئىككى ئاي بولغىنىنى ئېيتىشاتتى.

مەتنىياز سالپىيىپ قايتىپ كەلدى. كاللىسىنى بىر تالاي ۋەھىمە، خىلمۇخىل تەسەۋۋۇر يىپلىرى چىرمىۋالغانىدى. بۇ ۋەھىمە، خىياللار دادىسىنىڭ تەقدىرىدىن ئەمەس، بەلكى مۇشۇ ئىشلار تۈپەيلى ئۆز كەينىدىن بولىدىغان سۆز - چۆچەك، ئەيىبلەشلەردىن ئەنسىرىشى ئىدى.

«خەقلەرنىڭ ئېغىزى يەنە ئېچىلىدىغان بولدى، — دەپ ئويلايتتى مەتنىياز، — چىدىماس گۇيلار تاپقىنىمغا پايلىماي،

دادىسىنى ئاق ئەتتى ، كۆك ئەتتى . پالانچىنىڭ بالىسى ، دېگىلى تۇرسا ، يەنە باش كۆتۈرەلمەيدىغان بولدۇم ـ دە ، ھەي دادا ، ھەي دادا ، ئادەمنى بۇنداق سورىۋەتمىسىڭىز بولماسمىدى ؟ »

مەتنىياز شۇ كۈنى كەچلىك تاماقنىمۇ يېمىدى . كېچىنى كۆز يۇمماي خىيال بىلەن تاڭ ئاتقۇزدى . ئۇنىڭ كاللىسىدا دادىسىنى قەيەردىن ، كىمدىن ئىز ـ دېرەكلەش ، قانداق تېپىش ، ئۆزىگە تىكلىنىپ كېلىۋاتقان سۆز ـ چۆچەكلەرنىڭ ئالدىنى قانداق ئېلىش ، دېگەن خىيال ھۆكۈم سۈرەتتى . ئۇيان ئويلاپ ، بۇيان ئويلاپ ھېيت ھەپتىسى ئۆتۈپ كەتتى . ئارىدا ئۆيىنى قايتۇرۇۋالمەن ، دەپ بەدەل تۆگمەن بىلەن سوتتا بىر ھەپتە يۈردى . ئەمدى ھېيتتا تاقىۋەتكەن رېستورانىنى ئاچىدىغان ۋاقىت كېلىپ قالغانىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېيتتا گۆش يەپ ئىچى قىزىپ كەتكەنلەرنىڭ مەيخانىنى ئاۋاتلاشتۇرىدىغان ئوبدان پەيتى ئىدى . مەتنىياز دادىسى توغرىسىدىكى ئويلىنىشلىرىنى ئاخىرىغا چىقارمايلا يەنە رېستورانغا باغلىنىپ قالدى . بىر نەچچە ھەپتە ۋاقىت ئۇنىڭغا تۇيدۇرمايلا ئۆتۈپ كەتتى . شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىر ئەتىگىنى مەتنىياز ئورنىدىن ئېلىشىپ قېلىپ قوپتى . بۇ كۈنى مەتنىياز ئۆيدە يالغۇز ئىدى . خوتۇنى بالىلىرىنى ئېلىپ يېزىغا ـــ ئاتا ـ ئانىسىنىڭكىگە كەتكەنىدى . مەتنىياز رېستورانىنى ئادەتتىكىدىنمۇ كەچ تاقىدى . چۈنكى ئۆزىمۇ سورۇنغا قاتنىشىپ قالغانىدى . كەيپلىكتە مەستلەرنى قوغلاشنى ئۇنتۇپ ، ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتكەنىدى . ئۇ ئۆيىگە كېلىپلا چالا ـ بۇلا يېشىنىپ ، كارىۋاتقا تاشلاندى . تاشلاندىيۇ ، تولىمۇ غەيرىي بىر تىۋىشتىن چۆچۈپ تۇرۇپ كەتتى . ئۆيىنىڭ چىرىغىنى تېخى ئۆچۈرمىگەنىدى . تورۇسنىڭ ئىككى يېرىگە ئېسىلغان نوغۇچ چىراغ ئۆي ئىچىنى سۈتتەك يورۇتۇپ تۇراتتى . مەتنىيازنىڭ قۇلىقىغا دەسلەپ گۈركىرەپ چىقىۋاتقان بوران شەپىسى ئاڭلاندى . ئۇ ناھايىتى شىددەتلىك ئىدى . ھويلىسىدىكى تال

بارنڭى توختىماستىن شارقىرايتتى . تۆمۈر دەرۋازىسى جاراقلايت-
تى . دېرىزە كۆزنەكلىرىگە داڭگاللار تىرىڭلاپ تېگەتتى . ئۆگزى-
سى غىرىسلايتتى . شۇ ئەسنادا نېمىدۇر بىر نەرسە چاك -
چېكىدىن چاراسلاپ يېرىلدى . ئۇ مەتنىياز تۇرغان ئۆينىڭ تېمى
ئىدى . بىرتام قاق ئوتتۇرىدىن يېرىلىپ ، تورۇستىن يەرگىچە
ئۇزۇن بىر چاك ھاسىل قىلغانىدى . چاك ئىككى يېنىغا
ئاستا - ئاستا كېڭىيىپ ، ئىشىك كەڭلىكىدە يوچۇق پەيدا بول-
دى . مەتنىياز بۇ ئالامەتتىن داڭقېتىپ قالدى . كۆپ ئۆتمەي
يوچۇقتىن بىر گەۋدە كىرىپ كەلدى . ئۇ ، ئادەمگىمۇ ، بىرەر
مەخلۇققىمۇ ئوخشىمايتتى . ئەپتى سۇرلۇك ، بەھەيۋەت ، قولىدا
بىر گەزچە كېلىدىغان نۇر كالتىكى بار ئىدى . كالتەك گاھ
ئۇزىراپ ، گاھ قىسقىراپ تۇراتتى . توختىماي نۇر چىقىراتتى .
چىققان نۇر يورۇقىدىن كۆز ئاچقىلى بولمايتتى . ئۇچىدىن تار-
قىغان ھەر بىر تال نۇر زەررىسى كۆزگە نەشتەردەك ئۇرۇلاتتى .
تەپتى سۇۋاركا يالقۇندەك كۇچلۇك ئىدى . گاھ سانجىلىپ ،
گاھ كۆيدۈرەتتى . مەتنىيازنىڭ يۇرىكى چىقىپ كەتتى . ئىشتى-
نىنىڭ پۇچقاقلىرىدىن ساقىپ چۇشكەن ئىسسىق بىر ئېقىمنىمۇ
سەزمەي قالدى . بۇ ئېقىم ھەتتا بەتىنكىسىنىڭ ئىچىگىمۇ ساقىپ
كىرىۋاتاتتى .

— مەتنىياز دېگەن سەنما ! ؟ — ۋارقىرىدى ھېلىقى
گەۋدە . ئۇ ئىككى پۇتىنى سىركۇلدەك ئېچىپ ، قوللىرىنى
بېلىگە تىرەپ تۇراتتى . ئۇنىڭ بۇ ھالىتى كىنولاردىكى تۆمۈر
ئادەملەرگە ئوخشايتتى . ئەمما ، ئاۋازى ئادەمنىڭكىگە — مەتنى-
يازغا تونۇش بولغان كىمنىڭدۇر ئاۋازىغا ئوخشايتتى . ئاۋازىغا
قاراپ ، مەتنىيازغا سەل جان كىرگەندەك بولدى .

— مە . . . مە . . . مەن شۇ . سەن ئۆزۈڭ كىم ؟ ئالۋاس-
تىمۇ ، ئوغرى - بۇلاڭچىمۇ ؟ نېمە بولساڭ مەيلى ، ساڭا پۇل
كېرەكمۇ ؟ مانا . . . مانا ، ھازىر پۇل ئېلىپ بېرىمەن ، —

مەتنىياز ياستۇق تېگىنى مالتىلاپ، يوغان بىر پىچاقنى چىقار-
دى. ئۇ بۇنى دائىم ياستۇق ئاستىغا قويۇپ ئۇخلايتتى.
غەلىتە گەۋدە مىت قىلمىدى. ئەكسىچە نۇر كالتىكىنى بىر
شىلتىۋېدى، مەتنىيازنىڭ پىچىقى نەگىدۇر ئۇچۇپ كەتتى. ئار-
قىدىن شالاق - شۇلۇق قىلىپ بويىنىغا يوغان بىر شال چۈشۈپ
قالدى. مەتنىياز ئەمدى ئۆلۈمگە ياكى گۈندىخانىغا ئېلىپ مېڭى-
لىش ئالدىدىكى مەھبۇسقا ئوخشاپ قالغانىدى. مەتنىياز بۇ قېې-
تىم قاتتىق قورقۇنچ ئىچىدە ئىككى قېتىم يەل قويۇۋەتتى
— ھۇ، ئەقلى بۇلغانغان پەسەندى! ماڭا تىغ تەڭلىمەكچى
بولامسەن تېخى!؟
— يوقسۇ، يوقسۇ، مەن ئېزىپتىمەن، — مەتنىياز
غال - غال تىترەيتتى. كۆزلىرى پولتىيىپ چىققانىدى.
— قېنى، ئېيتە، سەن ماڭا قانچىلىك پۇل بەرمەكچى؟
— قانچىلىك دېسىڭىز شۇنچىلىك بولسۇن. پەقەت جې-
نىمنى ئامان قويسىڭىزلا بولدى.
— ئەمىسە، تاپقان - تەرگىنىڭنىڭ ھەممىسىنى تۆك!
— بۇ . . .
— نېمە؟!
— خوپ، خوپ، پۇللار ئەنە، ئاۋۇ ئىشكاپتا.
غەلىتە گەۋدە نۇر دەستىسىنى شىلتىدى. كارىۋاتنىڭ يان
تەرىپىگە تىكلەنگەن ئىشكاپ پارە - پارە بولۇپ كەتتى. ئىچىدىن
دەستە - دەستە پۇللار تۆكۈلۈپ چۈشتى. بۇ مەتنىيازنىڭ يىللار-
دىن بېرى توپلىغان پۇللىرى ئىدى. ئۇ تاپقىنىنى ئۇدۇللۇق
مۇشۇ يەرگە تىقاتتى. بانكىدا قويمايتتى. پۇل قويۇلغان بۇ خاس
ھۇجرىغا ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمنىمۇ كىرگۈزمەيتتى. ناۋادا
كىرگۈزۈش توغرا كەلگەندە، ئۇستىدە چوقۇم ئۆزى بولاتتى.
مەتنىياز پولدىكى پۇللىرىغا قاراپ يىلان چاققاندەك پۇچۇ-
لىنىپ كەتتى. قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا قالغان بۇ يوقى-

تمش ئۇنىڭ ئاغىرقى ھوشىنىمۇ ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. شۇ ئارىدا بايىقى گەۋدە نۇر كالتىكىنى يەنە بىر قىمىرلىتىۋىدى ، پۇللار بىرىنىڭ ئۇستىگە بىرى دەستىلىنىپ تورۇسقىچە تاقاشتى . ھەمىمىسى قوچاق يەتمىگۇدەك يوغىناپ كەتكەنىدى . ئۇ مەتنىيازنىڭ كۆزىگە تايلاپ قويۇلغان پاختا دۆۋىسىگە ، ئۆي ئوتتۇرىسىغا تىكلەنگەن مۇنارغا ئوخشاش كۆرۈنمەكتە ئىدى . ئىسسىق ، ئىسسىق ، ئۇنى ئەمدى ئاۋۇ مەخلۇق ئېلىپ كېتىدۇ . مەتنىيازغا بويىنىدىكى مۇشۇ قوۋۇق قالىدۇ . جېنىنىمۇ ئېلىپ كېتەمدۇ تېخى . . .

— مۇشۇ پۇللارنىڭ ھەممىسى سېنىڭمۇ ؟

— ھەئە ، مېنىڭ .

— خوش . . . ئۇنداق بولسا ، ئۇنى كۆتۈر !

— كۆتۈر ؟ كۆتۈرۈپ نەگە بارىمەن ؟

— دوزاخقا !

— ۋاي خۇدايىم ! دوزاخقا دەمسىز . . . سىز زادى كىم ؟ ئەزرائىلمۇ يا . . .

— ئاغزىڭنى يۇم ! پۇلنى يۇدۇپ ئالدىمغا چۈش !

— راست . . . راستتىنلا دوزاخقا ئاپىرامسىز ؟ مەن مەن نېمە گۇناھ قىپتىمەن ؟

— ھۇ ، ۋاپاسىز بەتبەخت ! نېمە گۇناھ قىپتىمەن ، دەيسەنا ؟ سېنى ئاپىرىدە قىلىپ ، يىلىكىدە سۇغۇرۇپ چوڭ قىلغان ئاشۇ دادالى ئالدىدىكى گۇناھلىرىڭ ئازلىق قىلامدا ؟

مەتنىياز چۆشەندى . بۇ دادىسىنى تاشلىۋەتكەن ، ئەجرىنى ئۇنتۇغان گۇناھلىرى ئۈچۈن بېرىلىۋاتقان جازا ئىكەنلىكىنى بىلدى . قارىغاندا بۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمىغۇدەك ، ئالدىدا تۇرغان بۇ گەۋدە ئەزرائىلغا ئوخشايدۇ . ئاللانىڭ ۋەھىمىسى بويىچە پىچىلغان جازانى ئىجرا قىلماي ئۇنىمايدىغان چېغى ، بىراق ئەزرائىل بولسا ، ئاۋۋال جېنىنى تەلەپ قىلىشى كېرەك

ئىدىغۇ ؟ ئەجەب قالغۇدەك تىرىك پېتى ، مال ـ دۇنيالىرى بىلەن بىللە ئېلىپ كېتەمدىكىنە ؟ ئادەمنى تىرىك پېتى دوزاخقا تاشلىسا قانداق بولىدىغاندۇ ؟

ـــ گۇناھىڭ بارمىكەن ؟

ـــ بار ئىكەن . ئەمدى تۆۋا قىلىمەن ، مېنى . . . مېنى ئەپكەتمىسىلە .

ـــ بىلجىرلىماي پۇللىرىڭنى يۇدۇگىن !

ـــ ماقۇل ، ماقۇل ، بىراق بوينۇمغا شال . . .

ـــ ئەممىسە ، دوڭغاي !

مەتنىياز ئالدىدا يېرىم ئېگىشتى . ھېلىقى پۇل مۇنارى لىككىدە قىلىپ گەجگىسىگە چىقتى . ئۇ ناھايىتى ئېغىر ئىدى . غايەت زور تاغقا ئوخشاش بېسىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ كۆتۈرۈشكە قۇربى يەتمەي قالدى . پۇتلىرى ئىختىيارسىز ئېگىلىپ باراتتى . ئۇمۇرتقىلىرى غىرسىلاپ ، ئۇستىخانلىرى مىجىلىپ كېتىدىغان-دەك قىلاتتى . ئۇ قانچە قىلىپمۇ بەرداشلىق بېرەلمىدى . يوغان تاش ئاستىدا پاچاقلانغان قەغەز كەپىدەك يەرگە چاپلىشىپ قال-دى . پۇل گەجگىسىدىن نىقتايتتى . زېمىن ئۇستىگە تېپەتتى . ئۇ پۇل بىلەن زېمىن ئارىلىقىدا ياپىلاقلىنىپ ، قەلەي قونچاققا ئوخشاپ كەتتى . جېنى ، جىسمى ، جىمى سەزگۈلىرى يوقالدى .

ئىشىك قوڭغۇرىقىنىڭ ئۇزمەي جىرىڭلىشى مەتنىيازنى چۆ-چۈتۈۋەتتى . دېرىزىدىن قۇياش نۇرى چۈشۈپ تۇراتتى . تورۇس-تىكى چىراغمۇ يېنىقلىق ئىدى . مەتنىياز ئېسىنى يىغىپ ، ئۆي ئىچىگە ئالاق ـ جالاق قارىدى . ئۆي ئاۋۋالقىدەك تېپتىنچ ، ساق ئىدى . يېرىلغان تام ، چېقىلغان ئىشكاپ ئۆز جايىدا ساپساق تۇراتتى . بىرلا يېرى مەتنىياز قاتتىق پول ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇراتتى . ئۇ چاچراپ تورۇپ ئىشكاپنى ئاچتى . پۇللىرى ئۆز جايىدا رەت ـ رېتى بىلەن تۇراتتى . ئىشىك قوڭغۇرىقى يەنە

ئېرىڭلاپ كەتتى. مەتنىياز يەنە ۋەھىمىگە چۆكتى. ئۇنىڭ كۆزى تامدا — ئاغشام ئېرىلغان جايدا ئىدى. ھېلىقى بەھەيۋەت گەۋدىنى كۆتكەندەك تىن ئالماي تۇراتتى. لېكىن، ئىشىك قوڭغۇرىقىدىن باشقا نەرسىنىڭ شەپىسى يوق ئىدى. مەتنىياز دېلىغۇللۇق ئىچىدە بېرىپ ئىشىكنى قىيا ئاچتى. ئىشىكتە رېستوراندىكى لاۋزىمەتچىسى كۆرۈندى

— نېمە گەپ!؟

لاۋزىمەتچى بۇ سوراقتىن بىردەملىككە مەڭدەپ قالدى.

— ئىشقا كەلمىدىڭلە، نېمە ئىش بولدىكىن دەپ...

— ئىشقا؟ رېستورانغىمۇ؟ بولدى، بارمايمەن.

— بۇ...

— بارمايمەن دېگەندىن كېيىن بارمايمەن. مېنىڭ ئىشىم بار.

مەتنىياز شۇنداق دەۋېتىپ، كارىۋاتنىڭ كىرلىكىنى يۇلۇۋالدى. ئۇنى سەللە قىلىپ بېشىغا ئوراشقا باشلىدى. لاۋزىمەتچىنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. مەتنىيازنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى يوق ئىدى. ئۇ سەللىنى ئوراپ بولۇپ پولغا يۈكۈندى. قولىنى تىزى ئۈستىگە قويۇپ، بىر نېمىلەرنى پىچىرلاشقا باشلىدى.

مەتنىياز شۇ سائەتتىن باشلاپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. رېستوران قېيىنىسىنىڭ قولىغا قالدى. ئۇ زت ئاي ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ، ئاران دېگەندە ھوشىغا كەلدى

ئۇنىڭغا نېمە بولغىنىنى، قانداق كېسەل تەگكىنىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. «نېمە بولدىڭىز؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب بەرمەيتتى. شۇنداق قىلىپ بۇ سىر سىر پېتىچە قالدى. باشقىلار

ئۇنى رېستورانغا چىقىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. ئەمما ئۇ رېستورانغا بارمىدى. ساقىيىپ بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بالىلىرىغا ئېيتىپ قويۇپ، دادىسىنى ئىزدەپ چىقىپ كەتتى.

## كۈتۈلمىگەن ئۇچرىشىش

مەتيا بوۋاينىڭ بۇ چوڭ شەھەردىكى هاياتى ئاز كەم يېرىم يىلنى ئۇزاتتى. ئۇنىڭغا شەھەرنىڭ ئوي - چوڭقۇرى، يىراق - يېقىنلىرى خېلىلا تونۇشلۇق بولۇپ قالغانىدى. ئەمدى ئۇ بىر چاغلاردىكىدەك هوشۇر بوۋايغا ئەگىشىپ يۈرمىسىمۇ، ئۆزى خالىغان يېرىگە بارالايتتى. شۇ يىلى نويابىرنىڭ بىر ئەتىگىنى هايات بوۋايغا ئويلىغان بىر قىسمەتنى ئىنئام قىلدى.

ئۈرۈمچىدە قار چۈشۈپ كەتكىلى خېلى بولغانىدى. ھەممە يەر — يوللار، ئۆگزىلەر، دەل - دەرەخلەر گويا هازا كىيىمى كىيىۋالغاندەك، ئاپئاق يوپۇق ئاستىدا مۈگدىنىپ ياتاتتى. كوچىلارنىڭ قاسناقلىرىغا كۆرەپ قويۇلغان قار دۆۋىلىرى سوغۇقتا ئۇيۇپ كەتكەنىدى. بەزىلىرى ئاياغ ئاستىدا قارىيىپ ياتاتتى. ئاپتاپلىق كۈنلەردە بۇ دۆۋىلەرنىڭ چۆرىسىگە ئەگىزلەر ساقىشقا باشلايتتى. كۈن قىيىلىش بىلەنلا مۇزغا ئايلىناتتى. ئاسفالت يوللار كۆپكۆك مۇز تاختىسىدەك يالتىراپ، سىلىقلىشىپ قالغانىدى. ئاچچىق سوغۇق يۈز - كۆزلەرگە رەھىمسىزلىك بىلەن نەشتەر ئۇراتتى.

بوۋاي بۈگۈن دۆڭكۆۋرۈكتىكى ئاۋات رەستىنى نىشانلاپ كەلدى. ئۇ بۇ يەرگە قايسى كۈنى بىر كەلگەنىدى. بۇ رەستە ئۇنىڭ كۆزىگە باشقىچە بىر خىل ئىللىق كۆرۈنگەنىدى. تاپاۋتىمۇ ئوبدان بولغان. كىمگىلا قول سۇنمىسۇن، تىلىكى يەردە قالمىغانىدى. ياخشى يېرى، سىرتنىڭ سوغۇقىدا شۈمشەرەپ

يۇرمىسىمۇ ، ھېلىقى چوڭ ، ئاۋات سودا سارىيىنىڭ پەلەمپەي ، دوقمۇقلىرىدا ئولتۇرۇپمۇ ئوبدانلا تىلىگىلى بولاتتى . سوغۇقتىنمۇ پاناھلىنىۋالاتتى .

بوۋاي ساراي ئالدىغا كېلىپ ، كىچىككىنە تۇرۇپ قالدى . ساراي ئالدىدىكى كىچىك - كىچىك يايمىلار ئەتراپىغا بىر مۇنچە كىشىلەر ئولىشىۋالغانىدى . كۆپىنچىسى قىزلار ، چوكانلار ، ياش باللار ئىدى . بوۋاي شۇلاردىن ئۈمىد كۈتۈپ ، يايما يېنىغا سىلجىدى . دەسلەپ بىر قىز بىر سوم تۇتقۇزۇپ قويدى . مانا شۇ چاغدا ماگىزىن ئالدىدىكى سەيناغا بىر تاكسى كىرىپ توختىدى . ئىچىدىن ئۈچ كىشى چۈشتى . ئۇنىڭ بىرى ئوتتۇز ئۈچ - ئوتتۇز تۆت ياشلاردا بار ئىدى . بېشىغا سۇنئىي تالالىق قاما تۇماق ، ئۇستىگە خۇرۇم چاپان كىيىۋالغانىدى . پېشانىسى كەڭ ، بۇرنىنىڭ ئۇچىدا تىرناقچىلىك قارا داغ — مەڭ بار ئىدى . قولىدا كىچىكرەك بىر چامادان تۇراتتى . ئۇ ماگىزىن پەلەمپىيىگە پۇتىنى ئېلىۋېتىپ ، ئىختىيارسىز توختاپ قالدى . ئۇنىڭ كۆزى بىر قەدەمچە نېرىدا بىرىگە قول سۇنۇۋاتقان بوۋايغا چۈشۈپ قالغانىدى . بوۋاي يېنىچە تۇراتتى . تىنىقىدىن ئاپئاق ھور ئېتىلىپ چىقاتتى . سالمىقىنى ھاسىسىغا تاشلاپ ، قەدەملىرىنى ئېھتىيات بىلەن يۆتكەيتتى . چامادانلىق ئادەم ئۇنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرەلمىدى . ئەمما تۇرقىدىن ، يۈزىنىڭ يېرىمىدىن بولسىمۇ ، يۈرىكى ناھايىتى يېقىن بىر تونۇشلۇق تۇيغۇسىدىن دالالەت بەردى . شۇندىمۇ بۇ سەزگۈلەردىن گۇمانلىنىپ قالدى . چۈنكى ئۇ بۇ چىرايىنى ، بۇ گەۋدىنى بۇنداق يىراق بىر يۇرتتا ئۇچرىتىپ قېلىشقا ئىشەنمەيتتى .

ئۇ يەنە بىر پەلەمپەي كۆتۈرۈلدى . يېنىدىكى ئىككى ھەمراھى ماگىزىنغا كىرىپ كېتىپ بولغان ، ئۇ ئاشۇلارنىڭ كەينىدىن يېتىشىۋالماقچى ئىدى . ئەمما ئۈچىنچى قەدىمىنى يۆتكىۋېتىپ ، يەنە تۇرۇپ قالدى . ئەمدى ئۇ بوۋاينىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرگە-

ندى . بۇ تونۇشلۇق ئۈنىڭ كۆمانلىرىغا ئەمدى ئورۇن بەرمەيت-
تى . «ئەجەب ئىشىيا بۇ ؟ — دەپ قالدى ئۇ تېڭىرقاپ ، ئادەم
دېگەن شۇنداقمۇ ئوخشىغان بارمۇ ؟ يا ئۆزى شۇمۇ ؟» يىگىت
ئىختىيارسىز بوۋايغا يېقىنلاشتى . ئالدىغا ئۆتۈپ ، سىنچىلاپ
قارىدى . ئۇ ھەقىقەتەن يىگىتنىڭ يۈرىكى گۇۋاھلىق بەرگەن
كىشىنىڭ دەل ئۆزى ئىدى .

بوۋاي ئالدىغا كەلگەن كىشىگە لاپ قىلىپ قارىدى ، ماڭا
سەدىقە بەرمەكچى دەپ ئويلىدى . ۋەھالەنكى ئۇنىڭ ئويىدىكى
كۆزلىرىگە ھەيرانلىق سايىسى قاراڭغۇ تاشلىدى . بايىلا مۇلايىم ،
بىچارىلىك ئالامىتى رەڭ بەرگەن قارىچۇقىدىن غەلىتە بىر نۇر
پال قىلىپ ئۇچۇپ چىقتى . ئۇمۇ بۇ يىگىتنى تونۇغانىدى .
بوۋايمۇ ، ھېلىقى ئادەممۇ قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قېلىشتى .
سېكۇنتتىن كېيىن بوۋاي ھېچنېمە بولمىغاندەك ، ھېچكىمنىمۇ
كۆرمىگەندەك قەدىمىنى بۇرىدى . نېمىنىدۇر دېمەكچى بولۇپ
تەمشەلگەن يىگىتنى تاشلاپ كېتىپ قالدى . يىگىت جىددىيلەش-
تى . ئۇنىڭ بوۋاينى تۇتۇپ قالغۇسى بار ئىدى . ئەمما ئۇنى
نېمىدەپ چاقىرىشنى ، قانداق توختىۋېلىشنى بىلمەي بېشى قات-
تى . بۇ يەرنىڭ مۇشۇنداق ئاۋات بىر رەستە بولۇپ قالغىنى
ئۇنى تىت - تىت قىلىۋەتتى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ دىلىغا ، تىلىنىڭ
ئۇچىغا كەلگەن تولىمۇ ئۇلۇغ ، تولىمۇ يېقىملىق بىر سۆز بار
ئىدى . ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ ، بۇ سۆزنى چىقىرىشتىن ھېيىقتى .
ئاشۇ سەلتەنەتلىك سۆز بوغۇزىغا تۇرۇپ قالدى . ئۇ ئۆز ۋىجدانى-
غا خىلاپلىق قىلغانىدى . چۈنكى ، مۇشۇ سالاپەتنى بىلەن بىر
دۇۋاننى ئاشۇ ئۇلۇغ ، مۇقەددەس ئاتالغۇ بىلەن چاقىرسا ، ئاڭ-
لىغۇچىلارنىڭ ئۆزىگە ھەيرانلىق ۋە ياكى مەسخىرىلىك بېقىشلى-
رىدىن تەپ تارتىپ قالغانىدى .

بوۋاي كەتتى . بۇ يەردىكى تاپاۋەتتىنىمۇ ، ھېلىقى تونۇش
كىشىدىنمۇ كېچىپ كەتتى . ساراي ئالدىدىكى كىشىلەر بۇ ئىك-

كىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سىرلىق بېقىشلارنى ، تەمتىرەش ۋە تاشلاپ كېتىشلەرنى بايقىماي قالدى . بوۋاي قايسى تەرەپ مېڭىشقا ئاسان ، ئەپلىك بولسا ، شۇ ياققا قارارسىزلا كېتىۋاتاتتى . كۆپ ئۆتمەي ، چامادان كۆتۈرگەن ئادەم قايمۇقۇشتىن ئويغاندى . پەلەمپەيدىن يېنىپ ، بوۋايغا ئەگەشتى .

بوۋاي توختىمايتتى . كەينىگىمۇ قارىمايتتى . بىرەر ئىشقا ئالدىراۋاتقاندەك ، تېز - تېز مېڭىپ كېتىۋاتاتتى . ئەگىشىپ ماڭغان كىشى دەسلەپ كۆرۈنەر - كۆرۈنمەس كەلدى . كېيىن ئۇمۇ قەدىمىنى تېزلەتتى . چۈنكى ، بوۋاينى ئىككىنچى قېتىم يوقىتىپ قويۇشتىن ئەنسىرەيتتى . يىگىرمە قەدەم ، ئون بەش قەدەم ، ئون قەدەم . . . ئۇ بوۋاي كېتىۋاتقان يول چېتىنىڭ ئادەمسىز بىر يېرىگە كەلگەندە ئۇنىڭغا يېتىشتى ۋە ئىككى چامداپلا ئالدىغا ئۆتتى :

— دادا !

بوۋايچە بولسا ، پەرۋايى يوق كېتەتتى . نېمىشقىكى ، ئۇنىڭ ئاياغلىرى ئىختىيارىغا باقمىدى . «دادا» دېگەن ئاشۇ ئاۋاز ئاياغلىرىنى ماگنىتتەك تۇتۇۋالدى . ئۇنىڭسىزمۇ يىگىت ئۇنىڭ ئالدىنى روبىرو توسۇپ تۇراتتى . بوۋاي يەنىلا ئۇنى تونۇمىغان قىياپەتتە چەكچەيدى .

— دادا ، سىز . . . قانداق بولۇپ بۇ يەردە يۈرىسىز ؟

— كىمنى دادا دەۋاتىسىز ؟ — بوۋاي قەستەن ئىككى يېنىغا قاراپ قويدى . ئۇنىڭ ھەر بىر تىنىقىدىن شىددەتلىك ھور ئېتىلىپ چىقاتتى .

— نېمە ، مېنى تونۇمىدىڭىزما ؟

— ياق ! — دېدى بوۋاي تەئەددى بىلەن ، — سىز ئېلىشىپ قالغان ئوخشايسىز ، نېمىدەپ بىر دېۋاننى دادا ، دەۋالىسىز ؟ !

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ ؟ — يىگىت ئۇنىڭ باتناشلىرىنى

چۈشەندى ، — مېنى راستتىنلا تونۇمىدىڭىزما؟ مەن دېگەن مەتنۇرىيا مانا؟

دەرۋەقە بوۋايغا ئەگىشىۋالغان بۇ كىشى مەتنۇرى ئىدى. ئۇ ئىچكىرىدىن ئالدىنقى كۈنى كەلگەنىدى . بۇگۈن بىر سودىغا خېرىدار ئىزدەپ يۈرگىنىدە بوۋاينى يولۇقتۇرۇپ قالغانىدى .

— مەتنۇرى بولساڭ قانداق قىلاي ! — بوۋاي قادالدى . مەتنۇرى يەنە بىر قېتىم تەمتىرەپ قالدى . ئەمما ، ئۇنىڭ بايىقى ياسىما «سىز» لەشتىن «سەن» لەشكە ئۆتكىنىگە قاراپ ، بوۋاي-نىڭ پەسكارىغا چۈشكىنىنى سەزدى . ئۇ بوۋاينىڭ قېيىداشلىرى-نى چۈشىنەتتى . شۇنداقلا ئۇنى يەنە قاچۇرۇپ قويۇشتىنمۇ قور-قاتتى . ئۇسال ئەھۋالدا تۇرۇۋاتسىمۇ ، بوۋاينىڭ كۆزىگە كىرىۋالدى .

— ئۇنداق قىلماڭ ، دادا . بۇ دېگەن چوڭ شەھەر ، يېزىغا ئوخشىمايدۇ . بۇنداق رەستىدە ئېگىز - پەس قېيىدىشىپ يۈر-سەك بولماس . مەن سىزنى چۈشكەن يېرىمگە ئېلىپ باراي . ھەر قانداق گەپ بولسا ، شۇ يەردە دېيىشسەك قانداق؟

— دېيىشكۈدەك قانداق گەپ بار ئىدى؟ گېپىڭ بولسا ، دە . بولمىسا ، مېنى ماڭغىلى قوي ، — بوۋاي قەدىمىنى يۆتكى-دى

— دادا ، سىز . . . — مەتنۇرى ئۇنىڭ بىلىكىدىن چىڭ-گىدە تۇتتى ، — ئوبدان دادا ، بۇنچىلىك جاھىللىق قىلمىسى-ڭىزچۇ؟ مەندىن خاپا بولۇۋاتقىنىڭىزنى بىلىمەن . «قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە ، باش يېرىلسا بۆك ئىچىدە» دەيدىغان ئوبدان بىر گېپىڭىز بار ئىدىيا؟ نېمە قىلىمىز بۇ يەردە تارتىشىپ يۈرۈپ؟ مەندە گۇناھ بار ، سىزگە قارىيالمىدىم . ئىچكىرىگە بارمىغان بولسام بۇنداق ئىشمۇ بولماسكەن . ماقۇل دەڭ ، دادا ، ياتاققا بېرىپ ئىككى ئېغىز مۇڭدىشىلى ، ئاندىن كېيىن نېمە دېسىڭىز مەيلى .

ئۇ گويا بوۋاينى قويۇۋەتسىلا غايىب بولۇپ كېتىدىغاندەك ھامان چىڭ تۇتۇپ تۇراتتى. بوۋاي ئۇنىڭ ئۆز بىلىكىنى تۇتۇپ تۇرغان قوللىرىنىڭ توختاۋسىز تىترەۋاتقىنىنى سەزدى. كۆزلىرىدە ياش ئەگىپمۇ قالغاندى. يەنە نېمىشقىكىن، شۇنچە سوغۇقتىمۇ پېشانىسىدىن بۇژ - بۇژ تەر تەپچىرەپ تۇراتتى. بۇ ھالەتنى كۆرۈپ، بوۋاي ئاستا - ئاستا يۇمشاپ قالدى. ئۇ كۆڭۈل رەنجىشلىرىگە بېقىپ بايىقىدەك تەتۈرلۈك قىلىسىمۇ، يەنە بىر يېرىدە كۆز ئالدىدا ئۈمچىيىپ تۇرغان بۇ بالىسىغا چىدىمىدى. ئۇنىڭ ئەيىبكارانە ھالدا باش سېلىپ تۇرۇشى، چىرايلىق، يۇمشاق گەپلىرى، ئەڭ مۇھىمى، ئاتا - بالىلىق مېھرى بوۋاينى ئېرىتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ مەتنۇرنىڭ كېيىنكى گەپلىرىگە ئېتىراز بىلدۈرمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىگىمۇ ھېچقانداق خىيال كەلمەيۋاتاتتى.

مەتنۇرى تاكسىدىن بىرنى توستى، بوۋاينى يېتىلەپ كېلىپ ئىشىكنى ئاچتى. ئۇنىڭ كىچىك ماشىنىغا ئولتۇرۇشى ئىككىنچى قېتىملىقى ئىدى. ئەمما بۇ قېتىم ناھايىتى ئىززەت - ئىكرام بىلەن يۆلەشتۈرۈلۈپ چىقىۋاتاتتى. ئۇ ماشىنىغا چىقىۋاتقىنىدا، كۆز ئالدىدىن بىرىنچى قېتىم مەجبۇرىي بېسىلغان ۋاقتىدىكى كۆرۈنۈشلەر لىپپىدە ئۆتۈپ كەتتى.

مەتنۇرى چۈشكەن مېھمانخانا كىچىكرەك كوچىلارنىڭ بىرىدە بولۇپ، چوڭ كوچىلاردىكى يۇلتۇزلۇق مېھمانخانىلاردىن خېلى تۆۋەن تۇراتتى. ئورنى خىلۋەت، جىمجىت ئىدى. كۆپىنچە سىرتتىن كەلگەن تىجارەتچىلەر چۈشەتتى. مەتنۇرى بوۋاينى تۆت كارىۋاتلىق بىر ياتاققا باشلاپ كىردى. ياتاق ئىچى پاردىن ئوبدانلا ئىللىپ قالغاندى. ئىشىكتىن كىرىشىگىلا بوۋاينىڭ يۈزىگە لاپپىدە ئىسسىقلىق ئۇرۇلدى. سوغۇق باشلانغاندىن بېرى، ئۇ بۇنچىلىك ئىسسىقتىن بەھرە ئېلىپ باقمىغانىدى. ئۇلارنىڭ گەمىسىدە كونىراپ كەتكەن بىر ئەسكى مەش بار

ئىدى . ئەخلەت مەيدانلىرىدىن تېرىپ كەلگەن كۆمۈر ئۇۋاقلىرى-
نى قالاپ ئىسسىناتتى . مەشكە لىق توشقۇزۇپ قالغۇدەك جىق
كۆمۈر بولمىغاچقا ، ئەمسىنى كۆڭۈلدىكىدەك ئىللىتالمايتتى .
شۇ سەۋەبتىن ئەمدىمۇ چاپانلىرىنى يېشەلمەيتتى . مەتنۇرى
بوۋايغا قىزىققىنا بىر كورۇشكا چاي قۇيدى . شىرە ئاستىدا
ئەتىگەن ناشتا قىلىپ قېپقالغان تۆت دانە پەرمۇدە بار ئىدى .
ئېلىپ ئالدىغا قويدى .

— قىزىق چايدىن ئوبدان بىر ئىچىۋېلىڭا ، ئىسسىپ قالى-
سىز .

بوۋاي ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان چايغا بىر تەمشىلىپ بو-
لۇپ ، يەنە جىمىۋالدى . ئۇنىڭ قىزىق چاينى تازا قېنىپ بىر
ئىچكۈسى بار ئىدى . لېكىن نېمىشقىدۇر قول ئۇزاتمىدى .
نانغىمۇ قارىمىدى . ئۇنىڭ ھېلىھەم قېپىداۋاتقىنىنى ياكى كۆڭ-
لىگە باشقا بىر ئوي كەلگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى .

«دادامنىڭ ئاچچىقى بار ، — دەپ ئويلايتتى مەتنۇرى
ئۇنىڭ ئەلپازىغا قاراپ ، — بىزدىن ھەقىقەتەن كۆڭلى قالغان .
ئۇنىڭ ئۈستىگە ، زەردىسى بەك يامان . قېيداپ قالسا ، ئاساس-
لىقچە يۇمشىمايدۇ . ھەقاچان ، تارتقان جەبىر - جاپاسى ئېسىگە
كېلىۋېلىپ ، ئىشتىھاسىنى بوغۇپ قويدى . ئۇنىڭ كۆڭلىگە قاد-
داق تەسەللى بەرسەم بولىدىكىن . . . »

مەتنۇرى بوۋايغا يەر تېگىدىن قاراپ قويدى . بوۋاي نېمىنى-
دۇر خىيال قىلىۋاتقاندەك ، كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىككىنىچە
چوڭقۇر سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇراتتى . مەتنۇرى دادىسىنىڭ خى-
يالچان چىرايىغا زەن سېلىۋېتىپ ، ئۇنىڭ ھەقىقەتەن قېرىپ
كەتكىنىنى ، بارغانسېرى جۇدەپ ، ئاجىزلاپ قالغىنىنى ھېس
قىلدى . دېمىسىمۇ ، ئۇنىڭ چاچ - ساقاللىرى ئۇچتەك ئاقىرىپ
كەتكەنىدى . كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ ، مەڭز سۆڭەكلىرى ياڭاق-
تەك چىقىپ قالغانىدى . قامىتى ئېگىلىپ ، بويىمۇ ئىلگىرىكى-

ـدىن خىيـلىلا پەسلەپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى . ساقال ـ بۇرۇتى ياسالمىغاچقىمىكىن ، يۈزى ، ئاغزى چىگىش ـ چىگىش مويلار ئاستىغا چۆكۈپ كەتكەندى . ئۇستۈپشىنى ئانچە كۆرۈمسىز دەپ كەتكىلى بولمىسىمۇ ، يا ئۇزۇنغا ، يا قىسقىغا تەۋە بولمىغان سىپرىق چاپان زادىلا ياراشمىغانىدى . پۇتىدىكى يوغان باش بەتىنـ ـكىسىنىڭ بىر پېيى مايماق كەتكەندى .

مەتنۇرنىڭ ئىچى پىژژىدە كۆيدى . بۇ ئوت ئاستا ـ ئاستا تۇتىشىپ ، لاۋۇلداپ كەتتى . بۇ ۋىجدان ئازابىنىڭ چاقماقلىرىـ ـدىن تۇتاشقان ئوت ئىدى . مەتنۇرى ئۆز ۋىجدانى ، ئۆز بۇرچىـ ـنىڭ ئەيىبلىشىنى بۈگۈن رەسمىي سەزدى . خىجىللىق ۋە ئۆكۈـ نۈش ئىسكەنجىسىدە قىينالدى . ئۆمۈر ـ كۈنلىرى ساناقلىقلا قالغان بۇ زات ئالدىدا ھەقمقەتەن كەچۈرگۈسىز گۇناھقا پاتقانلىـ ـقىنى ئېتىراپ قىلىشقا باشلىدى . ئەمدى ئۇنىڭ روھىغا يېگىچە بىر ھېس ، يېگى بىر ئەقىدە تۇرتۇپ كىرىپ ، ئەقلىنىڭ چىرىپ تۆكۈلگەن قاسراقلىرىنى سۈرۈپ چىقماقتا ئىدى .

«توۋا ، توۋا ، دەپ ئويلايتتى ئۇ ، ــــ شۇ چاغلاردا ئەقلىـ ـمىز نەگە كەتكەن بولغىيدى ؟ بىر جانغا قارىغىنىمىزغا قانچىلىك نەرسە كېتەتتى ؟ كارىمىز بولمىغىنى ، خەۋەر تاپماي تاشلىـۋەتـ ـكىنىمىز ئۇنى مۇشۇ يولغا ئىتتىرىپ چىقاردى . دېسەم ـ دېمەـ ـسەم ، شۇنچىۋالا ئۇزاق بۇ يۇرتقا كېلىپ قېلىشىمۇ يەنىلا بىزـ ـنىڭ سەۋەبىمىزدىن بولدى . مەنغۇ ئىچكىرىگە كېتىپ قېلىپ قارىيالمىدىم . ئېھتىمال ، ئاكامىمۇ يېنىدا تۇرۇپ كارى بولمىغان گەپ ، خەيرىيەت ، خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن بۈگۈن ئۇچراشـ ـتۇق . بۇنىڭدىن كېيىن نېمە بولۇپ كەتسەممۇ مەيلى ، دادامنى چوقۇم قايتۇرۇپ كېتىمەن . ئۆزۈم باقىمەن . . .»

ــــ ئېلىڭا ، دادا ، ــــ دېدى مەتنۇرى خىياللار ئىلكىدىن چىقىپ ، ــــ نانمۇ تېخى قېتىپ قالغۇچە ئەمەس . قىزىق چاي بىلەن يېرەرنى يەڭە ! ئاشخانىغا چىقىپ ئاش ئەتكۈزۈپ

بېرەيمۇ يا ؟
— بولدى ، قورسقىم توق . چايدىن ئىچەي ، — بوۋاي كۇرۇشكىنى ئېلىپ ، چايدىن بىر - ئىككى ئوتلىغاندىن كېيىن دېدى ، — قېنى ، گېپىڭنى دېمەمسەن ؟ ئەمما ، مەن دەپ قو- ياي ، مەمەدانلىق قىلىپ ، مېنىڭ توغرامدا گەپ ئاچقۇچە بولما .
— دادا ، ئالدىمغا بۇنداق توغان سېلىۋالسىڭىز قانداق گەپ قىلىمەن ؟ مەن ئىقرار ، ئويلىسام ، سىزگە ھەقىقەتەن ئەس- كىلىق قىلدۇق . ئاكام قانداقكىن ، ئۆزۈمنى دېسەم ، پەرزەنت- لىك بۇرچۇمنى ئۇنتۇپتىمەن . كۆزۈمنى غەپلەت پەردىسى يۆگە- ۋاپتۇ . ئۇلۇغ خۇدانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى ، سىزنى ئەمدى ھەرگىز تاشلىۋەتمەيمەن . قايتۇرۇپ كېتىپ ئۆزۈم باقى- مەن . ناۋادا شۇنداق قىلالمىسام ، ئوتتۇز پارە . . .
— تىلىڭنى تارت ! — بوۋاي چاچراپ تۇرۇپ كەتتى ، — مۇسۇلمان بالىسى قەسەم ئىچمەيدىغان ، قەسەمخور- نىڭ قىيامەتتە ئىككى يۈزى قارا بولۇپ قوپىدۇ ، دەيدۇ . بولدى ، گەپلىرىڭگە ئىشەندىم . ئاللا ئىگەم دىلىڭغا سالغان بولسا ، سەن بىلەن كېتەي
بوۋاينىڭ بىر مىنۇت ئالدىدىكى تەرسالىقى بويىچە بولغاندا مەتنۇرنىڭ قايتۇرۇپ كېتىمەن ، دېگەنلىرىگە ھەرگىزمۇ ئۇنى- مايتتى . لېكىن ، ئۇنىڭ دىلىنى ئاللانىڭ ۋە ئۇنىڭ مۇقەددەس كىتابىنىڭ تىلغا ئېلىنىشى يۇمشىتىۋەتتى . دەرۋەقە ، مەتنۇرى بۇ يەردە قۇرئان سۈرىلىرىنى ياكى ھەدىس كەلىمىلىرىنى تىلغا ئالغىنى يوق ، بىراق ئۇ قۇرئاننىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچىپ ، دادىسىغا ئۆز قەلبىنى ئىزھار قىلماقچى ئىدى . بوۋايدىكى ساپ ئېتىقاد ، ساددا ئەقىدە ئالدىدا مۇشۇ ئۇسۇللا ئەڭ ئىشەنچلىك قىل سىغمايدىغان ئىش ئىدى . ئويلىغاندەك ، بۇ سۆزلەر بوۋاي- نىڭ كاج مىجەزىنى ئېرىتتى .
— خەير ، — بوۋاي ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ داۋام

قىلدى ، — خۇدانىڭ ئىرادىسى شۇ بولسا ، ئەلھۆكمىلىللا ! كەتسەك كېتەيلى .

مەتنۇرى دادىسىنىڭ كۆڭلىنى ئېرىتىش يۈزىسىدىن قىلغان بايىقى گەپلىرىدىن ئۆزىمۇ سۆيۈنۈپ كەتتى . ئەسلىدە ئۇنىڭ بوۋاينى بۇنداق ئاسان قايىل قىلىشقا كۆزى يەتمىگەنىدى . مۇشۇنداق قىيىن بىر دەقىقىدە بوۋاينىڭ دىلىغا ياقىدىغان ئاشۇ گەپلەرنىڭ ئېسىگە كېلىپ قالغىنىدىن بەكمۇ سۆيۈنۈپ كەتتى . ئۇنىڭ كۆڭلى ئىمىن تاپقانىدى . دادىسىغا يەنە بىر كۇرۇشكا چاي قۇيۇپ بەردى . «كىچىككىنە ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ» دەپلا سىرتقا چىقىپ كەتتى .

بوۋاينىڭمۇ جىسمى يېنىكلەپ قالغان ، كۆڭۈل بېتىدىكى قارا قۇرلار يۇيۇلۇپ ، ئېچىلىپلا كەتكەنىدى . ئۇ ئالدىدىكى پەرمۇدىدىن بىرنى ئېلىپ ، بىر بېشىنى چايغا چۆكۈردى — دە ، ئالدىرىماي يېيىشكە كىرىشتى . ۋۇجۇدىنىڭ يېنىكلىگەنلىكى ، كۆڭۈل ئەينىكىنىڭ يورۇتۇلغانلىقى ئۇنىڭ تاۋىنى تاماققا ئېلىپ كەلگەنىدى .

ئۇ پەرمۇدىلارنى يەپ بولاي دېگەندە مەتنۇرى كىرىپ كەلدى . قولتۇقىدا يوغان ئىككى دانە سۇلياۋ خالتا بار ئىدى . ئۇ ئىشىكنى يېپىۋېتىپ ، خالتىلارنى تۆكتى . بۇ كىيىم — كېچەك ئىدى . يالاڭ كۆڭلەك ، مايكا ، يۇڭ كۆڭلەك ، ئىشتان ، قۇلاقچە ، ئۆتۈكتىن تارتىپ سوكنو پەلتوغىچە ھەممىسى بار ئىدى . بوۋاي بۇ نەرسىلەرگە قاراپ ، قورۇنۇپ قالدىمىكىن يا خىجىل بولدىمىكىن ، بىردەم ئۇنى ، بىر دەم بۇنى كىيەلمەيمەن ، دەپ تۇرۇۋالدى . لېكىن ، مەتنۇرى ئۇنىمىغىنىغا قويماي كىيىملەرنى سالدۇرۇپ ، يېڭىلىرىنى كىيگۈزدى . كونا كىيىملەرنى بايىقى خالتىلارغا تىقىپ ، نەگىدۇر يىتتۇرۇپ كىردى . ئاندىن بوۋاينى مېھمانخانا ئالدىدىكى ساتىراشخانىغا ئېلىپ چىقتى .

چاچ — ساقاللىرى ئېلىنىپ ، چىرايلىق ياسالغان بوۋاي

ئالدىدىكى ئەينەككە قاراپ ، ئۆزىنى تونۇيالمىغاندەك تەمتىرەش ،
خۇدۇكسىرەش ئىچىدە قالدى . بوۋاي ھەقىقەتەن باشقىچىلا بىر
ئادەم بولۇپ قالغانىدى . پەلتو بىلەن تۇمىقى بەكمۇ ياراشقان ،
سىرتىدىن قارىغاندا ئۇ ياشىرىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى . ياتاققا
قايتىپ كەلگىنىدە كۈن كەچكە يېقىنلاپ قالغانىدى . بوۋاي بىر-
دىنلا نېمىدۇر بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك ، ئورنىدىن تۇرۇپ
كەتتى . مەتنۇرىغا نېمىدۇر دېمەكچى بولۇپ تەمشىلەتتى . مەتنۇ-
رى دەسلەپ بايقىمىدى . كېيىن ئەجەبلىنىپ سورىدى :
— نېمە بولدى ؟ تەرەتكە چىقامتىڭىز يا ؟ ھە . . . تۇرۇڭ
مەن باشلاپ چىقاي .
— ياق ، مەن . . . مۇنداق گەپ ئىدى ، بىز قاچانلاردا
يولغا چىقارمىز ؟
مەتنۇرى تۇرۇپ قالدى . ئۇنىڭ تېخى بىر - ئىككى كۈن
ئىچىدە يولغا چىقىش ئويى يوق ئىدى . چۈنكى ، قولىدا مۇشۇ
يەردىلا سېتىۋەتمىسە بولمايدىغان ئازراق مېلى بار ئىدى . بۇ
سودىنى خالىغان بىرىگە ئالدىراپلا دېگىلى بولمايتتى . ئۇ نېمە
دېيىشىنى بىلمەي بىردەم تۇرۇپ قالدى . ئاندىن قايتۇرۇپ سو-
رىدى :
— قانداق دەيسىز ؟ بىرەر ئىش بارمىدى ؟
— مەن دەيمەن ، ئەتىلا ماڭىدىغان ئىش بولسا ، مەن ئۇ
يەرگە ، ھوشۇرئاخۇننىڭ قېشىغا بىر بېرىپ كەلمىسەم بولماي-
دۇ .
— قەيەر دەيسىز ؟ ھوشۇراخۇن دېگەن كىم ئۇ ؟
— دەپ كەلسەم ، گەپ جىق . ئاشۇ چاغدا مەن يېڭى
كەلگەندە ئۇ بولمىغان بولسا ، مەن قانداق بولاتتىمكىن تاڭ ؟
ئۇ ئادەم مەندىن خەۋەر ئالغان . يېنىدىن ماكان بەرگەن . ھالا
بۇگۈنگىچە بىللە ئۆتۈۋاتىمىز . ئۇنىڭغا خوش دېمەيلا كەتسەم
ئادەمنىڭ ئىشى بولامدۇ ؟

مەتنۇرى بوۋاينىڭ غەرىزىنى چۈشەندى . ئۇ ئۆزىگە پاناھ بولغان بىرى بىلەن خوشلىشىشىۋېلىشنى ئويلاۋېتىپتۇ . قارىغاندا بوۋاينىڭ قايتىپ كېتىشكە قوشۇلغىنى يالغان ئەمەسكەن . مەتنۇرى مۇجمەللا جاۋاب بەردى .

— قاچان يولغا چىقىشنى ھازىر بىر نېمە دېمەيلى . مېنىڭ يەنە ئازراق ئىشلىرىم بار . بەلكىم ئىككى - ئۈچ كۈن ئىچىدە مېڭىپ قالارمىز . سىز خاتىرجەم بولۇڭ ، دادا ، ھېلىقى ھوشۇر ئاخۇننىڭ قېشىغا ئەتە ئۆزۈم ئېلىپ باراي . باشقا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتقان ئادەمگە ئوبدانراق رەھمەت دېمىسەكمۇ بولماس .

— ئەتە دەمسىنا ؟ ياق ، ياق ، بالام . مەن قايتمىسام ئۇ غەم قىلىپ قالىدۇ . كېچىچە مېنى ئىزدىتىپ جاپا سالمىزمۇ ئۇنىڭغا ؟

— ئۇنداق بولۇپ كەتمەس ؟

— چوقۇم شۇنداق بولىدۇ ، — بوۋاي كېسىپ ئېيتتى .

مەتنۇرى دادىسىنىڭ كۆڭلىنى چۈشەندى . ئۇنىڭ كۆڭلىندىلا ئەمەس ، تېخى ئۆزى كۆرۈپ باقمىغان ھوشۇرئاخۇن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئادەتتىكى يېقىنچىلىق ئەمەسلىكىنىمۇ تونۇپ يەتتى . قارىغاندا بوۋاينى كەچ كىرگۈچە بارغىلى قويمىسا ئۇنىمايدىغاندەك قىلاتتى . لېكىن ، بېرىڭ دەپلا يالغۇز يولغا سېلىپ قويۇشقا ، ئاران تاپقان دادىسىنى يەنە قولدىن چىقىرىپ قويۇشقىمۇ كۆڭلى ئۇنىمايتتى . شۇڭا ، بوۋاينىڭ دېگىنى بويىچە ئۇنى بىللە ئېلىپ ماڭدى .

قەدىناسلار ئۆزۈن يوللۇق ماشىنا بېكىتىنىڭ يېنىدىكى دوقمۇشتا ئۇچراشتى . ھوشۇر بوۋاي توۋت يولنىڭ شىمالىي قاندىكى دوقمۇشتا ئولتۇراتتى . بۇ ئۇلارنىڭ ھەمىشە بىر - بىرىنى ساقلايدىغان شەرتلىك جاي ئىدى . ھەر كۈنى كەچتە ئۆيىگە يېنىشتا كىم بۇرۇن كەلسە ، مۇشۇ دوقمۇشتا ساقلاپ تۇراتتى . يەنە بىرى پەيدا بولمىغۇچە كەتمەيتتى . بۇ بوۋايلار

ئۇچۇن بىر كۈننىڭ تىنچ - ئامان ياكى بىرەر پېشكەللىك ، بەختسىزلىككە يولۇققان - يولۇقمىغانلىقىنى ئالدىن چاغلىشىدىغان ئۇرۇن ئىدى .

هوشۇر بوۋاي ئالدىغا كېلىپ توختىغان ئىككى ئادەمگە ئېرەنسىزلا قاراپ قويدى . ئۇنىڭ مۇنداقلا قارىشىدا ئالدىدىكى بۇ ئادەملەرنىڭ ، خۇسۇسەن مەتيا بوۋاينىڭ سىرتقى قىياپىتى ئۆزى ئۇچۇن ناتونۇش ئىدى . مەتيا بوۋاي ئۆزىنىڭ ئۇستىۋېشىنى ، بابا ئەينەك ئالدىدا كۆرگەن قىياپىتىنى ئېسىگە ئېلىپ ، مىيىقىدا كۈلدى . ئارقىدىنلا هوشۇر بوۋايغا شۇررىدە ئىچى سېيرىلدى . بۇ ئۇنىڭ هەمراهى ، ياق ، شەپقەتچىسىنى تاشلاپ كېتىش ئالدىدا پەيدا بولغان قىيماسلىق تۇيغۇسى ئىدى . ئۇ هوشۇر بوۋايغا نېمە دېيىشىنى بىلمەي ، ئۇنىڭغا جىلمايغىنىچە تۇرۇپ قالدى . مەتنۇرى بولسا ، بىر دادىسىغا ، بىردە ئالدىدا شۈمشىيىپ ئولتۇرغان بوۋايغا قارايتتى . دادىسىغا سىز دېگەن كىشى مۇشۇمۇ ؟ دېمەكچى بولاتتى . شۇ ئارىدا هوشۇر بوۋاينىڭ دىققىتى بۇ ئىككىسىگە ئاغدى . ئالدىغا كېلىپ ، ئۈن - تىنسىز قاراپ قالغان بۇ ئادەملەرگە تەئەججۈپ كۆزى بىلەن تىكىلدى .

ئۇ ياش يىگىت — مەتنۇرىنى تونۇمىدى . ئۇنىڭ يېنىدىكى هاسىلىق ئادەمنى مەتياغا ئوخشاتقاندەك قىلدى . ئۇنى مەتيامىكىن دېسە ، خېلىلا ياش كۆرۈنەتتى . كىيىنىشىمۇ هاللىق ئادەملىكىدىن بېشارەت بېرەتتى . ئەمەسمىكىن دېسە ، چىرايى ، ئالدىغا ئېگىلىپ قالغان قامىتى ئۇنىڭ كۆزلىرىگە سىڭىپ قالغان ئاشۇ مەتيانىڭ ئۆزى ئىدى .

— بۇ مەن ، مەتياخۇن ! — بوۋاينىڭ ئۈنى پەس ، ئەمما تىترەپ چىقتى . ئاۋازنى تونۇپ ، هوشۇر بوۋاي دەسسىدە تۇردى .

— نېمە سىلە مەتياخۇنما ؟ بۈگۈن خىزىر ئەلايهىسسالامغا يولۇقتۇڭلارمۇ نېمە ؟ — هوشۇرئاخۇننىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى . ئۇ هەمراهىنىڭ ئەپتىگە قاراپ هەيران بولۇۋاتسىمۇ ،

ئۇنىڭ نامەلۇم بىر شاپائەتكە ئېرىشكىنىدىن خۇشال ئىدى، — ئەجەب، بىر كۈندىلا يىگىرمە ياش ياشىرىپ قاپسىلىيا؟ — ئۇ پۇرۇلۇپ كەتكەن كۆزلىرىنى مەتنۇرىغا ئاغدۇرۇۋېتىپ داۋام قىلدى، — بۇ يىگىت كىم بولىدۇ؟

— ئۇ... ئۇ سىلىگە كېپىنى قىلىپ بەرگەن ئىككىنچى ئوغلۇم — مەتنۇراخۇن شۇ! ئۇنىڭ بىلەن ھە، مېنى ئىزدەپ چىقىپتىكەن، — بوۋاي ئۇنىڭ بىلەن رەستىدە ئۇچرىشىپ قالدىم دەۋەتكىلى تەمشىلىپ، كېپىنى ئوڭشىۋالدى.

— ھوشۇر ئاكام ئەسلى سىلى ئىكەنلا - ھە؟ — مەتنۇرى ئىككى قولىنى ئۇزاتتى. بوۋاينىڭ قوللىرى مۇزدەك سوغۇق ئىدى. ئىككى مەڭزىمۇ سوغۇقتىن قىزىرىپ كەتكەنىدى. سۆزلىگەندە لەۋلىرى گەپ - سۆزگە ئانچە قولىشىپ كەتمەيتتى. ئۇ بوۋاينىڭ تولىلاپ كەتكىنىنى ھېس قىلدى. شۇنداق بولسىمۇ دادىسىنى ساقلىغىنىغا قاراپ، بابا مەتيانىڭ «زادى بارمىسام بولمايدۇ» دەپ تۇرۇۋېلىشىنىڭ سەۋەبىنى چوڭقۇر چۈشەندى.

— رەھمەت تاغا، دادامدىن ھەممىنى ئاڭلىدىم. ئۇنى سىلى قوغداپ كەپتىلا، خۇدا ئەجىرلىرىنى بىرەر.

— شۇنداق قىلىپ، كەتكىلى قوپتۇم، دەڭلا؟ — دېدى ھوشۇر بوۋاي قىياسەن، — مەن دېمىگەنمىدىم، باللار ئەقلىنى تاپىدۇ، ئاللاتائالا بىر كۈنى ئىنساپىنى بېرىدۇ، دەپ. مانا، ئوغلۇڭلار ئىزدەپ كەپتۇ. ئاچچىق دېگەن يۇتقان يەردە تۇرىۋېرەمەيدۇ، ئۇلار ئۆزىنى سورىغاندىكىن، كەچۈرەيلى.

مەتنۇرى بۇ ئىككى بوۋاينى بىر ئاشخانىغا باشلىدى. ئۇلار قىزا يېگەچ تاكى قاراڭغۇ چۈشكۈچە پاراڭلاشتى. گاھ كۈلۈشۈپ، گاھ كۆزلىرىنى ياشلىشىپ، قىسقىغىنا ۋاقىتلىرىنى ئەسلەشتى. ئاخىر بىر - بىرىگە رازىلىق بېرىشىپ، قىيىماي - قىيماي خەيرلەشتى.

مەتنۇرى ھوشۇر بوۋايغا كۆڭلۈم دەپ 500 سومدەك پۇلنى

تۇتقاندى . ئۇ ئالغىلى ئۇنىمىدى . «سىلىنىڭ يوللۇقۇڭلار بول-
سۇن» دەپ ، مەتيانىڭ ئالىقىنىغا تىقىپ قويۇپ ، ئاخىرقى قېت-
تىم خوش دېدى . ھوشۇر بوۋاينىڭ گەۋدىسى بېسىپ كېلىۋاتقان
كۆكۈم قويىدا قارىيىپ - قارىيىپ غايىب بولغاندىلا
ئاندىن دادا - بالا ئارقىغا ياندى .

بىرنەچچە كۈندىن بېرى مانانلىشىپلا تۇرغان ئاسمان بۈگۈن
بىراقلا ئېچىلىپ كەتتى . ئارقان بويى ئۆرلىگەن قۇياش ئۆز
نۇرىنى شەھەر ئۈستىگە تەكشى سەپكەندى . قايمۇقۇپ يۈرگەن
بىرنەچچە تال سەرگەردان بۇلۇتنى دېمىگەندە ، ئاسمان ئەينەكتەك
سۈزۈك ئىدى . ئاپتاپ نۇرى دەل - دەرەخ ۋە ئۆگزىلەرنىڭ
گىرۋەكلىرىدە قېتىپ قالغان قار قالدۇقلىرىنى كۈمۈشتەك
چاقنىتاتتى . مانا شۇنداق قۇياشلىق ئەتىگەندە بوۋاي بىلەن ئوغلى
تاكسىغا ئولتۇرۇپ ، ماشىنا بېكىتىگە قاراپ يول ئالدى . ئۇلار
بۈگۈن يولغا چىقىدۇ . خۇدا يولدا تىنچلىقنى بەرسە ، ئىككى
كۈندىن كېيىن يۇرتىغا يېتىدۇ . ئۇلارنىڭ ئۆز ئۆيىدىن ئايرىل-
غىنىغا يېرىم يىلدىن ئاشقان ، بىر - بىرىگە ئېيتىمىغىنى بىلەن
ھەر ئىككىسىنىڭ كۆڭلى خۇشال . يۈرەكلەر ، ھېس - تۇيغۇلار
ئانا ماكانىغا قۇش بالىلىرىدەك تەلپۈنىدۇ . ئىككىسى بېكەت
ئالدىغا يېقىنلاشقاندا سىرتىنى قاپقارا چاڭ باسقان ئىككى ئاپتو-
بۇس ئارقا - ئارقىدىن يېتىپ كەلدى .

— بىز تەرەپتىن كەپتۇ ، — دېدى مەتنۇرى
دادىسىغا ، — ھازىر ماشىنىلار بەك تېز ماڭىدىغان بولۇپ
كەتتى . كېچە - كۈندۈز توختىماي ماڭىدۇ . بىزمۇ مۇشۇنداق
كارۋاتلىق ئاپتوبۇسقا چۈشەيلىكمىكىن ؟

— نېمە ، ئىچىدە يېتىپ ماڭىدىغان گەپما ؟

— شۇنداق بولماي ، بۇنداق ئۇزۇن يولغا ئولتۇرۇپ چىدى-
غىلى بولىدۇ ، دەمسىز ؟

ماشىنا كۈتۈش زالى يولۇچىلار بىلەن لىق تولغانىدى .

سومكا ـ چامادانلىرىنى ئالدىغا دۈۋىلەپ ئورۇندۇقتا ئولتۇرغانلار ، ئۇياقتىن ـ بۇياققا چېپىپ يۈرگەندىلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى . ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ، شاپۇر ـ شۇپۇر تىۋىشلار زال ئىچىنى شاۋقۇنلۇق دۇنياغا ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى .

مەتنۇرى زالغا كىرىپ ، كىچىككىنە ئارىسالدى بولۇپ قالدى . ئۇ ئاۋۋال بىلەت ئالمىسا بولمايتتى . بۇنىڭ ئۈچۈن خېلى ئۇزۇن ئۆچىرەتتە قىستىلىپ ـ سوقۇلۇپ تۇرۇشى كېرەك ئىدى . ئۇ يەرگە يۈك ـ تاق بىلەن بېرىش ئاۋارىچىلىك ئىدى . ئەمما ئۇ قولىدىكى ماۋۇ چامادانلارنى ، بولۇپمۇ كىچىكنى بوۋاينىڭ ئالدىدا قويۇپ كېتىشتىن خاتىرجەم بولالمايتتى . ناۋادا بوۋاي بىخەستەلىك قىلىپ ، بىراۋ لىككىدە كۆتۈرۈپ كەتسە ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئەلەملىك ئىش بولاتتى . چۈنكى ئۇنىڭدا مەتنۇرىنىڭ جان تومۇرى ، يۈرەك بېغىشىغا تۇتاشقان جانىجان نەرسىسى ـــ پۇلى بار ئىدى . مەتنۇرى مۇشۇ پۇلنى دەپ بالا ـ چاقىسى ، مۇنۇ مېھرىبان دادىسىنى ئۇنتۇپ ، ئاتا كۆرمىگەن ، ئانا كۆرمىگەن يۇرتلاردا تېنەپ ـ تەمتىرىدى . كۈنلىرىنى دەككە ـ دۈككە ئىچىدە ئۆتكۈزدى . كېچىسى ئۇخلىماي مال يۆتكىدى .

دەرۋەقە ، ئوقەت قىلماق ئاسان ئەمەس ئىدى . بەزىدە بىر تېيىنىنىڭ تۆشۈكىدىن نەچچە ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى . مەتنۇرى ئىچكىرىگە يۈرۈش قىلغان دەسلەپكى چاغلاردا ئۈزۈم ، ياڭاق ، گۈلە ـ قاق سودىسى بىلەن ئىش باشلىغانىدى . ئۇ ئۈزۈم ، ياڭاقتىن خېلىلا پايدا تاپقان بولسىمۇ ، گۈلە ـ قاقتىن چوڭ زىيان تارتتى . ئالدىدا تاپقان پايدىسى زىيىنىنى قاپلىيالمايتتى . دەسمايىدىن ئايرىلىپ قالغىلى تاس قالدى . كېيىن بىر زاۋۇتنىڭ دىرېكتورى بىلەن چىقىشىۋېلىپ ، ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى . ئۇ يەردىن ئىچكى باھا بويىچە مالنى توپ ئالاتتى . ئاندىن ئىككىنچى بىر قولغا پايدىسىنى قوندۇرۇپ ئۆتكۈزەتتى . ئەلۋەتتە ،

مۇناسىۋەت ئۇچۇن ئۇزمەي شۇڭغۇتۇپ تۇرۇشقىمۇ توغرا كېلەتـ
تى . شۇنداقتىمۇ پايدىسى كۇنسېرى ئېشىپ باراتتى . ئاشقانسېـ
رى قانائەت قىلمايتتى . پۇلى كۆپەيگەنسېرى كۆپەيتكۇسى كېـ
لەتتى . ھەمشېرىكلىرىنىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن ئىككى قېتىم
يالغان دوللار سودىسىغىمۇ ئارىلىشىپ قالدى . نېمىلا بولمىـ
سۇن ، ئۇنىڭ پۇلى نەچچە يۇزمىڭ كويغا يەتتى .

« ئاز يېگەن توق يەپتۇ ، جىق يېگەن نىجاسەت ، دېگەن
گەپ بار ، — دەپ ئويلىدى مەتنۇرى بىر كۇنى ، — مۇنچىۋالا
كۆپ پۇل بىلەن يالغۇز يۇرىۋەرسەم ياخشى بولماس . خۇدانىڭ
مۇشۇنچىلىك بەرگىنىگە شۇكۇر قىلىپ ، قالدىسىنى يۇرتتا تاپاي-
مىكىن ؟ » ئۇ مۇشۇ ئوي بىلەن قايتىپ چىققانىدى . ئەمدىكى
گەپ ئاشۇ پۇللارنى قانداق قىلىپ يۇرتقا ساق ـ سالامەت ئېلىپ
كېتىشتە قالغانىدى .

مەتنۇرى قانچە قىلىپمۇ ، ئەپلىكرەك بىرەر چارە تاپالمىـ
دى . چامادانىنى بوۋاينىڭ يېنىدا قويماقتىن باشقا ئىلاجى يوق
ئىدى . مەتنۇرى چامادانلارنى ئۇستى ـ ئۇستىلەپ قويۇپ ، ئۇسـ
تىدە بوۋاينى ئولتۇرغۇزدى . ئۆزى بېلەت ئېلىشقا كەتتى . بېـ
لەت سېتىش كۆزنىكى تېخى ئېچىلمىغانىدى . ئەمما جەنۇب ،
شىمالغا بارىدىغان يولۇچىلار ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا ئىككى سەپ
تۇزۇپ بولغانىدى .

مەتنۇرى ئۆچىرەتكە كەتكەن ئاشۇ مىنۇتتا بايا دەرۋازىدىن
كىرىپ كەتكەن ئاپتوبۇسلارنىڭ بىرىدىن يۇزلىرى مايلىشاڭغۇ
بىر كىشى ھارغىن قىياپەتتە چۇشۇۋاتاتتى . سېمىزلىكىدىنمىـ
كىن يا ئۇزاق ئولتۇرۇشتىن پۇتلىرى ئۇيۇشۇپ قالدىمىكىن ،
گويا كېسەلچان ئادەمدەك ئاستا ھەرىكەت قىلاتتى . ئېغىر گەۋدىـ
سىنى ئاران ـ ئاران قىمىرلىتىپ كېلەتتى . كۆزلىرىدىن ھارـ
غىنلىق ، ئۇيقۇسىزلىق ئالامىتى خىرە ـ شىرە بىلىنىپ تۇراتـ
تى . قولىدا كىچىكرەك بىر سومكىدىن باشقا يۇك ـ تاقىسىمۇ

يوق ئىدى . ئۇ بېكەت سەيناسىدا توختاپ ، ئەتراپقا ئالاڭلاپ قاردى ، ئۇزايىدىن بىرەر ئىشنى ئويلاۋاتقاندەك قىلاتتى . ئۇ ئاشۇ ھالدا كىچىككىنە تۇرغاندىن كېيىن ئەتراپىدا قىمىرلىشىۋاتقانلارغا خۇشياقماسلىق بىلەن قاراپ - قاراپ قويۇپ ، ئاستاغىنا ، زال ئىچىگە كىردى . زالدا ئادەم پەۋەس ئىدى . قاتار - قاتار ئورۇندۇقلارنىڭ بوش يېرى يوق ئىدى . قاراپ تۇرغان ، كېلىپ - كېتىۋاتقانلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى . ئۇ قەيەرگە بېرىپ ، قەيەردە توختىشىنى تېخى قارار قىلىپ بولمىغان بولسا كېرەك ، زال ئىچىدە بىردەم ئولتۇرۇۋېلىشنى خالاپ قالدى . ئۇنىڭ كۆزلىرى ئولتۇرغۇدەك بوش ئورۇن ئىزدەيتتى . ئورۇندۇقلار ئاردسىدىكى تارچۇقتا كېتىۋېتىپ ، بىر بوش ئورۇننى تاپتى . ئورۇننىڭ يېنىدا بىر بوۋاي ھاسىسىنى تىزى ئۈستىگە قويۇۋېلىپ ، چامادانلار ئۈستىدە ئولتۇراتتى . بايىقى يولۇچى بوش ئورۇنغا كېلىپ چۆكتى . گەۋدىسىنى كەينىگە قويۇۋېتىپ ، بىردەم ھۇزۇرلىنىپ ئولتۇرۇۋالدى . ئاندىن ئىختىيارسىز يان - يېنىدىكى كىشىلەر توپىغا كۆز يۈگۈرتۈشكە باشلىدى . كۆڭلىدە بىرەر تونۇش - بىلىش ئۇچراپ قالسا ، ئەجەب ئەمەس دېگەن بىر ئۈمىد بار ئىدى . مۇبادا ، شۇنداق بولسا ، ئۇنىڭدىن دادىسى توغرىسىدا بىرەر ئۇچۇرغا ئىگە بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن .

ئۇنىڭ كۆزلىرى توساتتىن يېنىدا ئولتۇرغان بوۋايغا چۈشۈپ قالدى . بوۋاي يۈزىنى ھېلىقى يولۇچى تەرەپكە قارىتىپ ، نەگىدۇر بويۇنداۋاتاتتى . ياشاڭغىراپ تۇرغان كۆزلىرىنى چىمىچىقلىتىپ ، بىرىنى ئىزدىگەندەك قىلاتتى . يولۇچىنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى . بوۋاينىڭ چىرايى ئۇنىڭغا ئۆزى ئىزدەۋاتقان كىشىنى ئەسلەتكەندى . ئۇنىڭ مۈكچىيىپ ئولتۇرۇشىمۇ ، بوينىنى سوزۇپ ئۈياق - بۇياققا قارىشىمۇ ، ھەتتا پۈتكۈل تۇرقىمۇ كۆڭلىگە بىر خىل يېقىملىق تۇيغۇ بېرىپ تۇراتتى . يولۇچى ئورنىدىن ئىختىيارسىز تۇرۇپ كەتتى . ئەمما ، يېنىك-

لىك قىلىپ ، كۆلكىگە قالماي يەنە دەپمۇ ئويلىدى ـ دە ، يېرىم مىنۇتچە ئۆرە پېتى تۇرۇپ قالدى . شۇندىمۇ ئۇنىڭ كۆزلىرى ، يۈرىكى ئازمىغانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىپ تۇراتتى . ئۇ قايتىدىن غەيرەتلەندى . بىر بېسىپ ـ ئىككى بېسىپ بوۋاينىڭ ئالدىغا ئۆتتى . بوۋاي ئەمدى كۆزلىرىنى پۈتىنىڭ ئۇچىغا تىكىپ ئولتۇراتتى . ئۇ ئالدىغىلا كېلىپ توختىغان بىر جۈپ ئاياغقا كۆز يۈگۈرتتى . ئاياغلار ماگىنىت تاختىسىغا چاپلىشىپ قالغاندەك قىمىر قىلماي تۇراتتى .

بوۋاي مەتنۇرنى كەلدىمىكىن دېدىمۇ يا ، نېمىدەپ تۇرىدىغان ئادەمكىن بۇ ، دېدىمۇ ، گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ ئاستاغىنا يۇقىرىغا قارىدى . ئىككى چىراي روبىرو بولدى . كۆزلەر بىر ـ بىر بىلەن ئۇچراشتى . بۇ چىراي ، بۇ كۆزلەر بىر ـ بىرىگە نەقەدەر تونۇشلۇق ـ ھە ؟ بوۋايمۇ ، يولۇچىمۇ تەڭلا چۆچۈدى . ياق ، چۆچۈمىدى ، ھەيرانلىق ، تاسادىپىيلىق تۇيغۇسىدا گاڭگىراشتى . بۇ ھەقىقەتەن كۈتۈلمىگەن ، شۇنداقلا دەل ۋاقتىدا بولغان بىر ئۇچرىشىش ئىدى . مۇبادا بىر ـ بىرىنى كۆرۈشمىگەن بولسا ، ھېلىقى يولۇچىغا بىر مۇنچە مالامەت ، رىيازەت چېكىشكە ، بىھۇدە تېڭىرقاپ يۈرۈشكە توغرا كەلگەن بولاتتى .

يولۇچى زوككىدە چۆكتى . قاتتىق سىمونت ئۈستىدە يۈكۈنگىنىچە بوۋاينىڭ ئاياغلىرىنى قۇچاقلىۋالدى . كېيىن ئۇنىڭ تىزىغا يۈزىنى يېقىپ ، بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى . ئەتراپتىكىلەر قاراپ قېلىشتى . بىر نەچچىسى ئورنىدىن تۇرۇپمۇ كەتتى . بوۋايمۇ گاڭگىراپ قالغانىدى . ئۇ ئۆزلىرىگە دىققەت قىلىۋاتقان كىشىلەرنە قاراپ ـ قارىماي قويۇپ ، يىغلاۋاتقان كىشىنىڭ يەلكىسىگە يېنىك ـ يېنىك ئۇرۇپ قويدى . ئۇ كىچىك بالىنى پەپىلىگەندەك ، بىراۋغا تەسەللى بېرىۋاتقانغىمۇ ئوخشىمايتتى . ئۇ خېلىدىن كېيىن بېشىنى كۆتۈردى . ئۇ ھامان ئېسەدەپلا تۇراتتى . ئېسەدەش ئىچىدە لەۋلىرىنى قىمىرلىتىپ ، بىر نېمە دې-

مەكچى بولاتتى . ئەمما زۇۋانى چىقمايتتى . قاتتىق ھاياجان تەسىرىدىن نېرۋىلىرى تورمۇزلىنىپ قالغانىدى . ئۇنىڭ كۆز يېشى بىلەن بىچارە قىياپىتى بوۋاينىڭ يۈرىكىنىمۇ مۇجۇپ ئۆتتى . دېمىسىمۇ ، چوپچوڭلا بىر ئەرنىڭ يۈرىكىدىن ياش تۆكۈپ يىغلىشى ئاسان ئەمەس ئىدى . بوۋاينىڭ قوللىرىمۇ ئىختىيارسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى . تىترەپ ، ھاياجان ئىلكىدە ئالدىغا سوزۇلۇپ ، ھېلىقى كىشىنىڭ ئىككى يەلكىسىدىن چىڭگىدە قىستى . ئۇنىڭمۇ لەۋلىرى ئۇمچىيىپ ، كۆزلىرىنى ياش پەردىسى قاپلاپ كەتكەنىدى . ئۇ كىچىككىنە لەۋ قىمىرلاشتىن كېيىن تەستە تىلغا كەلدى .

— قاچان . . . قاچان كەلگەن ؟ مېنى قانداق كۆردۈڭ ؟

— ھېلى . . . ھېلى كېلىشىم ، — ئۇ لەۋلىرىنى كۈلكىگە زورلاپ بېقىنۇدى قاملاشمىدى . چۈنكى ، ئىچ - ئىچىدىن يىغا تۆكۈلۈپ تۇراتتى . ئۇ ئەنە شۇنداق ئېسەدەش ئىچىدە داۋام قىلدى ، — ھە . . . ھە نېمە بولسىمۇ بىردەم ئولتۇراي دەپتىمكەنمەن . قارىسام ، يېنىمدىلا ئولتۇرمامسىز ! ؟ ئەجەب ئوبدان ئۇچرىشىش بولدى .

— بالا - چاقىلىرىڭ ساقمۇ ؟ سىڭلىڭنى كۆرۈپ تۇرغاسەن ؟ ئوبدان تۇرۇپتىمۇ

— ئوبدان ، ئوبدان ، ھەممىسى ساق ، سىڭلىم . . . ئۇمۇ ئوبدان تۇردى ، — ئۇنىڭ ئاخىرقى دۇدۇقلىشىدا كىچىككىنە بىر سەۋەب بار ئىدى . بوۋايدىن سىڭلىسى توغرىسىدىكى ئىشلارنى يوشۇرۇۋاتاتتى . بوۋاي بۇنى سەزمىدى . سۆھبەت تېمىسى باشقا ياققا كۆچۈپ كەتتى .

بوۋاي بىلەن قەدىناسلارچە كۆرۈشۈپ ، مۇڭدىشىپ كەتكەن بۇ كىشى مەتنىياز ئىدى . ئۇنىڭ روھى پاكلىنىپ ، بوۋاينى تېپىپ كېلىش ئۈچۈن ، چىقىپ كەتكەن ئاشۇ كۈندىن تارتىپ بارمىغان - كەزمىگەن يېرى ئاز قالدى . تونۇش - بىلىشلەرلا

ئۆچۈرسا، ھەممىسىدىن سورايتتى. ساقچى ئورۇنلىرىغا كىرىپ ياردەم تەلەپ قىلاتتى. نەچچە يەردە تېلېۋىزور ئېلانلىرىمۇ چىقاردى. لېكىن بوۋاي تېپىلمىدى. ئۇ بوۋاينى تاپالمىغانسېرى، ئۆز گۇناھىنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلاتتى. ئۇنى تاپمىغۇچە قايتماسلىققا بەل باغلىدى. ئاخىر بۇنىڭدىن بەش كۈن بۇرۇن بىر يۇرتلۇق سودىگەردىن بوۋاينىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ قالدى. ۋەھالەنكى، ئۇمۇ كوچا ئاپتوبۇسىدا كېتىۋېتىپ يولدا غىل - پاللا كۆرگەنىدى. ئۇنىڭ مەتيا بوۋايلىقى ياكى باشقا ئادەملىكىگە جەزم قىلالمايتتى. شۇنداق بولسىمۇ، مەتنىيازنىڭ بۇ ئۇچۇرنى قويۇۋەتكۈسى كەلمىدى. ئاڭلاپلا ئالدى - ئارقىسىغا باقماي يولغا چىققانىدى.

مەتنۇرى بىلەت ئېلىش ئورنىدىن چىققاندا بوۋاي بىر كىم بىلەن قىزىق پاراڭغا چۈشكەنىدى. بىرەر تونۇش كىشى بىلەن تېپىشىپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە ۋە ئېرەنسىزلا بوۋاينىڭ يېنىغا كەلدى. كەلدىيۇ، ئۇمۇ تاڭ قالدى. ئۇ ئاكىسىنى بۇ يەردە ئۇچرىتىمىز، دەپ ئويلىمايتتى. ئاكا - ئۇكا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. قىسقىغىنا سۆھبەتتىن كېيىن مەتنىيازنىڭ كېلىش سەۋەبى مەتنۇرىغىمۇ ئايان بولدى. مەتنۇرى ئىككى تايىن بولۇپ قالدى. يولغا چىققاندىكىن مېڭىۋېرەيلى، دېسە، ئاكىسى بايىلا ماشىنىدىن چۈشۈپتۇ. بىرەر كۈن دەم ئالمىسا بولماس.

— قايتىپ كېتىپ، باشقا بىر كۈنى ماڭىلى ئەمدى، — دېدى ئۇ ئاكىسىغا قاراپ، — باشقا ئىش - كۈشلىرىڭىزمۇ بار بولغىيدى؟

— شۇنداق قىلمىساق بولماس، — بوۋايمۇ مەتنۇرىنى ياقلىدى. ئەمما مەتنىياز رەت قىلدى.

— ياق، دادا، سىلەر يولغا چىقىپ بولغاندىكىن، يانمايلى.

— سىزنىڭ ئۇرۇمچىگە كەلمىكىڭىزمۇ ئاسان ئەمەس ، ئاكا ، ئۇيەر - بۇيەرنى كۆرۈپ يانمىسىڭىز بولامدۇ ؟

— ياقەي ، مەن بۇ قېتىم شەھەر كۆرگىلى ئەمەس ، دادامنى ئىزدەپ چىققان . بەختىمگە مانا سىلەرنى تاپتىم . بولدى ، مېڭىۋېرەيلى .

— بۇ يوللارنى مەنمۇ مېڭىپ باقتىم ، — دېدى بوۋاي ئوغلىنى ئاياش تەلەپپۇزىدا ، — نەچچە كېچە - كۈندۈز ماشىنىدا ئولتۇرماق ئاسان ئەمەسكەن . بىرەر كۈن ھاردۇق ئېلىۋالساڭ بولارمىكى ؟

— ياق ، دادا ، مەن چىدايمەن .

ئۇنى دېيىشىپ - بۇنى دېيىشىپ ، ئاخىرىدا مەتنىيازنىڭ دېگىنى ھېساب بولدى .

# تەقدیر

## 1

ئادەم ئوتتۇرا ياشتىن ئۆتكەندە ئاسانلا ھاياجانلىنىدىغان — ھېسسىياتچان بولۇپ قالسا كېرەك . سەن بىرەر ئىشتىن تەسىرلەنسەڭمۇ ، ئاغرىنىپ خاپا بولساڭمۇ ۋە يا ئېچىنىپ ھېسداشلىق قىلىپ كەتسەڭمۇ ، ئوخشاشلا ۋۇجۇدۇڭنى يىغا ئورىۋالىدىكەن .

گويا مۇشۇ ئاشلىق دۇكىنىنىڭ شتاتلىق خادىمىدەك ، پەقەت بىزنىڭ دۇكاندىلا «مۇلازىمەت» قىلىپ كېلىۋاتقان ئاشۇ ئۇزۇنتۇرا ھاممالنى ھەر قېتىم كۆرسەملا ، كۆڭۈل قەسىرىم ئەنە شۇنداق خىرەلىشىپ كېتىدۇ . ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ ، بوغۇزۇمغا قىستاپ كېلىۋاتقان ئاللىقانداقتۇر بىرخىل ئاچچىق سېزىمنى يوشۇرالماي قالىمەن . بۇنداق چاغلاردا كۆزلىرىمنى قۇياش نۇرى ياكى شامال ، توزان تەسىرىدىن چىمىلداتقان بولۇپ ، تاشقىنلىۋاتقان ياش كەلكۈنىنى كىرپىكلىرىم بىلەن توغانلىۋالىمەن .

بۈگۈنمۇ ئۇنى يەنە شۇ ئېغىر ئۇن خالتىلىرى ئاستىدا قىمىرلاۋاتقان ھالدا ئۇچراتتىم . يېشى ئەللىكلەردىن ھالقىپ قالغان بۇ ئادەم ھەربىرى يىگىرمە بەش كىلوگراملىقتىن ئۈچ خالتا ئۇننى گەجگىسىگە توغرىسىغىلا ئارتىۋالغانىدى . بېشىغا تاقىلىپ تۇرغان خالتىلارنىڭ بېسىمىدىن بولسا كېرەك ، بىر تۇتام چاڭگا ساقىلى ئوراپ تۇرغان ئۇچلۇق ئېڭىكىنى داق سۆڭەكلىشىپ كەتكەن تاختىدەك قاتتىق مەيدىسىگە چاپلىغىنىچە بېشىنى كۆتۈرەلمەي كېتىۋاتاتتى . تۆۋەندىن قاراشتا ئۇنىڭ پاچاقلىرى گويا كېۋەزلىكنىڭ شادىسىدەك ، ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن كۆرۈنەتتى . پۇتلىرىنى ھەر قەدەم يۆتكىگىنىدە ئاشۇ ئىنچىكە

پاچاقلىرى خۇددى شامال تەگكەن قومۇش تاللىرىدەك دىرىلدەيتتى. شۇنىسى كۈلكىلىك ئىدىكى، بىر پۇچقىقى تېقىمىغىچە سۆكۈلۈپ كەتكەن ئىشتىنىنىڭ پاچىقى بولسا، بەئەينى دەستىسىگە يۆگىشىپ قالغان كونا بايراقتەك لاپپاكلاپ تۇراتتى.

مەن دۇكان ئالدىدىكى يولدا بىرى بىلەن ئىككى ئېغىزدىن تۆت ئېغىز پاراڭلىشىپ بولغۇچە، ئۇ كۆتۈرۈپ كەتكەن ئۇن خالتىلىرىنى قەيەرگىدۇ ئاپىرىپ بېرىپ قايتىپ كەلدى. گەرچە ئۇنىڭ يەلكىسى ئېغىر يۈكتىن ئازاد بولغان بولسىمۇ، پۈتۈن گەۋدىسى ھېلىھەم بوشراق ئېگىپ يازغان «د» ھەرپىنىڭ تۇسىنى ئالغانىدى. ئۇستۈپىشى چىلىق - چىلىق تەر، يۈز - كۆزى تاكى پوكانلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەنىدى. قېرىلىقنىڭ تەسىرىدىنمىكىن ياكى قايتىشىدا يەنە يۈگۈرۈپ ماڭىدىمىكىن (ئۇ قۇرۇق قول قايتىشىدا دائىم دېگۈدەك سوكۇلداپ ماڭاتتى)، ئۇزمەي ھاسىرايتتى. ئارىلاپ - ئارىلاپ، كالتە - كالتە يۆتىلىپمۇ قوياتتى. ئەمما، كۆزلىرىدىن روھلۇقلۇقى، تەندۇرۇسلۇقى چىقىپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇنى كۆرۈپ كۆڭلۈم يەنە بىر قىسما بولغىلى تۇردى. خىياللىرىم چېچىلىپ، بىردىنلا ئۇنى تۇنجى قېتىم ئۇچراتقان چاغلارنى ئەسلەپ قالدىم:

بۇ ئون يىلنىڭ ئالدىدىكى قىش ئوتتۇرىسىدا بولغان ئىش ئىدى. مەن يېڭىلا خىزمەتكە چىققانىدىم. تېخى تۇتاملىق ئۆيۈممۇ يوق ئىدى. ئىدارىنىڭ بۆلۈمىگە قويۇپ بەرگەن بىر كارىۋاتتا يېتىپ، تاماقنى بازاردا يەپ يۈرىدىغان ۋاقتىم ئىدى. ئەنە شۇ چاغدا ئۇنى ناھىيە بازىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاۋات ئاشخانىلارنىڭ بىرىدە ئۇچراتتىم. كېيىنرەك ئىسمىنىڭ باقى ئاخۇن ئىكەنلىكىنىمۇ بىلدىم. شۇ كەمىلەردە ئەمدىلا ئوتتۇز سەككىز - ئوتتۇز توققۇز ياشلارغا بارغان بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ قومۇشتەك ئېگىز بويىغا زادىلا ماس كەلمىگەن، يا ئۇزۇنغا، يا قىسقىغا تەۋە ئەمەس چاپاننى كىيىۋېلىپ، بېلىنى قۇراق - قۇراق

پۈرۈچلاردا باغلىنىۋالغان ھالدا ئاشخانا ئىچىدە چېپىپ يۈرەتتى. پۈتىغا كىيىۋالغان قارا پاختىلىق خېيى تولىمۇ يوغان ھەم سەت ئىدى. ئاشۇ كۆرۈمسىز ئايىغىنى سۆرەپ يۈرۈپ بىرىدە، خېرىدارلار ئالدىدىكى شىرەلەرنى سۈرتۈپ تازىلىسا؛ بىرىدە، بىكارلانغان تەخسە - قاچىلارنى دەستە - دەستە قىلىپ، ئاشخانا تېمىدىكى رۇجەك تەكچىسىگە توشۇيتتى. بىرىدە، خېرىدارلارنىڭ ئالدىغا چاي قۇيۇۋاتقان بولسا؛ بىردەمدىن كېيىن تام تۈۋىدىكى جاۋۇرنىڭ يۈندىسىنى سىرتقا ئېلىپ ماڭاتتى. ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ بىردەم تىنىم تاپقىنىنى كۆرگىلى بولمايتتى.

باشتا ئۇنى مۇشۇ ئاشخانىنىڭ خىزمەتكارى ئوخشايدۇ، دېدىم. شۇنداق دېدىمۇ، ئۇنىڭ «سۈپىتى» ماڭا زادىلا ياقمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ جۇۋازچىنىڭ پەشتامىسىغا ئوخشاش قارىلىقتىن ئۆتۈپ، باشقىچە بىر خىل رەڭدە پارقىراپ كەتكەن ھېلىقى «ئارغۇن» چاپىنى بىلەن بېشىدىكى تۈكسىز تېرە تەلپىكىگە قاراپ سالغان كىشىنىڭ دەرھاللا كۆڭلى ئېلىشىپ، ئىشتىھاسى بوغۇلاتتى. شۇڭىمۇ، تاماق يەۋاتقان ۋاقىتلىرىمدا، ئىمكانقەدەر ئۇنىڭ تەلەتىگە قارىماسلىققا تىرىشاتتىم. ئەپسۇسكى، ئۇ قېرىشقاندەك پات - پاتلا ئالدىمدا پەيدا بولۇپ قالاتتى.

بىر قېتىم ئالدىمغا كەلگەن ئاشقا ئەمدىلا چوكا سېلىپ تۇراتتىم. نېمە بولدىكىن، يېنىمدىكى بىرىنىڭ تامىقى شىرەگە ئۆرۈلۈپ كەتتى. شۇ ئارىدا ھېلىقى «شادا پاچاق» يۈگۈرۈپ كەلدى - دە، ئۇدۇلۇمدىلا ئېڭىشكىنىچە پۈشۈلداپ تۇرۇپ، شىرەنى سۈرتكىلى تۇردى. تۇمشۇقىنى سەل نېرىراق تۇتسىچۇ كاشكى، ئۇنىڭ تىنىقلىرىدىن تارالغان ئاللىقانداقتۇر تەر بىلەن قازان قورۇمىسىنىڭ ئارىلاشما ھىدىدەك بىر خىل يېقىمسىز پۇراق «گۈپ» قىلىپلا بۇرنۇمغا ئۇرۇلدى. كۆڭلۈم ئاينىپ، قاچىنى قويدۇم - دە، ئۇدۇل چىقىپ كەتتىم.

شۇنىڭدىن كېيىن ھەپتىگىچە بۇ ئاشخانىغا يولىمىدىم. يو-

لىمىدىمىۇ ، يەتتە ـ سەككىز ئاشخانىنىڭ ھەممىسىگە بىر قېـ
تىمدىن كىرىپ بېقىپ ، «يەنىلا مۇشۇ ئاشخانا ياخشىراقكەن»
دېگەن يەرگە كەلدىم . چۈنكى ، قالغان ئاشخانىلاردا بىرىنچىـ
دىن ، تاماق تولىمۇ ناچار ، ئىككىنچىدىن ، ھېلىقى دەسمال
چاپانلىق شادا پاچاقتا قـارىـغاندا ، مـىڭ ھەسسـە پاسـكىنـا
ۋە لابدۇر ـ كۆرۈمسىز تىلەمچىلەر ناھايىتى كۆپ ئىدى . ئۇلار-
نىڭ دەستىدىن ، بىر ۋاخلىقىڭغا ئون قېتىم تاماق ئالساڭمۇ ،
بىر قاچىغا تۇشلۇقى قورسىقىڭغا كىرمەيتتى . ئۇلارنىڭ قاشاڭـ
لىقىچۇ ، تېخى ! سەن «بىسمىللا» دەپ چوكىنى ئېلىپ بولغۇـ
چە ، بىرى پوكىنىنى سوزۇپ كەلگەن ، بىرى ئۈمۇر بويى سۇ
تەگمىگەن قاپقارا قاسماق ئالىقىنىنى ئېچىپ تۇرغان . بەرمەي
دېسەڭ ئۈزۈلۈك پوزۇر ، يېنىڭدا پۇلۇڭ تۇرۇپ باشقىلارنىڭ
«ھەي ، نامەرد ـ خەسىس» دەپ قېلىشىدىن ئەيمىنىسەن . بەر-
سەڭ ، شۇ بىرى بىلەن تۈگىسىغۇ بولاتتى . بىرىنىڭ ئالىقىنىغا
شۇنداق بىر لوقما تاشلىدىڭمۇ ، قالغىنىنى قويىۋەر . ئارقا ـ
ئارقىدىن سوزۇلغان قاسماق ئالىقانلار ، چەت ـ چۆرىسى ئۇچۇپ
كەتكەن پۇچۇق تاۋاقلار قاچاڭنى بىردەمدىلا قۇرۇقداپ قويىدۇ .
مەن ئاشۇلارنى سېلىشتۇرۇپ بېقىپ ، ھېلىقى شادا پاچاقنى
دەپ ، بۇ ئاشخانىنى يامان كۆرگىنىمگە پۇشايمان قىلدىم ـ دە ،
يەنە شۇ ئاشخانىغا قايتىپ كەلدىم . ھەرھالدا بۇ ئاشخانىغا باشقا
تىلەمچىلەر كىرەلمەيتتى . مۇبادا كېلىپ قالغۇدەك بولسا ، باقىـ
ئاخۇن قولىغا ئەپكىشىنى ئېلىۋېلىپ ، بىردەمدىلا سۇر ـ توقاي
قىلىۋېتەتتى .
كېيىنچە ئۇقسام ئۇ باشتا مەن تەخمىنلىگەندەك بۇ ئاشخانىـ
نىڭ «خىزمەتكارى» بولماستىن ، ئەنە شۇ زاماندىكى نەچچىلىـ
گەن تىلەمچىلەرگە ئوخشاش ، ئۆزلىرىنىڭ بىر ۋاخلىق توقلۇقى
ۋە تىرىكلەر قاتارىدىكى سانىقى ئۈچۈن تىرمىشىۋاتقانلارنىڭ ،
ئىلمىيراق ئېيتقاندا ، «ھايات ئۈچۈن جەڭ» قىلىۋاتقانلارنىڭ

بىرى ئىكەن . لېكىن ئۇ غەلىتە ئادەم ئىدى . ھېچقانداق بىراۋغا
قول سوزمايتتى ۋە ياكى تاماق يەۋاتقانلارنىڭ قاچىسىغا تىكىلـ-
ۋېلىپ ، مۆلدۈرلەپمۇ تۇرۇۋالمايتتى . پەقەت ئۆزىنىڭ ئاشۇ
تىنىمسىز ئەمگەكلىرى بەدىلىگە كەلگەن ئاشقان - تاشقان تائام-
لار بىلەنلا قانائەتلىنەتتى . ئاشپەزلەرمۇ ئۇنىڭغا ئامراق بولسا
كېرەك ، بەزىدە ئاشخانىغا چاقىرىۋېلىپ ، ئانچە - مۇنچە ئىسسىق
تاماقلارنىمۇ بېرىپ تۇراتتى .

ئىككى يىلدىن كېيىن مەن ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ ،
ئاشخانىلارغا كىرمەيدىغان بولدۇم . لېكىن ، باقىئاخۇننى دائىم
دېگۈدەك ئاشۇ بىرلا ئاشخانا ئالدىدا يەر سۈپۈرۈۋاتقان ، سۇ
چېچىۋاتقان ياكى ماشىنىدىن ئوتۇن - كۆمۈر چۈشۈرۈۋاتقان
ھالەتتە كۆرەتتىم .

ئارىدىن ئون يىل ئۆتتى . كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقىدىكى
ئاشخانىلار ئاستا - ئاستا تاقىلىپ ، ئۇنىڭ ئورنىنى خۇسۇسىي
خوجايىنلارنىڭ كىچىك - كىچىك ئاشخانىلىرى ئىگىلىدى . ئاش-
خانىلاردا كۈن ئۆتكۈزىدىغان تىلەمچىلەرمۇ بىر - بىرلەپ تېزىپ
كېتىشتى . ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ بىردىنلا بىزنىڭ
ئاشلىق دۇكىنىمىزدا پەيدا بولۇپ قالدى . . .

ئەسلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگىنىمدە ئۇ يەنە بىرەيلەننىڭ خال-
تىسىنى سۆرەپ ئىشىك ئالدىغا چىقتى . نەزىرىم ئىختىيارسىز
ئۇنىڭغا ئاغدى . باقىئاخۇننىڭ ئون يىل ئالدىدىكى قاپقارا
چاچ - ساقىلىنىڭ يېرىمى ئاقىرىپ كېتىپتۇ . ئىلگىرى يىكەن
نەيزىسىدەك تىك تۇرىدىغان زىلۋا قامىتى خېلىلا پۈكۈلۈپتۇ .
بىرلا يېرى يۈز - كۆزىگە گۆش قونۇپ ، مەڭز سۆڭەكلىرى
يوقالغان ، ئىككى قوۋۇزىدىكى ئويمانچاقلىرى پۈتۈپ قالغانىدى .
شۇنداق بولسىمۇ ، يول ماڭغاندىكى ھاسىراشلىرى ، خالتا -
تاغارلارنى يۈدۈگەن چاغدىكى پۈتلىرىنىڭ دىرىلداپ ، گاھ ئالدى-
غا ، گاھ كەينىگە يەڭدەپ كېتىشلىرى . . . ئۇنىڭ ھەقىقەتەن

قىرىلىقتىن ئاجىزلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى .
ئۇ سۆرەپ چىققان خالتىنى تامغا يۆلەپ قويۇپ ، نېمىگىدۇر سەپسالدى . بويۇن ۋە مەيدىلىرىدىن ساقىپ تۇرغان تەر ساقىندىلىرىنى يىرىك ئالقىنى بىلەن سىيرىپ سىلكىۋېتىپ ، كېيىن بېشىدىكى دوپپىسىنى ئالدى . ئۇنى پۇرلاپلا يۈز - كۆزىدىكى تەرلىرىنى سۈرتتى - دە ، ئالدىدىكى خالتىغا قول ئۇزاتتى .

## 2

ئىيۇل ئايلىرى كىرىشى بىلەنلا تەكلىماكان قىرغىقىغا جايلاشقان بۇ يۇرتنىڭ ھاۋاسى تولىمۇ قىزىپ كېتىدۇ . كۈندۈزى پىژغىرىم ئىسسىقتىن دۇمبەڭ كۆيۈپ ، ئۆپكە - بېغىرىڭ پىشىپ كەتكۈدەك بولسا ، كېچىنىڭ بۇرۇقتۇرۇم ھاۋاسىدىن ، تۆشەك ئۈستىدە يالىڭاچ يېتىپمۇ سەگىدىيەلمەيسەن . بۇ يەرلىكلەر بۇنداق تىنچىق ھاۋانى «ئۇف» دەپ ئاتايدۇ . بۇنداق چاغلاردا كىشىلەر كۈندۈزى بىرەر ئېغىزدىن خالىي ئۆيىنىڭ ئىشىك - تۈڭلۈكىنى چۈمكەپ ، پولغا سۇ سېپىشىدۇ - دە ، ئۇنى سوۋۇتۇپ قويىدۇ . كېچىسى بولسا ، ئاشۇ ئۆيدە ئۇخلايدۇ . بىر ئائىلىنىڭ ھەلەكچىلىكىدە تىنىم تاپالمايدىغان نۇرغۇن شەھەر ئاھالىسى ئەتىگەن ۋە كەچلەردە ئۆز ئوقىتىنىڭ كەينىدىن ماڭغاندىن باشقا ، كۈندۈز كۈننىڭ كۆپ قىسمىنى ھاۋاسى سالقىن جايلاردا دەم ئېلىش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ .
بۈگۈنمۇ ھاۋا ئادەتتىن تاشقىرى قىزىپ كەتتى . ئاسماننىڭ چېكى چوققىسىغا كېلىپ ، زېمىن ئۈستىگە مىختەك قادىلىپ تۇرۇۋالغان چۈشلۈك قۇياشنىڭ پىچ يالقۇنىدەك كۈچلۈك ھارارىتى پۈتكۈل شەھەرنى خۇمداندەك قىزىتماقتا ئىدى . ئۈستىدە قۇياشنىڭ ، ئاستىدا ئاسفالت يولدىن ئۆرلەپ چىقىۋاتقان تونۇر ئوتىدەك قىزىق ھارارەتتىن بىزار بولغان جانلار خېلى بۇرۇنلا

سايە ـ سالقىنلاردىن قارار تېپىشقانىدى . كوچا ـ رەستىلەردە غالتەكلىك ساندۇقنى دارقىرىتىپ يۈرۈپ چوكا مۇز ساتقۇچى باللار ۋە ئاندا ـ ساندا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان ۋېلسىپىتلىكلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ئادەم ناھايىتى شالاڭ ئىدى .

چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىمنى شەھەر باغچىسىدا ئۆتكۈزۈش خىيالى بىلەن كېتىۋاتاتتىم . باغچىنىڭ ئالدىغا ئاز قالغاندا توساتتىنلا باقىئاخۇننى ئۇچرىتىپ قالدىم . ئۇ ئۆز بېشىدىن ئىككى ـ ئۈچ غېرىچچە ئېگىزگە چىقىپ تۇرغان بىر بوپىنى يۈدۈپ ، لوڭۇلداپ كېلىۋاتاتتى . بوپىنىڭ چوڭلۇقىغا قارىغاندا ، ئۆزى ئانچە ئېغىر بولمىسا كېرەك ، ئۇنىڭ قەدەملىرى يېنىك ـ يېنىك يۆتكىلەتتى . بىراق ، ئۈستۈبېشىدىن قۇيۇلغان تەر ساقىندىلىرى گىجەكلىشىپ كەتكەن ساقاللىرىنى بويلاپ ، توختاۋسىز تۆكۈلۈپ تۇراتتى . كىر باسقان كۆك كۆڭلىكىنىڭ ياقا ۋە مەيدىلىرى ئاشۇ تەر ۋەجىدىن چۆپ ـ چۆپ بولۇپ كەتكەنىدى .

ئارىمىز تۆت قەدەمچە قالغاندا ئۇ بۇرۇتلىرىنى بويلاپ جاۋغىيىغا كېلىپ قالغان تەر تامچىلىرىنى «پۇۋ !» قىلىپ پۈرقىۋەتتى ـ دە ، مېنى كۆرۈپ ھىڭگىدە بىرنى كۈلۈپ قويدى .

— شۇنچىۋالا قاقىرامدا جان قىينىمىسىڭىزمۇ ، ھاۋانى ياندۇرۇپ ئىشلىسىڭىز بولمامدۇ ؟ — دېدىم ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ ، — قاراڭا ، ئەپتىڭىزگە ! ؟

باقىئاخۇن مېنىڭ ئۆزىگە ئېچىنىۋاتقانلىقىمنى بىلمىدىمۇ ياكى بىلسىمۇ بىلمەسكە سېلىۋالدىمۇ ، ئەيتاۋۇر ، سارغىيىپ كەتكەن چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ، يەنە بىر قېتىم ھىجايدى .

— مۇشۇنى ئاپىرىپ بەرسەملا ، — دېدى ئۇ كەينىدە كېلىۋاتقان ياش چوكانغا قاراپ قويۇپ ، — سايىگە چىقىۋالدىمەن . بۈگۈن باغچىغا كىرىپ تازا بىر ئۇخلىۋالمىسام . كۆل

بويىدىكى ھېلىقى تەتۈر سۆگەتنىڭ ئالتىنى[1] ئەجەب راھەتكەن
دېسىلە ، بىر موچەننىڭ راھىتىنى ئىزدىگەن ئادەم باغچىغا كىـ
ـرىپ يېتىۋالسا بولىدىكەن .

باقى ھامال شۇنداق دېگىنىچە لوڭۇلداپ ئۆتۈپ كەتتى .
مەن باغچىغا كىرىپلا ، ئىختىيارسىز ھالدا بايا ئۇ دېگەن ئاشۇ
تال سۆگەتلىك كۆل بويىغا كەلدىم . شۇ چاغدا ، ئۆزۈمنىڭ نېمە
مەقسەتتە شۇنداق قىلغىنىمنىمۇ بىلمەيمەن . كۆل بويىغا كېلىپلا
سۆگەت ئاستىدىكى سېمونت سۇپىلارنىڭ بىرىنى ئىگىلىدىم ـ
دە ، باغچە «مۇلازىمەت مەركىزى» گە بېرىپ ئازراق تاتلىق ـ
تۈرۈم ، مېۋە ـ چېۋە ھەم بىرنەچچە سامسا ئېلىپ ، ئۆزۈمچە
داستىخان راسلىدىم . ئاندىن گويا ئۇنى مېھمانخانىغا ئېيتىپ
قويغاندەك ، باقىئاخۇننىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردۇم .

— ۋۇي ، سىلىمۇ كىرگەنىكەنلا ـ ھە ؟

نېمىدۇر خىيال قىلغاچ بىر تال تاماكا ئوراپ تۇراتتىم .
باقى ھامال ئالدىمدىلا پەيدا بولۇپ قالدى . ئۇ ماڭا گەپ قىلىۋا-
تاتتى .

— ھە ، كىرىپسىز ـ ھە ، كېلىڭ ، كېلىڭ ! — دېدىم
ئۇنى تەكلىپ قىلىپ ، — مەن تېخى يەنە بىراۋنىڭ كەينىدىن
كېتىپ قالارمىكىن ، دەپ ئەنسىرىگەنىدىم .

— ياقەي ، ھېلىمۇ ئون جېنىمنىڭ بىرى قالمىدى . بايامـ
قى چوكان ئۇزاق بىر يەردىن كەلگەن چېغىكەن ، بەك تەڭ
كەلتۈرۈپ تۇرۇۋالدى . بولمىسا ، ئابايا كىرىپ بولاتتىم دېسىلە ،
بۇ يەرگە .

ئۇ شۇنداق دېگەچ ئۆزىگە جاي ئىزدىدى بولغاي ، ئەتراپقا
قارىغىلى تۇردى . باغچىدا ئادەم قايناپ كەتكەنىدى . پاناھلانغۇ-
دەك سايىسى بار جايلارنى باشقىلار ئىگىلەپ بولغانىدى . شۇ

---

[1] ئالتىن ـ گۈما شېۋىسىدە ئاستى ، تۆۋىنى دېگەن مەنىدە .

چاغدا مەن گويا ئۇنىڭ كېتىپ قېلىشىدىن قورققاندەك، تېزلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم ــ دە، ئۇنى قايتا تەكلىپ قىلدىم.

ئۇ باشتا سەل تەئەججۇپلەندى. كېيىن ئالدىمدىكى داستىخانغا قاراپ نېمىدۇر ئويلىغاندەك قىلدى ــ دە، بىر قەدەم كەينىگە داجىدى:

ــ ئوخشاش، ئوخشاش[1] مەن باشقا مېھمانلارغا كاشىلا قىلسام بولماس. ئاۋۇ ياققا بېرىپ بىردەم سەگىدەپ كېلەي. سىلى ئولتۇرىۋەرسىلە.

ــ ھەي، نەگە بارسىز؟ ــ دېدىم ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ، ــ بۇ يەردە باشقا ئادەم يوق. مۇشۇ يەردىلا سەگىدىسەڭىز بولمىدىمۇ؟ كېلىڭ، ئولتۇرىۋېرىڭ.

ــ بۇ . . . مەن . . . ئەمىسە، يۈز ــ كۆزۈمنى يۇيۇۋېلىپ كېلەي.

ئۇ سۇپىغا جايلاشقاندىن كېيىن گويا كىچىك بالىلاردەك، دەسلەپ تارتىنىپ، داستىخانغا كەمدىن ــ كەم قول سۇنۇپ ئولتۇردى. كېيىن مېنىڭ ئۇ يەر ــ بۇ يەردىن گەپ كوچىلاپ باشلاپ بەرگەن پارىڭىم بىلەن ئۇلپەتچىلىكىمىز بارا ــ بارا راۋانلىشىپ كەتتى.

ئەسلىدە مەن بىر پۇرسەت تېپىپ، ئۇنى قىلىۋاتقان ئاشۇ ئېغىر كەسىپتىن قول يىغدۇرماقچى، خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىنى كۈتۈنۈش بىلەن ئۆتكۈزۈشكە ياردەم قىلماقچى ئىدىم. بۇ ھەقتە خەلق ئىشلار ئىدارىسىدىكى بىر ساۋاقدىشىمدىن ۋەدە ئېلىپمۇ قويغانىدىم. شۇڭا، گەپ ئارىلىقىدا بۇ خىيالىمنى ئوچۇقلا ئېيتتىم.

ــ ياق، ياق، ــ دېدى ئۇ گېپىمنى ئاڭلاپ

---

① بۇ سۆز گوما شېۋىسىدە بىراۋنىڭ تەكلىپىگە قارىتا ئېيتىلغان تەكەللۇپ سۆزى بولۇپ، «رەھمەت» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

بولغۇچە ، — ھەرگىز ئۇنداق قىلمىسىلا ، مېنى دەپ ، ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىغا بېرىپمۇ يۈرمىسىلە .

ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ، بىردىنلا سەھرايىم ئۆرلىدى : «ھوي ، قانداق گادايا ، ماۋۇ ؟ تېخى بېشىنى سىلاپ قوياي دېسە نېزىتقاۋاتىدا ؟ » شۇنداق ئويلىدىمۇ ، ئېغىزىمدىن چىقارمىدىم .

— ۋوي ؟ قانداق ئەخمەق ئادەمسىز ؟ يا مېنى چاقچاق قىلىۋاتىدۇ ، دەمسىز ؟ قېرىغاندا ئارامخۇدا . . .

— نىيەتلىرىنىغۇ چۈشەندىم ، — دېدى ئۇ گېپىمنى تارتىۋېلىپ ، — سىلى - بىز كۆنۈشۈپ قالغان ئادەملەر . ئىگەكىم ، ئىنس - جىنغا تىنمايدىغان گېپىم بولسىمۇ ، ئۆزلىرىدىن بىر ئېغىزنىي يوشۇرمايمەن . مانا ئالدىمىزدا تۆز تۇرۇۋېتۇ ، مەن ئۆمۈر بويى يېتىپ يېسەممۇ ، ئۆزۈمدىنمۇ ئېشىپ ، تېخى يەنە بىر - ئىككى كىشىنىڭ ئۆمرىگە يەتكۈدەك پۇلۇم بار . مەن ھۆكۈمەتكە ئېسىلىدىغان ئىشنى قىلمايمەن ، جۇمۇسىلا .

ئۇنىڭ ئىچىگە تارتىلىپ كەتكەن سارغۇچ كۆزلىرىدىن ھەقىقەتەنمۇ بىر خىل راستچىللىق ۋە ئۆزىگە بولغان ئىشەنچنىڭ نۇرلىرى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى . شۇنداقتىمۇ ، ئۇنىڭ : «ئۆمرۈمدىن ئاشقۇدەك پۇلۇم بار» دېگىنىگە زادىلا ئىشەنگۈم كەلمەيتتى .

— ئالا گەپ قىلماڭ . مەن سىزنى بىلمەيمەنمۇ ؟ ئۆمرىدىن ئاشقۇدەك پۇلى بار ئادەمنىڭ قېرىپ بۇ ھالغا كەلگۈچە ھاممالىق قىلىشىنى كىم قويۇپتۇ ؟ خاپا بولسىڭىزمۇ دەي ، سىزنى بايىقىدەك پىژغىرىم قايىنامدا تەرلەپ - تەپچىرەپ يۈرگىلى سالغىنى نېمە ؟ !

— راستىنى ئېيتسام ، — دېدى ئۇ كۆل سۈيىگە كۆز تىكىپ تۇرۇپ ، — بۇ شەھەرلىكلەر مېنىڭ تەكتىمنى بىلمەيدۇ . بۇ تەرىپى ئۆزلىرىگىمۇ ھەم شۇنداق . ئۈستىمىزدە ئاللاتائالانىڭ نۇرى ، ئەكسى تۇرۇۋېتىكى ، مەن راستتىنلا ۋەجىسىز

ئەمەس. ئىش - پىش قىلىشنى دېسەك، ئۇنىڭغا كۆنۈپ قاپتىمەن. بىر كۈن يۈك كۆتۈرمىسەم، تەرلەپ - تەپچىرىمىسەم، ئۆزۈمنى ھاياتتەك سەزمەيمەن. نېمىشقىكىن، بىردەم بىكار قالسام ئىچىم پۇشۇپ، ئۆزۈمچە غەشلىك بولۇپ قالىمەن. شۇڭا، «بىكار ياتقۇچە بىكارغا ئىشلەي» دېگىنىم.

«ما نېمە، — دەيتتىم ئىچىمدە ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىۋېتىپ، — ئۇنىڭ تەكتىنى بۇ يەردىكىلەردىن بىر كىم بىلمىسە، بۇ شادا پاچاق باشقا يەرلىك ئوخشىمامدۇ؟ ئۆمرۈمدىن ئاشقۇدەك ۋەج - ئوقىتىم بار، دەيدۇيۇ، باش تىققۇدەك پاناھگاھى يوق، مەسچىت ھۇجرىلىرىدا پۈتۈن يېتىپ، پۈتۈن قوپىدۇ. خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى ئارام - قارام يوق، كالىدەك تاغار يۈدۈسۇن...»

— سىلىنىڭ چىن پۇتمەيۋاتقانلىرىنى بىلدىم، — دېدى ئۇ خىيالىمنى بۆلۈپ، — ئىلگىرى جاھاننىڭ تارچىلىقىدا ۋەج - ئوقىتىم بارلىقىنى يان - بېلىمدىكى شامالدىنمۇ سىر تۇتاتتىم. ئەمدى جاھان ئۆزگىرىپ قالدى. بارىنى بار، دەۋەرسەممۇ، بىر كىم تارتىۋالمايدۇ. ئىشقىلىپ، كۆپ ئەمەس، دادامدىن قالغان ئازراق پىششىق مېلىم بار، — ئۇ شۇنداق دەۋېتىپ، ئۇستىدىكى قاسماق خەسە كۆڭلىكىنىڭ ئايىغىدىن ئىشتىنىنىڭ لېپىكىنى سىلاپ قويدى. مەن ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن ھېچ نەرسىنى چۈشەنمىدىم. لېكىن، كاللامدا ئۇنىڭ ئېغىزىدىن چىققان «پىششىق مال» دېگەن بىرلا ئۇقۇم بار ئىدى.

— پىششىق مال دەمسىز؟ — سورىدىم ئۇنىڭغا ئىشەنمەي، — نېمە پىششىق مال ئۇ؟ — ھە... تەڭگىكەندە؟ يامبۇمۇ يە؟

— ياق، تىللا.

— تىللا!؟ — مەن قۇلىقىمغا ئىشەنمەي قالدىم، — تىللا دەمسىز!؟

— ھەئە، — باقى ئاخۇن مىيىقىدا كۈلدى، — جىق ئەمەس، ئون سوملۇقتىن سەككىزى بار.

— سىز ئېلىشىپ قالمىغانسىز؟ سەككىز تال تىللا دېگەن ئاز گەپ ئەمەس، جۇمۇ!

— ھى - ھى - ھا - ھا... قىزىقكەنلا، — دېدى ئۇ، كۈلكىدىن ئۆزىنى تەستە توختىتىپ، — نى - نى ئېلىشىپ قالىدىغان چاغلاردا ئېلىشىپ - ساراڭ بولۇپ كەتمەيزە، ئەمدى ئېلىشىپ قالارمەنمۇ؟

ئۇ ئۆز گېپىنىڭ راستلىقىنى قانچىلىك ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنمىسۇن، مەن ھامان ئىشەنمەيتتىم. دېمىسىمۇ، خېلى يىللاردىن بېرىقى ئۆمرىنى كوچا - كويلاردا سەرسان، سەرگەردانلىقتا ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتقان بۇ ئىگە - چاقىسىز ئادەمنىڭ نەدىمۇ شۇنچىلىك پۇلى، يەنە كېلىپ سەككىز تال تىللاسى بار بولسۇن؟ ئۇنچىلىك پۇلى بولغىنىكەن شۇنىڭغا تۇشلۇق دىت - پاراستى بولىدۇ. ئەقلى بولغىنىكەن پۇلىنى پۇلغا ئۇرۇپ، بەگدەك كۈن كەچۈرمەيزە، كىر - قاسماقتا بۇلىنىپ، ئۆلەر - تىرىلىشىگە تاغار قاپ يۇدۇمىدۇ؟ «توخۇ داڭگال چۈشەپتۇ، ئوتتۇنچى جاڭگال» دېگەندەك، ئۆمۈر بويى موھتاجلىقتا ئۆتكەن بۇ ئادەم شۇنداق بىر بايلىقنى چۈشىگەۋاتسا كېرەك...

مەن ئويلىغانسېرى شۇنچە تەئەججۈپكە چۆكەتتىم. ئۇنى ھامان «ئالجىپ قاپتۇ» دەپ يەكۈنلەيتتىم.

— سىز بىكار قىلماڭ، — دېدىم يەنە ئۆز ئويۇمنى قۇۋۋەتلەپ، — سىزنى ساناتورىيىگە ئالدۇرۇپ قوياي. ئاخىرقى ئۆمرىڭىزنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈڭ. شۇنداق بولغاندا يوقنىڭ دەردىنىمۇ تارتمايسىز، قېرىغاندا مۇدۇرۇپ - چوقۇرۇپمۇ يۈرمەيسىز

— ياق، ياق، — دېدى ئۇ چىرايىغا جىددىي تۈس بېرىپ، — مېنىڭ راستتىنلا پۇلۇم بار. بىر جېنىمنى جان

ئەتكۈدەك كۈچۈممۇ بار. ئىشلىمىسەم ئىچىم پۇشۇپ قالىدۇ.

«تازا بىر خەسىس ئادەم ئوخشىمامدۇ؟ — دېدىم سەل ئاچچىقىم كېلىپ، — پۇلى بولغاندىكىن، ھېچبولمىغاندا ئۇستۇبېشىنى تۈزەپ يۈرسە بولمامدۇ؟»

— ماقۇل، — دېدىم شۇ ئوي ئىچىدە، — پۇلىڭىزنىمۇ بار دەيلى. ئىشلىمەي بىكار يۈرۈشنىمۇ خالىمايسىز دەيلى. ھېچبولمىغاندا، ماۋۇ ئەسكى كىيىملىرىڭىزنى يېڭىلاپ، ئادەمدەك يۈرسىڭىز بولمامدۇ؟ مۇشۇ كىيىملەر بىلەن ئۆزىڭىزنىڭمۇ كۆڭلى ئېلىشمامدۇ؟

ئۇ خېلىغىچە جىمجىمدە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئىككى چانىقى لىققىدە ياشقا تولغانىدى. كۆڭلىدە كىشىگە ئېيتقىلى بولمايدىغان قانداقتۇر بىر دەرد ـ ئەلەمى باردەك قىلاتتى.

— مېنىڭ كۆڭلۈم سۇنۇق، — دېدى ئۇ ئاۋازى بوغۇلغان ھالدا، — سىلىگە دېسەم، قانداق كىيگىنىم، قانداق يېگىنىم ماڭا بەرىبىر. مەن پەقەت بىرلا ئادەم ئۈچۈن ياشاپ كېلىۋاتىمەن. ئەمما، ئۇنىڭغا قانداق ئېرىشىشنى بىلمەيمەن. لېكىن، ئىمانىم كامىلكى، ئۇنى بىر كۈنى تاپارمەن دەيمەن. شۇڭا مەن باشقا ئىشنى، يەنى ئۆزۈمنى ئويلاپ كەتمەيمەن، بۇ بىر تەرىپى. يەنە بىر تەرىپى، مەن مۇشۇنداق يۈرسەم، بايا دېگەن پۇللارنى تىنچ ـ ئامان ساقلىيالايمەن.

ئۇ شۇنى دەپلا جىمىپ كەتتى. مەن يەنىلا ئۇنىڭ دېگەنلىرىدىن ھېچ نەرسىنى چۈشەنمەيتتىم.

«ئۇنىڭ كۆڭلى نېمىشقا سۇنۇق؟ ئۇ كىمنى دەپ، كىمنى كۈتۈپ ياشايدىغاندۇ؟ نېمىشقا بۇنداق تەركىدۇنيالىقنى خالايدىغاندۇ؟ — مەن ئويلىغانسېرى جاۋاب تاپالمايتتىم، — يا بىرەر ئايالنى كۈتەمدىغاندۇ؟ ياق، بۇنچىلىك ياشتىكى ئادەمدە بىرسىنىڭ مۇھەببىتىدە كۆيۈپ يۈرۈش نېمە قىلسۇن؟»

مەن ئۇنىڭ تېگى ـ تەكتىنى سورىماقچىمۇ بولدۇم. لې-

كىن ، نېمىشقىدۇر ئوڭايسىزلىنىپ قالدىم . يەنە بىر تەرەپتىن ، «كېيىن بىر ئېپى كېلىپ قالار» دەپمۇ ئويلىدىم ـ دە ، بۇ توغرىدا ئارتۇقچە گەپ قىلمىدىم . ئەمما ، باغچىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپمۇ ، خىيالىم يەنە شۇ ئالجىغان ھامالنىڭ كىشى ئىشەنمەيدىغان سۆزلىرى ئۈستىدە داۋاملاشماقتا ئىدى .

## 3

ئوغلۇم ئېلىپ كىرگەن ئۇشتۇمتۇت بىر خەۋەردىن يۈرەكىم قارتتىدە قىلىپ قالدى . قولۇمدىكى تاماق تەخسىسىنىڭ نەگە كەتكىنىنى بىلمەي مەڭدەپلا كەتتىم . خېلىدىن كېيىن قارىسام ، بايىلا قولۇمدا تۇرغان تەخسە تېخى يېرىمىمۇ يېيىلمىگەن ئاش بىلەن بىللە پول ئۈستىدە تىغىۋەيران بولۇپ ياتاتتى .

— نېمە؟ نېمە دېدىڭ ؟ ! — گويا ئۆز قۇلىقىمغا ئىشەنمىگەندەكلا قايتىلاپ سورىدىم ئوغلۇمدىن . ئاۋازىم قاتتىقراق چىقىپ كەتكەن بولسا كېرەك . ئوغلۇم بىر قەدەم كەينىگە داجىپ كەتتى . بىر يۈزۈمگە ، بىر يەرگە تۆكۈلگەن ئاشقا قاراپ ، نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى . ئۇ مېنى خاپا قىلىپ قويغان ئوخشايمەن ، دەپ قالغاندەك قىلاتتى .

— ۋاي - ۋۇي ! ئەجەب چۆچۈپ كەتتىڭغۇ ؟ — دېدى ئايالىم ، — قارىسىلا ، بالىنىمۇ ئەنسىكتۈرۈۋەتتىلە . «باقى ھامالنى ماشىنا سوقۇۋېتىپتۇ» دەيدۇ ، شۇ ! خۇددى بېشىغا چاقماق چۈشكەندەك بولۇپ كەتكىنىنى . . .

ئايالىم ئاخىرقى گېپىنى خۇددى ئۆز - ئۆزىگە دېگەندەك ئىچىدىلا غۇدۇراپ ، بالىنى ئاچىقىپ كەتتى . ئەس - يادىم ھېلىھەم ئاشۇ تەلەيسىز شادا پاچاقتا قالغانىدى . شۇڭا ، ئۇدۇللا كوچىغا چىقىپ كەتتىم . ھەممىسىنىڭ ئېغىزىدا شۇ بىر خىللا پاراڭ .

— باقىئاخۇننى ماشىنا ئۇرۇۋېتىپتۇ ، دەيدىيا ؟
— بىر قولىنى غۇچ - غۇچ قىلىۋېتىپتىمىش .
— ھەي بىچارە ، كۆزىگە قاراپ ماڭسا بولماسمىدى ؟
— گەپ شوپۇردا . شەھەر ئىچى دېگەندە ئاستىراق ھەيدە-گۈلۈك ئۇنى !

— «بالا - قازا كۆرۈنۈپ كەلمەس ، پۇت - قولىنى ساڭگىلىتىپ» دەيدۇ ئەمەسمۇ ؟ «ئانامنىڭ ئۆلۈشىنى بىلسەم ، ئىششەك كېپەككە سېتىپ يەردىم» دېگەندەك ، بۇنداق بولۇشىنى بىلسە باقىئاخۇنمۇ ، شوپۇرمۇ دىققەت قىلغان بولاتتى . بۇمۇ خۇدانىڭ ئىرادىسى . . .

ئىشقىلىپ ، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى تالاش - تارتىشلار رەستىنى بىر ئالغانىدى . مەن ئۇنىڭ دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىنگىنىنى ئاڭلاپ ، شۇ ھامان دوختۇرخانىغا چاپتىم .

مەن كىرىپ كەلگىنىمدە ئۇ كېسەل كارىۋىتىدا ئىڭراپ ياتاتتى . ئىككى دوختۇر ئۇنىڭ بىر قولىنى كېسىۋېلىۋاتات-تى . تېگىش يېرىم سائەتچە داۋاملاشتى . ئاڭغىچە مەن ئىشىك تۈۋىدە كۈتۈپ تۇردۇم . دوختۇرلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئاستا ئۇنىڭ يېنىغا باردىم .

ئۇ مېنى كۆرۈپلا گويا ھېچ نەرسە بولمىغان ئادەمدەك لاپپىدە ئېچىلدى . قېنى قېچىپ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىدە ، بىر سېكۇنتچە تەبەسسۇم جىلۋە ئەتتى - دە ، يەنە شۇ ھامان ئۆچتى . نېمىگىدۇر كۆڭلى بۇزۇلغاندەك ، قويۇق ساقاللىرى ئارىسىدىكى قارىداپ كەتكەن لەۋلىرى ئۇمچەيدى . ياپما قاپىقى بىلىنەر - بىلىنمەس خىرەلىشىپ ، كۆزلىرىگە ياش پەردىسى تارتىلدى .

— ئەھۋالىڭىز قانداقراق ؟ — سورىدىم يېقىن كېلىپ .

باقىئاخۇن ئېغىزىنى قىمىرلاتقاندەك قىلدىيۇ ، گەپ ئورنى-غا كۆزىدىن ئىككى تامچە ياش سىرغىپ چىقتى .

— كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ ، ساقىيىپ كېتىسىز .

— كۆزۈم ئۇلاشمايدۇ، غوجام. جەينىكىمنىڭ يۇقىرىسى چورت كېتىپتۇ. قانداق بولاركىن...

— خۇدا شىپالىق بېرىدۇ، — دېدىم ئۇنىڭغا ياقىدىغان گەپنى قىلىشقا تىرىشىپ، — دوختۇرلار چوقۇم ئامال قىلىدۇ. ھەي، قانداق بولۇپ ئۇرۇلۇپ كەتتىڭىز بۇ ماشىنىغا؟

— ئۆزۈممۇ بىلمەي قالدىم. بىرىنىڭ ئىككى خالتا ئۇننى ئېلىپ كېتىۋاتاتتىم، ئالدىمدىن بىر پەسەندى موتسىكىلىتنى دارقىرىتىپ، ئۇچقاندەك كېلىپ قالدى. ئۇرۇۋەتمىسۇن دەپ يان تەرەپكە شۇنداق چىقىشىمغا بىر نەرسىگە جالاققىدە ئۇرۇلۇپ كەتتىم. كېيىن نېمە بولغىنىنى بىلمىدىم. ھوشۇمغا كەلسەم ماشىنا سوقۇۋەتتى، دېيىشتى. قولۇمغۇ سۇنۇپتۇ، ماۋۇ بىر يانپېشىمنىمۇ مىدىرلاتقىلى بولمايدۇ. ئۇ يەرنىمۇ بىر نېمە بولدىمىكىن دەيمەن. ھەي... مەن، مەن... ئۆلۈپ كەتمىسەم بولاتتى، — ئۇ ئەمدى ئۈننى چىقارماي، بۇقۇلداپ يىغلاۋاتاتتى.

— كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، چوقۇم ياخشى بولۇپ كېتىسىز.

مەن شۇنىڭدىن باشقا بىر نېمە دېيەلمەيتتىم. شۇ ئارىدا بايىقى دوختۇردىن بىرى بىر تال تاسمىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. باقى ئاخۇننىڭ تېڭىلغان قولىنى بېغىشىدىن باغلاپ، تورۇسقا ئاستى. يېپقا باغلانغان بىر تال خىشنى ئاستىغا قاردىتىپ ساڭگىلىتىپ قويدى.

—بۇ مۇشۇنداق تۇرىدۇ. ئېلىۋېتىشكە، قىمىرلىتىشقا بولمايدۇ جۇمۇ! — دېدى دوختۇر خىشنى ئېسىۋېتىپ.

— قانداق داۋالاش بۇ؟ — دېدىم مەن ھەيران بولۇپ، — زەخمىسىنى ئاز دەپ تورۇسقا ئېسىپ، ئاستىغا خىش ئېسىپ قويغىنىڭىز نېمىسى؟ بۇ كېچە-كۈندۈز مۇشۇنداق تۇرامدا؟

— سۇنغان ئۇستىخان تۇتاشقۇچە مۇشۇنداق تۇرمىسا بولمايدۇ، — دوختۇر چىقىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ يېنىدا بىر سائەتتەك ئولتۇرۇپ قايتىپ چىقتىم.

ئۇنى ھەر كۈنى دېگۈدەك يوقلاپ كېلەتتىم. ئۇنى يوقلاشنى، خەۋەر تېپىشنى نېمىشقىدۇر ئۆزۈمنىڭ بىرخىل مەجبۇرىيىتىدەك ھېس قىلاتتىم. ھەر قېتىم كەلگىنىمدە، گاھىدا ئۆيدىن، گاھىدا بازاردىن ئاز - تولا يېمەكلىك ئالغاچ كېلەتتىم. دوختۇرلار بىلەن مۇناسىۋەتلىشىپ، ياخشىراق داۋالىتىشقا ھەرىكەت قىلاتتىم. ئىچىمدە ئۇنىڭ تېزراق ساقىيىپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم.

ئارىدىن بىر ئايچە ۋاقىت ئۆتكەندە توساتتىنلا ئۇنىڭ سۇنغان بىلىكىنى كېسىۋېتىدىغان بولۇپ قېلىشتى. ئەسلىدە ئۇنىڭ بىلەك سۆڭىكى تۇتىشىش ئۇياقتا تۇرسۇن، مۇسكۇللىرى ئىچىدىن چىرىشكە باشلىغانىكەن. ئۇنى ۋاقتىدا كېسىۋەتمىگەندە، بەدىنىنىڭ باشقا ئورگانىزملىرىغا تەسىر يېتىدىكەن.

دېمىسىمۇ، تېڭىق ئىچىدە تۇرۇپ يىرىڭداپ كەتكەن يارا تەسىرىدىن ئۇنىڭ ئەھۋالى كۈندىن - كۈنگە ئوساللىشىپ كېتىۋاتاتتى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىر چۈشلۈكى ئۇنى ئادىتىم بويىچە يوقلاپ چىقتىم. بۈگۈن ئۇ نېمىشقىدۇر سەل ئويچان بولۇپ قالغانىدى. پات - پات ئۇلۇغ - كىچىك تىناتتى. كۆزلىرىنى دېرىزىدىن چۈشۈپ تۇرغان شالاڭ كۈن نۇرىغا تىككەن پېتى ئۈنسىز ياتاتتى. بىر كەمدە ئۇ ئاستا يېنىچە بولۇپ، بېشىنى سەل ئۆرە قىلدى. ئاندىن ماڭا قاراپ ئېغىزىنى نېمىگىدۇر تامشىپ - تامشىپ توختاپ قالدى.

— بىرەر گېپىڭىز بارمىدى؟ ئېيتىۋېرىڭ.

— باشقا گېپىمغۇ يوق ئىدى، — دېدى ئۇ ناھايىتى ئوڭايسىز بىر ھالەتتە، — سىلى - بىز يات بولساقمۇ، مېنى

ئۆز تۇغقانلىرىدەك كۆرۈۋاتىدىلا . مەنمۇ سىلىگە ئۆز ئىنىمدەكلا كۆنۈپ قاپتىمەن . شۇڭا . . . شۇڭا . . .

— ئېيتىۋېرىڭ ! — دېدىم ئۇنى رىغبەتلەندۇرۇپ ، — بىرەر نەرسە لازىممىدى ؟

— ياق ، ياق ، باشقا نەرسە لازىم ئەمەس . دېمەكچى بولغىنىم ئۆزلىرىگە ئېغىر كەلمىسە ، ئوغلۇم بىلەن كۆرۈشتۇرۇپ قويالامدىكىن ، دەپتىم .

— ئوغلۇم دەمسىز ؟ ! — مەن ھەيران قالدىم . ئۇنىڭدىن يەنە بىر يېڭى گەپ ئاڭلاۋاتاتتىم . مەن بىلگەن ئون نەچچە يىلدىن بېرى ئۆي - ماكانسىز ، يېگانىدىن يېگانە ياشاپ كېلىۋاتقان بۇ بەندىنىڭ ئوغلىمۇ بار ئىكەن - دە ، تېخى ؟ ئۇنىڭ بىر چاغلاردا «مەن بىر ئادەم ئۇچۇن ياشاۋاتىمەن» دېگىنى مۇشۇ ئىكەن - دە ؟

— بۇ چاغقىچە ئوغلۇم بار ، دېمەيتتىڭىزغۇ ؟

— بار ئىدى .

— ئۇنداقتا ، ئانىسىمۇ بار ئىكەن - دە ؟

— ئانىسىمۇ بار ئىدى .

— ئۆلۈپ كەتكەنمۇ ؟

— بىلمەيمەن .

«ئەجەب گەپقۇ بۇ ؟ — دەپ ئويلىدىم يەنە ، — كۆڭلۈم سۇنۇق ، دېگىنىمۇ بىكار ئەمەس ئوخشىمامدۇ ؟ بۇ يەردە بىر پاجىئە بارمۇ نېمە ؟»

مەن ئۇنىڭ ئاخىرقى چۈشىنىكسىز جاۋابىدىن ئاتا - بالا ، ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسىدا ئاللىقانداقتۇر بىرخىل چىگىش مۇناسىۋەتنىڭ بارلىقىنى تەخمىن قىلسامۇ ، ھايات بىلەن مامات ئارىلىقىدىكى خەتەرلىك ئارالدا ياتقان بۇ تەنھا جان ئىگىسىنىڭ زادى قانداقسىگە بالا - چاقىسىدىن ئايرىلىپ ، بۇ قەدەر ۋەيرانە ياشاۋاتقانلىقىغا ھېلىھەم شۇبھىلەنمەكتە ئىدىم . كۆڭلۈمدە ھەر

قىسما تەخمىنلەرنى قىلىپ كۆرەتتىم . بىراق ، ھېچقايسىسىنى توغرا تاپماي ، ئاخىرىدا بىر - بىرلەپ رەت قىلىۋېتەتتىم . شۇ ئارىدا ئۇ ، مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى بىلگەندەكلا ، ئۆزىنىڭ كەچمىشلىرىنى بىر باشتىن سۆزلەشكە كىرىشتى .

## 4

باقى ئۆز ۋاقتىنىڭ تازا دۆلەتمەن بىر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . ئاتىسى نەچچە يۈز مو يەر - زېمىنغا ئىگە باي ئادەم ئىدى . كەنتتە 20 ـ 30 ئائىلىلىك ئورتاقچىسى ، تۇراقلىق يىللىقچىلىرى ، تاغدا 8 ـ 10 مالچىسى بار ئىدى . بەزىدە غوجىدارلىرىدىن سورىمىسا ، قەيەردە قانچىلىك مۈلكى بارلىقىنى ئۆزىمۇ بىلىپ بولالمايتتى .

دەرۋەقە ، ئادەمنىڭ بەش قولى ئوخشاش يارالمىغىنىدەك ، تۇرمۇشنىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان نېسىۋىلىرىدىمۇ ئېگىز - پەسلىك بولىدىكەن . بىراۋغا مەلۇم بىر نەرسىنى ئۆز كۈتكىنىدىنمۇ ئارتۇق نېسىپ ئەتسە ، يەنە بىر نەرسىگە زار - زىرىن قىلىدىكەن . ئۇنىڭ ئائىلىسى ئەنە شۇنداق باي - باياشادلىققا ئىگە بولسىمۇ ، توققۇزى تەل ئاتا - ئانىنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدە ئارزۇلاپ ئارمانلاپ كۆرگىنى پەقەت باقىدىن ئىبارەت بىرلا پەرزەنت بولدى . ئاتا بىلەن ئانىنىڭ يەنە پەرزەنت كۆرگۈسى ، جەمەتىنى ئاۋۇتقۇسى بار ئىدى . كېيىن ئۇلار قۇلاق ئىشىتكەن ، كۆز كۆرگەن چارە - ئاماللارنىڭ ھەممىسىنى بىر قاتاردىن قىلىپ چىقتى ، ھەتتا تەڭرىگە تېۋىنىپ ، مازار - ماشايىخلاردا قان قىلىپ نەزىر بەردى . تىلەك تىلىدى . لېكىن «قاچقاننى قوغلاپتۇ ، تىلىگەنگە بەرمەپتۇ» دېگەندەك ، باقى يالغۇز پېتىچە قېلىۋەردى . كېيىن بۇ ئائىلىنىڭ بەختى قاچتى . ئامىتى يېنىشقا باشلىدى . بىر يىلىنىڭ ئىچىدىلا «پومېشچىك» ئاتىلىپ ،

پۈتۈن ئەسلى ـ ۋەسلىدىن ئايرىلىپ كەتتى . ئەمدى ئۆلارنىڭ
ياسىداق ئايۋان ـ سارايلىرى ، كۆزنىگۈرلىك ھۇجرىلىرى ،
ئات ـ ئۇلاغ ، مال ـ ۋارانلىرى ، زىلچا ـ شىرداق ، تاۋار
يوتقانلىرى ئالدىكىملەرنىڭدۇر ئىلكىگە ئۆتۈپ كەتكەنىدى . ئۆز-
لىرى بولسا ، بىر چاپلاردىكى يىلىلىقچىلىرى تۇرىدىغان بىرنەچچە
ئېغىز ئاددىي ئۆيلەرگە كۆچۈپ چىققانىدى . باقىنىڭ ئاتا ـ
ئانىسى بۇ ئاچچىق تالاپەتكە چىدىمىدىمىكىن يا ئۆمرى بىر يەرگە
يېتىپمىدىكىن ، باقى ئون توققۇز ياشقا كىرگەن يىلى ئاتا بىلەن
ئانا بىر يىل ئىچىدىلا ئارقا ـ ئارقىدىن قازا قىلىپ كەتتى .
ۋەيران بولغان بۇ ئائىلىدە باقى تىكەندەكلا يالغۇز قالدى . بۇ
كۈنلەر باقىنىڭ يىگىتلىك قۇرامى قانات ـ قۇيرۇق چىقىرىپ ،
زەيتۇنە ئىسىملىك بىر قىزغا ئىچ ـ پەش تارتىپ يۈرگەن كۈنلە-
رى ئىدى .

زەيتۇنە باقىنىڭ ئاتا جەمەت تۇغقىنى سوپى ھاجىنىڭ قىزى
ئىدى . بۇ ئىككى ئائىلىنىڭ مۇناسىۋەتلىرى ياخشى ئىدى . دائىم
بېرىش ـ كېلىش قىلىشاتتى . باقى بىلەن زەيتۇنە ئىجىل ئىدى .

زەيتۇنەنىڭ قۇشنىڭكىگە ئوخشاش سەل ئىلمەكرەك كەلگەن
ئۇچلۇق بۇرنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ئۇ سەھرا قىزلىرىدا تېپىد-
لمىدىغان ساددا گۈزەللىكلەرنىڭ ھەممىسى مۇجەسسەملەنگەن
لاتاپەتلىك قىز ئىدى . ئۇنىڭ ئاشۇ سەرۋىدەك قامىتى ،
غۇنچە ـ نىھالدەك ھۆسن ـ جامالى مەھەللىدىكى نۇرغۇن يىگىت-
لەرنىڭ ۋۇجۇدىغا سۆيگۈ ـ ئىشتىياق ئوتىنى ياقاتتى . ئۇلارنى
گۈل بەرگىدىن ئەگىگەن مەستانە كېپىنەكلەردەك چۆرگىلىتەتتى .

دەرۋەقە ، بەخت ـ ئامەتنىڭ ئارزۇلۇق قۇشى باقىنىڭ
بېشىغا قوندى . زەيتۇنە ئۆزىنى ئەگىپ يۈرگەن نۇرغۇن يىگىتلەر
ئارىسىدىن باقىنى تاللىۋالدى . باقى مۇئامىلىدە قىزغىن ، ئار-
تۇقچە تەكەللۇپنى ئۇقمايدىغان ، ھەرىكىتى سەل قوپالراق يىگىت
ئىدى . ئۇ زەيتۇنە بىلەن ئۇچراشقان چاغلىرىدا تەمتىرەپ ، دۇ-

دۇقلاپ يۇرمەيتتى . كۆڭلىدە نېمە بولسا شۇنى ئۇدۇللا ئېيتىۋې-
رەتتى . بەزى چاغلاردا «كاپ - كۇپ»تۇتۇپ قۇچاقلىۋالاتتى .
گويا ئىككى تەننى يۇغۇرۇپ بىر تەن ، بىر جان قىلىۋالغۇسى
باردەك ، ئۇنىڭ بەللىرىنى قورغىنىچە كۆكسىگە چىڭ - چىڭ
باساتتى . بۇنداق چاغلاردا زەيتۇنەنىڭ ئومۇرتقىلىرى غىرسىلاپ
كېتەتتى . ئۇنىڭ قىسىشلىرىدىن نەپەس ئالالماي قالاتتى . لې-
كىن ، نېمىشقىدۇر ئۇ باقىنىڭ ئاشۇ قوپاللىقىنى ياخشى كۆرەت-
تى . ئاشۇ ياۋايىلارچە قىسىش - قۇچاقلاشتىن بىرخىل شېرىن
لەززەت ھېس قىلاتتى .

باقى ئەنە شۇنداق قوپال بولسىمۇ ، ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلەت-
تى . ھېسسىياتقا ، ئامراقلىقىغا ئېلىپ ، تېخى ئۆزىگە تەۋە بول-
مىغان «ھوقۇق» تىن بەھرىمەن بولۇشقا ئالدىرىمايتتى . ئارىدى-
كى چەكلەنگەن رايوندىن ھالقىپ ئۆتۈشتىن قاتتىق ساقلىنالايت-
تى . بۇ تەرىپىمۇ زەيتۇنەگە ياقاتتى . شۇ ۋەجىدىن ئۇ باقىنىڭ
«قاراملىقى» دىن ئانچە ئەندىشە قىلىپ كەتمەيتتى . ئۇنىڭ باقى-
نى ياقتۇرۇپ قېلىشىدا يەنە بىر سەۋەبمۇ بار ئىدى . ئۇ بولسى-
مۇ ، زەيتۇنە باقىنىڭ نېيىگە ئاشىق ئىدى . ئۇ باقىنىڭ پات -
پات ئاخشاملىرى چېلىپ قويىدىغان مۇڭلۇق ، لەرزان كۈيلىرىنى
ئاڭلىغىنىدا ، نېمىشقىدۇر ئورنىدا تۇرالماي قالاتتى . بولۇپمۇ
ئۇنىڭ «ئويناڭ دەردى بار باللا» دېگەن پەدىسىنى شۇنچە ياقتۇ-
راتتىكى ، ئۇ بۇ پەدىنى چېلىۋاتقاندا ئىچىدە ئۇنىڭ ناخشىسىنى
ئوقۇپ چىقاتتى . ئۆيىدىن چىققۇدەك پۇرسىتى بولسىلا ، نەي
ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان باقىنىڭ يېنىدا پەيدا بولاتتى .

كېيىنچە بۇ بىر شەرتلىك بەلگە بولۇپ قالدى . باقى زەيتۇ-
نەنى سېغىنىپ قالغىنىدا ياكى ئۇنىڭغا بىرەر گېپى چىقىپ
قالغىنىدا ، ئاستا نېيىنى ئېلىپ «ئويناڭ دەردى بار باللا» غا
چېلىشقا باشلايتتى . نەي ئاۋازى قاياقتىن چىققان بولسا ،
15 - 20 مىنۇتقا قالماي زەيتۇنە ئۇنىڭ يېنىغا ئۆتەتتى .

ئەنە شۇ تەرىقىدە يۈرۈپ ، ئىككىسىنىڭ «ئېشى» ئاللىقا-
چان پىشىپ قالدى .

— ماڭا تەگكىن ، زەيتۇنە ! — دېدى باقى ئۇدۇللا ، —
بىز توي قىلايلى . مېنىڭ يالغۇز ئۆيۈمنىڭ چىرىغىنى سەن
ياندۇرغىن .

— مەن تېگەي دەپلا تېگىشۋالغىلى بولامدۇ ؟ — بۇ گېپىگە-
نى ئاۋۋال ئۆيدىكىلەرگە دە .

— بىراق . . . مەن قانداق دەيمەن ؟

— ئەلچى ئەۋەتىمەسەن ؟

باقى بۇ گەپنى ئانىسىغا دېدى . ئانىسۇ خېلىدىن بېرى
ئوغلىنىڭ ھەرىكىتىگە كۆز سېلىپ يۈرەتتى . ئۇنىڭ زەيتۇنەگە
مەيلى بارلىقىنى ئاللىبۇرۇنلا پەملەپ بولغانىدى . ئۇ خەيرلىك
كۇنلەرنىڭ بىرىدە زەيتۇنەنىڭ ئۆيىگە كەلدى . بۇ باقىنىڭ دادى-
سى ئۆلۈپ كېتىپ يېرىم يىلچە ئۆتكەن چاغلار ئىدى . سوپى
ھاجىلار ئانىنى «بىز مەسلىھەت قىلىپ ئۇچۇرىنى قىلايلى» دەپ
يولغا سالدى . ئارىدا ئانا ئاغرىپ يېتىپ قالدى . ئورۇن تۇتۇپ
ھەپتە ياتمايلا ، تۇيۇقسىز تۈگەپ كەتتى . باقى يىغلاپ - قاقشاپ ،
بىر مەزگىل بۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەتتى . ئاتا - ئانىسىنىڭ يىل
نەزىرىسىدىن كېيىن ئۇنى بىردىنلا يالغۇزلۇق ، غېرىبلىق بې-
سىشقا باشلىدى . ئۇ ئەمدى ئۆزىگە بىر ھەمراھنىڭ بولۇشىنى
ھەقىقىي ھېس قىلماقتا ئىدى .

ئۇ زەيتۇنەنى ئىككىنچى قېتىم سۆيلىدى . زەيتۇنە بۇ قېتىم
بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى .

— شۇ چاغدا ئانام ماقۇل كەلگەنىدى ، — دېدى قىز كۆز
يېشى قىلىپ تۇرۇپ ، — لېكىن دادام ئۇنىمىدى . ئۇ ،
ئۇ . . . مېنى باشقا بىرىگە بەرمەكچى بولۇۋاتىدۇ .

— كىمگە ؟ ! كىمگە بېرىدىكەن ! — باقىنىڭ بېشىدا
چاقماق چېقىلغاندەك بولدى ، — گەپ قىلە ، كىمگە بېرىدۇ-

كەن؟
— ياسىن قارىيغا.
— نېمە؟ ئاشۇ ئۈچكە ساقال پوشكالچى قارىمغىمۇ؟ سەن ئۇنىڭدىنما؟
— نېمە دەپ ئۇنىغۇدەكمەن؟ دادامدەك بار ئۇ قېرىغا تەگكۈچە ئۆلۈۋالىمەن دېدىم.
— رەھمەت ساڭا، — دېدى باقى ئۇنى كاپىيىدە قۇچاقـ لىۋېلىپ، — قىز بولساڭمۇ يىگىتتەك گەپ قىلىپسەن. كېـ يىنگىدە چىلاڭ تۇر، مەن ئەمدى ئۆزەمنىڭ ئەلچى كىرگۈزىمەن.
شۇنىڭدىن كېيىن باقى ئارقىمۇ ئارقا تۆت قېتىم ئەلچى ئەۋەتتى. ئەلچىلەر تۆتىنچى قېتىمدا «قىزنىڭ بېشى باغلاقلىقكەن، پات ئارىدا تويى بولغۇدەك» دېگەن گەپنى كۆتۈرۈپ كېلىشتى.
ئەمدى باقىنىڭ بۇ يولى بارغانسېرى قىيىنلاشماقتا ئىدى. ئۇ، زەيتۇنەنىڭ ئىشقىدا كۆيگەنسېرى ۋىسال بارگاھىغا قانداق يېتىشنى بىلمەي بېشى قاتتى. كۆڭلىدىكى ئارزۇ ـ ئارمانلىرى پەقەت ئاندا ـ ساندا ئوغرىلىقچە ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان ئەنسىز مىنۇتلارنىڭ كىچىككىنە شادلىقى بىلەنلا ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى.
«زەيتۇنە قوشۇلسىلا، قېچىپ كەتسەك بولغۇدەك، — دەپ ئويلىدى ئۇ بىر كۈنى ئولتۇرۇپ، — ئۇنى ئېلىپ قېچىپ تۆت ـ بەش كۈننى ئۆتكۈزسەملا، ھېلىقى قارىيمۇ ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىدۇ. ئاقىۋەتتە، زەيتۇنى ماڭا نىكاھلاپ قويماقتىن باشقا ئىلاجى بولمايدۇ...» باقى ئەنە شۇ ئوي بىلەن نېمىنى كۈتتۇـ رۇپ تالاغا چىقتى. ئۇنى ھېلىقى شەرتلىك بەلگىسىگە قىسقىغىنا چېلىپ قويۇپ، زەيتۇنەنىڭ بېغى كەينىگە ئۆتتى.
بۇ يازنىڭ گۈزەل ئاخشىمى ئىدى. جەنۇب تەرەپتىن قىيـ پاشقىنا ئۇرۇپ تۇرغان سەھرا شامىلى يۈزلەرنى سىيپاپ ئۆتەتـ تى. شامالغا ئەگىشىپ، ئاللىقاياقلاردىن ئۇچۇپ كەلگەن سۈت ئالمىسىنىڭ چۇچۇمەل ھىدى دىماغلارنى غىدىقلايتتى. باقى دېـ

لىغۇللۇق ئىچىدە كونا جايغا كېلىپ كۈتۈپ تۇردى. ئۇ تۇرغان باغ كەينى قىش - ياز سۈيى توختىمايدىغان تۈگمەن ئېرىقىنىڭ بويى بولۇپ، ئىككى قېشى غۇچچىدە تال سۆگەتلىك ئىدى. سۆگەت قاتارى ئىككى تەرەپكە قاراپ، تاكى نەچچە يۈز قەدەمگىچە سوزۇلغان. شاخلىرى باراقسان، ئاستى تولىمۇ ھاۋالىق ھەم پىنھان ئىدى. ئاخشاملىرى ئۇنىڭ ئاستىدا نېمە بارلىقىنى چىراغ يېقىپمۇ پەرق قىلغىلى بولمايتتى. بۇ يەرنىڭ نەقەدەر قەدىرلىك جاي ئىكەنلىكىنى ۋىسال تەشنالىقىنىڭ شېرىن لەززىتىنى قانغۇچە تېتىغان باقى بىلەن زەيتۈنە ئوبدان بىلەتتى.

باقى ئاي نۇرىنى توسۇپ تۇرغان ئەنە شۇ سىياھتەك قاراڭغۇ سۆگەتلەر ئاستىدا تېنەپ - تەمتىرەپ ۋەدىلەشكەن جاينى تاپتى. زەيتۈنە ئاللىقاچان چىقىپ بولغانىدى.

— پىسىرلاپ ئەمدى كېلەمسىز؟ — دېدى سۆگەت شېخىنى تۇتۇپ تۇرغان زەيتۈنە نازلىنىپ، — مەن دېگەن چىققىلى نەۋاخ؟ قورقۇپ جېنىم چىقاي دېدى.

— مەن تېخى سېنى بۇنداق تېز چىقالمايدۇ دەپ ئويلاپتىمەن.

— شەپەڭنى ئېلىپلا چىقمىسام، خاپا بولۇپ ئۆلەرسەن؟

— سەن بەك ئوماق جۇمۇ؟ — باقى ئۇنى كاپ قىلىپ قۇچاقلىۋالدى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە زەيتۈنەگە بولغان ئىشەنچىمۇ، مېھرىبانلىق ۋە ياۋايىلارچە تەلپۈنۈشىمۇ، ئۇنىڭغا باغلانغان مۇھەببەت ئەقىدىسىنىڭ ئىزھارىمۇ — ھەممە، ھەممىسى مۇجەسسەملەشكەنىدى. ئۇ ئاشۇ تۇرۇشىدا كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەن گەپلىرىنىمۇ ئۇنتۇپ، تولىمۇ شېرىن بىر لەززەتلىك دۇنياغا كىرىپلا كەتتى. زەيتۈنەمۇ مەستخۇشلۇق ئىلكىدە ئىدى. ئۇ باقىنىڭ بۈگۈنكى قۇچاقلىشىدا ئادەتتىن تاشقىرى بىر خىل ئىنتىلىش ۋە نورمالسىزلىقنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىغانىدى.

«بۇ پېسە، باشقىچىغۇ بۇگۈن؟ — دەپ ئويلايتتى ئۇ ئىچىدە، — نىيىتىنى بۇزۇپ كەلگەن ئوخشىمامدۇ؟ ئەگەر شۇنداق قىلىمەن دېسە، نېمە دەي؟ ياق، ھېچنېمە دېمەيمەن. ئاتا - ئانامنىڭ ئالدىدا بەربىر ئۆزۈمگە ئىگە بولالمىغاندىكىن، نېمە قىلسا مەيلى.»

— زەيتۈنە! — دېدى باقى ئۇنىڭ خىياللىرىنى بۆلۈپ. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى كاللىسىدا بىرلا ئوي — ئۇنى قېچىپ كېتىشكە ئۇندەشتىن ئىبارەت بىرلا پىكىر بار ئىدى. شۇڭا ئۇ زەيتۈنەنىڭ خىيالىنىڭ ئەكسىچە بىر گەپنى قىلدى، — ئېيتمىغا، بىز قاچانغىچە كاككۇك بىلەن زەينەپتەك ئىنتىزارلىقتا ئۆتىمىز؟

— كاككۇك شور دەرياسىدىن ئۆتكۈچە، — زەيتۈنە كۈلدى.

— كاككۇكنىڭ ھالى قالمىدى. ئۇ بۇ كەلك دەريادىن ئۆتەلمەيدىغان ئوخشايدۇ

— نېمىشقا ئۆتەلمىگۈدەك؟! — زەيتۈنە بېشىنى كۆتۈرۈپ باقىنىڭ قاراڭغۇدا غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان چېھرىگە تىكىلدى.

— باشقىلار ئالدىنى توسۇۋېلىۋاتسا.

— كىمكەن ئۇ؟

— خۇپسەنلىكىنى، ئاتا - ئانىڭىزچۇ؟

قىز ئۈندىمىدى. گەرچە ئۇ باقىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن بايىقىدەك گەپلەرنى قىلىپ قويسىمۇ، بۇ ئىشتا ئاتا - ئانىسى سالغان كىشەندىن ئاجرىيالىشىغا ئۆزىنىڭمۇ كۆزى يەتمەيتتى.

— گەپ قىلىڭە زەيتۈنە، ئۆيىڭىزدىكىلەر زادى ئەيۋەشكە كەلمەسمۇ؟

— سىزگە ئېيتقان، ئانامنىڭغۇ كۆندۈرگىلى بولاتتى. لېكىن ئاشۇ دادام...

— تەۋەككۇل قىلىپ، قاچايلىمۇ يە؟
— قېچىش؟! ئۇنداقتا قانداق بولىدۇ؟
— قانداق بو . . .
— زەيتۇن! هەي، زەيتۇن!
ئۇي تەرەپتىن كەلگەن ئايال كىشىنىڭ ئاۋازى ئۇلارنىڭ سۆھبىتىنى ئۈزۈۋەتتى. چاقىرىۋاتقىنى زەيتۇنەنىڭ ئانىسى ئىدى.
— ۋىيەي، ئانام قىچقىرىۋاتىدۇ! — قىز باقىدىن ئاجرىدى.
— بايا «ئاچامنىڭكىگە بارىمەن» دەپ قويسىڭىز بولماسمىدى؟ — باقىنىڭ ئۇنى قويۇۋەتكۈسى كەلمەيتتى. بولدى، مېلىمۇ شۇنداق دەپ قويارسىز.
— ئاچام بۈگۈن بىزنىڭكىدە تۇرسا
— شۇنداق بولسىمۇ كەتمەڭ.
— زەي . . . تۇ . . . ن! — ئۇنى يەنە چاقىردى، — ئاۋاز باغ ئىچىدە يېقىنلا بىر جايدىن ئاڭلىنىۋاتاتتى.
— هە . . . ! — قىز ئىلاجسىز جاۋاب قايتۇردى.
— نەدە سەن، نېمانچە يوقاپ كېتىسەن؟!
— مەن باغدا ئەمەسمۇ، ئانا!؟ ئۇي بەك دىمىقكەن. شامالداۋاتىمەن!
— بۇيان چىق! قاراڭغۇدا كېسەل چېپىلىپ قالىدۇ.
— شۇنداق قىلىپ، كىرىپ كېتەمسىز؟ — دېدى باقى ئۇنى قايتىدىن قۇچاقلاپ تۇرۇپ.
— ئانام چاقىرىۋاتسا . . .
— ئەمىسە بىردەم توختاڭ، — مېنىڭ دەيدىغان يەنە نۇرغۇن گەپلىرىم بار.
— ياق، ئانام كېلىپ قالسا سەت تۇرىدۇ. باشقا چاغدا . . .

زەيتۇنە گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتمايلا، سۇڭگۇچتىن باغقا كىرىپ كەتتى. باقىنىڭ قېچىش توغرىسىدىكى سۆزلىرى جاۋاب-سىز قالدى.

ئاشۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشتىن تەخمىنەن بىر ئايلارچە ئۆت-كەن بىر كەچلىكى ئىدى، بېغىغا سۇ باشلاپ كېلىۋاتقان باقى توساتتىنلا يولدا زەيتۇنە بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

— ئىزدەپ بارسام دەرۋازىڭىز ئېتىككەن... — دېدى قىز باقىنى كۆرۈپلا

— هازىرلىما؟

— هەئە.

— كۈندۈزى ئىزدەپ بېرىشتىن قورقىمەن، دەيتتىڭىز-غۇ؟ بۈگۈن ئەجەب...

— ئەمدى قورقمايمەن!

— هاجىكام ئەدەپلەپ قويارمىكىن؟

— قورقمايمەن دېدىمغۇ، ئەمدى قورقمايمەن.

— ئاخىر بىر قارارغا كەپسىز-دە!؟

— قايسى قارارنى دەيسىز؟ — زەيتۇنە تەئەججۈپلەندى.

— قې... قېچىپ كېتىش قارارىغىچۇ؟

زەيتۇنە پاراققىدە كۈلۈۋەتتى ۋە ئاۋازىنىڭ جاراڭلاپ كېتى-شىدىن قورققاندەك، ئارقىدىنلا ئالقىنى بىلەن ئېغىزىنى تۇتۇ-ۋالدى.

— كۈلىسىزغۇ؟

— قاراڭا سىزنى! — دېدى زەيتۇنە كۈلكىسىنى توختىتىپ، — مەن نېمە كويدا، سىز نېمە كويدا؟ مەنچىر سىزگە بىر خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلگەن.

— خۇش خەۋەر؟ قانداق خەۋەر ئۇ؟

— ئاڭلىسىڭىز چوقۇم خۇش بولىسىز.

— قېنى ئېيتىڭە بولۇڭا، تەقەززا قىلماي! — باقى

ئىختىيارسىز قوشۇمىسىنى تۈردى .

— ھىم ! — دېدى زەيتۈنە يالغاندىن دومسىيىپ ، — خۇش بولمىسىڭىز بوپتۇ . ئۆيدىكىلەر مېنى . . . ئەرگە بېرىدىكەن .

— كىمگە ؟ ! ئاشۇ . . . — باقىنىڭ يۈرىكى ئېغىپ ، تىلى تۇتۇلدى .

— كىمگە بولاتتى ؟ سىزگە !

— ماڭا ؟ مېنى گوللاۋاتامايدىغانسىز ؟ ئۆتكەن قېتىم ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىمگە ياق ، دەپتىكەنغۇ ؟

— مەن ئۇقمىدىم . ئۆتكەندە شۇنداق دەپتىكەن . تۈنۈگۈندىكى ئىش ئۆزگىرىپ قاپتۇ . ئاچام شۇنداق دېدى .

— راستىما ؟

— پۈتمىسىڭىز ئاچامدىن سوراڭ .

— زەيتۈنە ! — دېدى باقى ئۇنى كاپپىدە تۇتۇۋېلىپ ، — پايانسىز شور دەرياسىغا ئاخىر كۆۋرۈك سېلىنىپتۇ - دە ؟ !

— ۋىيەي ! ساراڭلىق قىلماڭ ، ئادەم كېلىۋاتىدۇ ، — زەيتۈنە بوشىنىپ ، تۆت قەدەمچە كەينىگە داجىدى .

— ئاچام سىزنى «ئەمدى رەسمىي ئەلچى ئەۋەتسۇن ، ئېيتىپ قوي» دېدى .

زەيتۈنە شۇ گەپنى ئېيتىپلا ئوغلاقتەك سەكرىگىنىچە كۆزدىن غايىب بولدى .

كۈتۈلمىگەن ۋاقىتتا كەلگەن بۇ بەخت ئۇچۇرى باقىنى ئاجايىپ بىر خىل سېھرىي دۇنياغا باشلاپ كەتكەندى . ئۇ گويا ئۆزىنىڭ قەيەردە تۇرۇۋاتقىنىنى ، نېمە ئىش قىلىۋاتقىنىنىمۇ ئۇنۇتقاندەك ، زەيتۈنە كەتكەن تەرەپكە قارىغىنىچە داڭ قېتىپ قالغانىدى . ئۇ بۇ كۈتۈلمىگەن خۇش خەۋەردىن راستىنلا ئۆزىنى يوقىتىپ قويغانىدى . ئەمدى ئۇ ئۆزىنى چەكسىز بەخت

ئىلكىدە ھېس قىلىشقا باشلىدى . لېكىن بۇ تاسادىپىي «ماقۇل» لۇقنىڭ تېگىدە قانداق ئىشلارنىڭ بارلىقىنى ئويلىناتتى . ئېنىقراقى بۇ تەرەپلىرىنى ئويلاشقا چولىسى يوق ئىدى .

راست دېگەندەك ئىش چىنغا چىقتى . زەيتۇنەنى ئۇنىڭغا بېرىدىغان بولدى . لېكىن ، تويلۇقى ئېغىر ئىدى . باقى سېلىندىغان تويلۇقنىڭ ھەممىسىگە ماقۇل بولدى . چۈنكى ئۇ تويلۇقتىن غەم قىلمايتتى . ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قالدۇرۇپ كەتكىنىنى قانچىلىك ئىشلەتسە يېتەتتى . ئەڭ ياخشى يېرى ، رەھمەتلىك ئاتا ـ ئانىسى تۇنجى قېتىم قىز سوراپ مېڭىشقانلىرىدا تويلۇق مىلىلا ئەمەس ، زىبۇ زىننەتلەرگىچە تەللەپ قويۇشقانىدى . شۇڭا ، باقى توينى سۇنغان قولىنى يىغمايلا ئۆتكۈزۈۋالدى . سوپى ھاجىمۇ يىگىتنىڭ ئوچۇق قوللۇقىدىن رازى بولدى . شۇنداق قىلىپ ، بۇ ئارزۇلۇق ئاشىق ـ مەشۇق قېچىپ كەتمەيمۇ ۋىسال ئارزۇسىغا قاندى .

## 5

تۈن نىسپىگە يېقىنلاشقانىدى . تەبىئەت چوڭقۇر ئۇيقۇ ئىچىدە ھۇزۇرلىنىپ ئۇخلاۋاتاتتى . كىملەردۇر شېرىن چۈش لەززىتىدىن مەستخۇش ، كىملەردۇر تۈرلۈك ـ تۈمەن قىسمەتلەر ۋەجىدىن بىدارى خامۇش ئىدى . مانا شۇ مىنۇتتا باقىنىڭ تۈڭلۈكىدىن چۈشكەن قىيپاش ئاي نۇرى ئۇنىڭ سۇپىنىڭ لېۋىگە قويۇلغان تەكيىنىڭ بىر بېشىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى . باقى بولسا ، تۈڭلۈكتىن يېرىمى كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاشۇ ئايدەك ، ئۇنىڭ تەكيە بېشىدا جىمىرلاپ تۇرغان نۇرىدەك ئويغاق ئىدى . دېمەك بۇ كېچە ئۇنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ يولىمايۋاتاتتى . ئۇ ھامان ئوڭدىسىغا يېتىۋېلىپ ، توختىماستىن خىيال سۈرەتتى . ئەمما ، خىياللىرى بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ كېتىپ ھېچقايسىسىنى بىر

باشقا ئېلىپ چىقالمايتتى . باقىدىكى بۇ تۈگىمەس خىياللار تويى قىلغاندىن كېيىن كۆپ ئۆتمەيلا زەيتۇنەنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەنـلىكى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققانىدى .

مانا ، ھازىرمۇ زەيتۇنە ئۆيىدە يوق . باقىنىڭ مۇشۇنداق يالغۇز يېتىۋاتقىنىغا بىرنەچچە كۈن بولۇپ قالدى . يالغۇز ياتىسـغۇ مەيلى ، لېكىن خوتۇنى تۇرۇپ بويتاقنىڭ تۇرمۇشىنى كەچۈ-رۈۋاتىدۇ . كۈنلىرى ئاش ـ ئىسسىقسىز غورىگىللىكتە ئۆتۈۋاتىـدۇ . ئۇنىڭ ئۇستىگە ئايالىنىڭ پەزىلىتىگە نىسبەتەن كۆڭلىگە بىر قارا چېكىت پەيدا بولۇپ قالغىنىغا خېلى ۋاقىتلار بولۇپ قالدى . بۇ قارا «چېكىت» گويا بىر قارا دۆگە ، ئېچىرقاپ كەتكەن دالا چاشقىنىغا ئوخشاش ئىچ باغرىنى غاجىلىغىنى غاجىـلىغان .

«توۋا ، خۇدايىم ، — دەيدۇ باقى كۆزلىرىنى تۈڭلۈكتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاسمانغا تىككىنىچە ، — ھاياتتا كىشىنى ـ كىشى بىلىپ يەتمەكتىن قىيىن ئىش يوق ئوخشايدۇ . مەن تېخى زەيتۇنەنى ھەممىدىن بەك چۈشەندىم . ئۇ چوقۇم مېنى بەختكە ئېرىشتۈرىدۇ . ماڭا مەڭگۈلۈك ياخشى ھەمراھ بولالايدۇ دەپ يۈرۈپتىمەن . مانا ئەمدى ، ئىشەنگەن تاغدا كېيىك ياتماس چىقىپ قېلىۋاتىدۇ . ئۇنىڭ مۇنداقلىقىنى بۇرۇن بىلسەمچۇ ؟ خەپ ، ئۇنى بۇزغىنى ئاشۇ ئاچىسى . . .»

دەرۋەقە ، زەيتۇنە راستتىن ئۆزگىرىپ قېلىۋاتاتتى . ئەسـلىدە نۇرغۇن تۇسالغۇلارنى يېڭىپ ، مىڭ بىر بالالىقتا ۋۇجۇدقا چىققان تويى باقىنى ئاجايىپ لەززەتلىك خۇشاللىق ئالىمىگە باشلاپ كىرگەنىدى . شۇ ۋەجىدىن ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ئەقىدىـسىنى زەيتۇنەگە بېرىۋەتكەنىدى . ھەتتا ئۇ تويىدىن كېيىن ئائىلىـنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدىن قالغان پۈتۈن تەئەللۇقاتىنىمۇ قېيىناتا ـ قېينانىسىنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇۋەتتى . ئۆيىگە نېمە كىرد-شى ، نېمىنىڭ چىقىپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر زەيتۇنەلا بولسا

ھەممە نەرسە بولىدۇ ، دەپ قارىدى .

ئەپسۇسكى ، باقىنىڭ ۋىسال ئارزۇسى مۇراد تاپقاندىن كېيىنكى خۇشاللىقلىرى ئۇزۇنغا بارمىدى . توي بولۇپ بىر يىل توشار - توشمايلا زەيتۇنە تامامەن ئۆزگىرىپ كەتكەندى . ئۇنىڭ ئەسلىدىكى خۇش پېئىل ، شېرىن سۇخەنلىكى ، گويا ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا باقىنى ئەزىزلاپ جان كۆيدۈرۈپ كېتىشلىرى ئالىقاياقلارغىدۇ يوقالغان . ئۇنىڭ ئورنىنى ئۆزىنى قاچۇرۇش ، يوقىلاڭ ئىشلارغا سىلكىشلەپ ئازار بېرىشلەر ئىگىلىگەنىدى .

«سېزىك تەسىرىدىن شۇنداق بولسا كېرەك ، — دەپ خىياللىدى باقى باشتا ، — خوتۇن خەقنىڭ سېزىكتىكى ۋاقتى چېچىلغاق بولىدۇ ، دېيىشەتتى . بەزىلىرى تېخى ، ئېرىگە ئۆچ بولۇپمۇ قالارمىش . مەيلى ، قورساق كۆتۈرۈپ قالغان ئوخشايدۇ . ئېغىر ئېلىپ نېمە قىلاي؟ . . .» باقى ئەنە شۇ يوسۇندا ئۆز - ئۆزىنى بەزلەپ ، كۆڭلىنى ياسىغانسېرى زەيتۇنەنىڭ قىلىقلىرى يېڭىدىن - يېڭى پەدىلەرگە كۆچمەكتە ئىدى . بىر كۈنى «ئاچامنىڭ ئۆيىگە بارىمەن» دېسە ؛ بىر كۈنى «چوڭ ئۆيدە قونۇپ قالىمەن» دەپ ، ئىككى - ئۈچ كۈنگىچە يوقاپ كېتەتتى . ئۇ ئەنە شۇنداق يوقاپ كېتىپ پەيدا بولغىنىدا ، بىرەر يېرىم كۈن ئۆز - ئۆزىدىن ئېچىلىپمۇ قالاتتى . كۈن ئۆتكەندىن كېيىنلا ، يەنە شۇ غورا يېگەن مۇشۇكتەك ، چىرايىغا بۇلۇت ئۆرلەپ چىقاتتى . بۇ ھاللار بارا - بارا باقىنى ئويلاندۇرىدىغان بولۇپ قالغانىدى .

«ياق ، — دېدى ئۇ يەنە بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن ، — زەيتۇنە ئۇنداق قىز ئەمەستى . ئۇنى ئاشۇ ئەركەك مىجەز ئاچىسى بىر نېمە قىلىپ قويدى ، چوقۇم ئارىدا بىر سىرلىق ئىش بار . شامال چىقمىسا ، دەرەخ لىڭشامدۇ؟ . . .»

خۇددى باقى يەكۈنلىگەندەك ، زەيتۇنەنىڭ ئۆزگىرىپ قېلىشىدا مۇنداق بىر سەۋەبمۇ بار ئىدى . بۇنىڭدىن ئۈچ - تۆت

ئايلارچە ئىلگىرى سوپى ھاجىنىڭ «گەنجان» دا ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئاكىسىنىڭ ياش بىر ئوغلى بۇ يەرگە كېلىپ ، نېمىشقىدۇر سوپى ھاجىلارنىڭكىدە تۇرۇپ قالدى . يىگىرمە تۆت ـ يىگىرمە بەش ياشلاردىكى ئوتتۇرا بوي ، چىرايلىق كەلگەن بۇ يىگىت «سىگلىم» دېسە «سىگلىم» دەپ ، زەيتۇنەنىڭ يېنىدىن نېرى كەتمەيتتى . زەيتۇنە «چوڭ ئۆيگە» ياكى «ئاچامنىڭكىگە» دەپ چىقىپ كەتكەن كۈنلىرىنى سوپى ھاجىنىڭ بېغىدىكى «بوستان سۆگەتلىك سۇپا» دا ئاشۇ «ئاكىسى» بىلەن ئۆتكۈزەتتى . باقى بىر قېتىم ئۇلارنىڭ كۈپكۈندۈزدىلا ھېچ نەرسىدىن ئەيمەنمەي ، ئاچىسىنىڭ بار يېرىدىلا غىدىقلىشىپ ئويناۋاتقىنىنى كۆرۈپمۇ قالغاندى .

باقىنىڭ خىيالى ئىشىك تەرىپىدە نېمىدۇر بىر نەرسىنىڭ كىتىرلىشىدىن بۇزۇلۇپ كەتتى . ئۇ بىر كىمنىڭ قاراڭغۇدا ئىشىكنى تاتىلاۋاتقانلىقىنىمۇ ، يېنىك ـ يېنىك چېكىۋاتقانلىقىنىمۇ ئوخشاپ كېتەتتى . «زەيتۇنە قايتىپ كەلدىمۇ يە؟ نېمىدەپ مۇنداق كېچىدە يولغا چىققاندۇ؟» دەپ ئويلىدى باقى ۋە بېشىنى دەسسىدە كۆتۈردى . ئاۋاز يوقاپ كەتتى . «شامال ئوخشايدۇ» دېدى باقى ئورنىغا يېتىپ ۋە كۆزلىرىنى زورىغا يۇمدى . ئۇ ئىمكان بار بايىقى خىياللىرىدىن قېچىپ چىقىپ ، ئۆزىنى ئۇيقۇغا زورلىماقتا ئىدى . كۆپ ئۆتمەي ، بايىقى ئاۋاز يەنە پەيدا بولدى . باقى يەنە بېشىنى كۆتۈردى . ئۇ چاشقاننىڭ كىتىرلىشى ئىدى . ئۇ چاشقاننىڭ كات ساندۇقى ئىچىدە قانداقتۇر بىر نەرسىنى غاجىلاپ دومىلىتىۋاتقانلىقىنى پەملىدى ـ دە ، قولىنى سۇپا ئاستىغا سۇنۇپ بىر پاي ئايىغىنى ئېلىپ ، كات ساندۇقىغا قارىتىپ ئاتتى . «تاراق» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ چاشقاننىڭ تىۋىشىمۇ ئۆچتى . شۇ توختىغىنىچە ئىككىنچىلەپ قايتا كىتىرلىمىدى . ئەمما ، باقىنىڭ ئۇيقۇسىمۇ يەنە بىر قېتىم قاچتى . بېشىغا يەنە شۇ زەيتۇنە توغرىسىدىكى تۈگىمەس خىياللار بېسىپ

كىرىشكە باشلىدى . باقىنىڭ خىياللىرى ئايلىنىپ ـ ئايلىنىپ زەيتۇنەنىڭ بۇرناقى كۈنى ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندىكى كۆرۈنۈش- لىرى ئۈستىگە كېلىپ توختىدى .

بۇرناقى كۈنى كۈن ئاش ۋاقتىقا يېقىنلاپ قالغانىدى . باقى ئورنىدىن تۇرۇپ ، بىر تالاي ئىشلارنى قىلىپ تۈگەتكىچىمۇ زەيتۇنە ئورنىدىن تۇرمايۋاتاتتى باقى خېلىغىچە ساقلىدى . بىر- قانچە قېتىم ئويغاتتى . ئۇ بولسا «مىجەزىم يوق» دېگەننى باھانە- داپ بېشىنى يوتقانغا قايتىدىن پۈركىدى . باقى بۇگۈنمۇ قازان ئېسىلمايدىغانلىقىنى بىلىپ ، بىر ناننى سوغۇق سۇغا مىلەپلا ناشتا قىلىشقا تۇتۇندى . باقى ئەمدىلا بىر بۇردا ناننى يەپ تۇرۇ- شىغا ئىشىكتىن زەيتۇنەنىڭ ئاچىسى كىرىپ كەلدى .

— زەيتۇنەچۇ ؟ — سورىدى ئۇ ھويلىغا كىرىپلا .

— ئۇ تېخى ئورنىدىن تۇرمىدى .

— نېمە ، ئاغرىپ قالغان ئوخشىمامدۇ ؟ بىچارە سىڭلىمى- زە ، مۇشۇ ئۆيگە كەلگەندىن بۇيان زادى ئوبدانلىيالمىدى .

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ئۆيگە — زەيتۇنەنىڭ يېنىغا كىرىپ كەتتى .

قېيناچىسىنى كۆرگەن باقى «ئەمدى قازان ئاسار» دېگەن ئوي بىلەن ئېرىققا چىقىپ ئىككى چېلەك سۇ ئېلىپ كىردى . باغدىن بىر قۇچاق شاخ ئوتۇن ئاچىقىپ ، ئوچاقنىڭ ئالدىغا تاشلاپ قويدى . ئاندىن نېمىنىدۇر ئېسىگە ئالغاندەك قىلىپ ، باغقا كىرىپ كەتتى .

ئۇ بىر سىقىم كۆك پىيازنى كۆتۈرۈپ كىرگىنىدە ، زەيتۇنە خۇددى تويغا بارىدىغاندەك جابدۇنۇپ ، ئاچىسى بىلەن ھويلىغا چىققانىدى .

— كەچقۇرۇن مېھمان كەلمەكچىدى ، — دېدى زەيتۇنە- نىڭ ئاچىسى زورىغا كۈلۈپ ، — يالغۇز يېتىشەلمەيدىغاندەك قىلىمەن . زەيتۇنە قاملىشىپ بېرىپ كەلسۇن .

— هوي ، قازان ئاسسۇن ، تاماق يەپ . . .
— كۆلگە كۆمۈلۈپ ، يەنە نەۋاققىچە ئولتۇرىمەن ! ؟ — دېدى زەيتۇنە باقىنىڭ گېپىنى تارتىۋېلىپ ، — ئاسارمىز بىكار بولغاندا .
— ئاخشامىمۇ تاماق ئەتكىلى خۇشياقمىدى . ئۆيدىكى گۆش بۇزۇلۇپ قالامدىكىن ؟
— ھە ، راست ئاچا ! — دېدى زەيتۇنە باقىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا ، — ئۆيدە بىر پۈت گۆش قالغانىدى . ئېلىۋېلىڭا ، مېھمانلارغا ئىشلىتەرمىز . ئۇلار گۆشنى داستىخانغا ئوراپلا ، باقىغىمۇ قارىماستىن چىقىپ كېتىشتى . مانا ئارىدىن بىر كېچە - كۈندۈز ئۆتتى ، بۈگۈنمۇ كەچ كىرگىلىۋاتىدۇ . زەيتۇنە تېخىچە يېنىپ كەلمەيۋاتاتتى .
«خەپ ، تۈنۈگۈن نېمىشقا ئويلىمىغاندىمەن ؟ — دېدى باقى بىر ئىشنى ئېسىگە ئېلىپ ، — بۇ دەللىنىڭ «مېھمان» دېگىنى ئاشۇ پوركاللا ئەنجانلىق بولۇپ يۈرمىسۇن يەنە ؟ بولمىسا ، نېمىشقا ئاخشامنىڭياقى يېنىپ كەلمەيدۇ ؟ »
باقى ئاشۇ خىيالدىن كېيىن ئورنىدىن دەسسىدە تۇرۇپ كەتتى . پېشايۋان تېمىنىڭ ئويۇقىدىكى توققۇز پەرىلىك تۆمۈر قۇلۇپنى ئېلىپ هويلا دەرۋازىسىغا سالدى - دە ، ئۇدۇل قېيناچىسىنىڭ ئۆيىگە كەلدى .
ئالدى كۈنگەي تەرەپكە قارىتىپ سېلىنغان بۇ هويلىنىڭ دەرۋازىسى ئىچىدىن ئېلىنغان ، هويلا ئىچى جىمجىت ئىدى . باقى ئىشىك ئارىلىقىدىن قولىنى تىقىپ ، ئىلغۇچنى چۇشۇردى . دەرۋازىنى پەم بىلەن ئېچىپ ، پۈتىنىڭ ئۇچى بىلەن ئايۋان ئىشىكىگە يېقىنلاشتى . ئايۋان ئىشىكى قىيا يېپىقلىق بولۇپ ، شىمال تامدىكى سۇپىدا بىر يىگىت ئۇخلاۋاتاتتى . باقى ئۇنىڭ ئۈستىدىكى كانىۋاي كۆڭلىكىگە قاراپلا ، ئاشۇ «ئەنجانلىق» ئىكەنلىكىنى تونۇدى . ئۇ «كىرەيمۇ - كىرمەيمۇ ؟ » دەپ ئىككى

تايىن بولۇپ تۇرغىنىدا ، بىردىنلا قىيىناچىسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى . ئۇ ئايۋاننىڭ جەنۇب سۇپىسىدا بولغاچقا ، ئۇنى يېپىقلىق ئىشىك توسۇپ تۇراتتى .

— هوي ، هوي زەيتۇنە ، ئۇخلاۋەرسەڭ قاپاق بولۇپ قالىسەن ، قاپاق . تالا - تۈزگە چىقىپ ، ئانچە - مۇنچە روھىڭنى تۈزۈۋال ، — بۇ زەيتۇنەنىڭ ئاچىسىنىڭ ئاۋازى ئىدى .

— پۇت - قولۇمدا پەقەت جان يوق دەڭا ، ئاچا ، — دېدى زەيتۇنە ، — يەنە بىر دەم ئۇخلىۋالايىيا .

— كېچىدىن . . . غانىسەن ؟ — زەيتۇنەنىڭ ئاچىسى كۈلۈپ تۇرۇپ ئېيتقاچقا ، باقى ئۇنىڭ گېپىنى ئېنىق ئايرىيالمىدى .

— ئۆتۈڭا ، نېرى ! . . . دىن تۈزۈكمۇ ئۇخلىيالمىدىم .

باقى زەيتۇنەنىڭ گېپىنى يېرىم - يارتا ئاڭلىدى - دە ، دەرھال كۆڭلىگە شەك چۈشتى . «بۇ ئىپلاس دەللە ، سىڭلىسىغا يوق يېگۈزگەنمىدۇ ؟ قارىغاندا ، ئۇ پوركاللىمۇ كېچىدىن مۇشۇ يەردە بولغان ئوخشايدۇ . هەي ، شەرمەندىلەر !» باقى ئاشۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ تۇراتتى ، يەنە قىيىناچىسىنىڭ سەت ئاۋازى ئاڭلاندى :

— بۈگۈن كېچە چوڭ ئۆيگە كېتىڭلار .

— ئۇ يەردە ئۆيدىكىلەر تۇرسا ، قانداق بولىدۇ ؟

— ئانام بىلەن دادىلار سايىبۇلاققا تويغا كەتتىغۇ ؟ هەرقاچان ، قوندۇرۇپ قالىدۇ ، ئۇلار .

— ۋۇي ، ئىچكىرى كىرمەي ، بۇ يەردە تۇرۇپ قاپسىزغۇ ؟ باقى چۆچۈپ كەتتى . ئۇنىڭ يېنىدا قىيىناچىسىنىڭ ئېرى قاراپ تۇراتتى .

— هە . . . هىم . . . — دېدى باقى تەمتىرەپ ، — هازىرلا كىرگەنىدىم . ئادەم يوقمىكىن دەپ . . .

هويلىدىكى پاراڭنى ئاڭلىدى بولغاي ، زەيتۇنەنىڭ ئاچىسى

شىپىرلاپ چىقتى :

— هوي ، تويغا كەتكەن ئەمەسمىدىڭلار ؟ — دېدى ئۇ ئېرىگە چەكچىيىپ .

— هەي ؟ — دېدى ئېرى سەل تەئەججۈپلىنىپ ، — قانداق دەيسىلە ؟

— ئەمدى مۇنداق دەيمىنا . قوندۇرۇپ قالارمىكىن ، دېۋىدىم .

— تۇتۇشىنىغۇ ، تازا تۇتتى . لېكىن ، قېيناتام «بۈگۈن ئاخشام مەۋلۇت ئوقۇيدىغان ئىش بار ئىدى» دەپ ئۇنىمىدى .

ئاشۇ خىلدىكى پاراڭلار ئىچىدە باقى ئىلاجسىز بىردەم ئولتۇرۇپ قالدى . كەچكە يېقىن كېتىشىنىڭ گېپىنى قىلىۋىدى ، زەيتۇنەگە خۇشياقمىدى .

— هېلىمۇ ، ئىككى كۈن بولدى سىزگە ! — دېدى باقى تەئەددى بىلەن ، — بارغانلىكى يەردە ئىختىيارىڭىز بويىچە قونۇپ قېلىۋەرسىڭىز ، سىزنىڭ نەزىرىڭىزدە ئەر دېگەن نەرسە بارمۇ يوقمۇ ؟ سىز ئەمدى ، بىر يىلنىڭ ئالدىدىكى ئەركە قىز ئەمەس . بېشىڭىزنىڭ باغلاقلىق ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماڭ .

— ۋىيەي ، دەپ كەتكەن گېپىنى ، — دېدى زەيتۇنەگە ۋاكالىتەن ئاچىسى گەپ ئېلىپ ، — قونۇپ قالسا نېمە بولۇپتۇ ؟ قونسا ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ، مانا — مەن ئاچىسىنىڭ ئۆيىدە قوندى . تالا ـ تۈزدە — بىر كىمنىڭ قويىندا يېتىپ قاپتۇمۇ يا ؟ كەلگەن ـ كەتكىنىگە قورسىقىڭىز ئاغرىغان بولسا ، سۆزنى[1] بېرىڭ ، ئۇنىڭ ! ئەسكى بالىنى ئۆزىمىز ئېلىپ قالىلى .

— هاي ـ هاي ، نېمە تېتىقسىزلىق بۇ ؟ ! — دېدى ئۇنىڭ ئېرى ئارىغا چۈشۈپ ، — باقىئاخۇنمۇ يامان گەپ قىلمىدىغۇ ؟

---

① سۆزنى بېرىڭ — گويا شۇ سەدە «خېتىنى بېرىڭ» دېگەن مەنىدە .

— ئوھۇش ! سىلىگە گەپ يوق ، مۇشۇككە بەز . ئىشىڭلە-
نى قىلىڭلا ، ئاقساقاللىق قىلماي ! «بارغان يەردە قونۇپ قالسى-
ڭىز » دەيدا ؟ باقىئاخۇنغا ئوخشاش ، بارار - كېلەر يېرى يوق
يېتىم ئوغلاق ئەمەس ئۇ ! بولدى ، كېتىۋەرسىلە . زەيتۇنە مۇشۇ
يەردە قالسۇن !

باقىغا ھەممىدىنمۇ «يېتىم ئوغلاق» دېگەن گەپ بەك ئېغىر
كەلگەنىدى . ئۇ ئاچچىقىدا دەس تۇرۇپلا قايتىپ چىقتى . زەيتۇنە-
مۇ ئاچىسىنىڭ كېپى بويىچە ئاتا - ئانىسىنىڭكىدە ئىككى ئايدەك
تۇرۇپ قالدى . كېيىن باقى قولۇم - قوشنىلىرىنىڭ سالا -
سۆلھىسى بىلەن زەيتۇنەنى قايتۇرۇپ كەلدى . بۇ كۈنلەردە زەي-
تۇنەنىڭ قورسىقى خېلىلا پومپىيىپ قالغانىدى .

6

زەيتۇنە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىلگىرىكىدەك كەلسە -
كەلمەس يورغىلايدىغان قىلىقنى سەل تاشلىدى . ئەمما ، ئۆي
ئىچىدىكى مۇئامىلىسى يەنىلا سوغۇق ، قوپال ھەم تولا ئىدى .
شۇنداق بولسىمۇ ، باقى ئۆزىنىڭ ئۈمىدىنى ئۇنىڭ يەڭگىشىگە
باغلاپ يۈردى . ئۇ ھامان : «ئۇنىڭ بۇ ھالىتى سېزىك ئۆتۈپ
كەتكەندە تۈزۈلىدۇ . ھېچبولمىغاندا ، بالىمىزنىڭ ئۇنى تۈزىتى-
دۇ» دەپ قارايتتى . شۇڭا ، زەيتۇنە قانچە سوغۇقلۇق قىلمى-
سۇن ، ئۆي ئىچىدە خۇددى ۋاقىتلىق قونالغۇدا تۇرۇۋاتقان لەڭ-
گەرچىدەك ئۇزە كۆڭۈللۈك قىلمىسۇن ، ھەممىسىنى سىڭدۈرۈ-
ۋېتەتتى .

ئاخىر كۈتكەن كۈنمۇ كەلدى . ئەنە ، مانا دەپ يۈرۈپ ،
زەيتۇنەنىڭ كۆزى سېنتەبىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە يورۇ-
دى . تۇغۇلغان بالا تولىمۇ چىرايلىق ۋە ئوماق ، يەنە كېلىپ
باقىغا ئوخشاش چۈلاڭقاش ئوغۇل ئىدى . «بالا دېگەن ئۆينىڭ

يىلتىزى دېيىشىدىكەن ، — دەيتتى باقى كۆڭلىنى ئاۋۇندۇ - رۇپ ، — مۇشۇنىڭ بىلەن يىلتىزىمىز چىڭىپ ، ئۆيىمىز ئەپ - لىشىپ قالار . . .»

شۇ قاراشتىن بولسا كېرەك ، باقى پۈتۈن مېھرىنى ئوغلى بىلەن خوتۇنىغا ئاتاپ ، تۇغۇپ ياتقان زەيتۇنەنىڭ بېشىدا كېچە - كۈندۈز پەرۋانە ئىدى . ھېلى ، ئوغلىنىڭ زاكىسىنى قۇرۇقدىسا ؛ ھېلى زەيتۇنەگە سۈت پىشۇرۇپ ، چاي راسلايتتى . ھېلى چۆجە ئۆلتۈرۈپ شورپا سالاتتى . ئىشقىلىپ ، باقىنىڭ زەيتۇنەنى كۈتۈشتىن باشقا ھېچقانداق ئىشقا چولىسى يەتمەيتتى .

زەيتۇنە تۇغۇپ ، ئوتتۇز بەش كۈن بولغان كۈنى ئۇنىڭ ئانىسى بىر ھارۋىنى گىلدىڭلىتىپ ئېلىپ كىردى .

— ئەمدى ، زەيتۇنەنى بىزمۇ بەش - ئون كۈن بېقىۋالدىلى ، بالام ، — دېدى ئۇ پەتىدىن كېيىن ، — ئەسلىغۇ رەسىم - قائىدە بويىچە تۇنجى تۇغۇت دېگەننى چوڭ ئۆيدە تۇغقۇلۇق ئىدى . ئەمما بۇ بالىنىڭ كۆڭلى ئۆز ئۆيىدىن قىيغۇسى كەلمىدى . ئەمدى بولسىمۇ ، ھەپتە - ئون كۈن قېشىمىزدا ياتسۇن . قىرقىدىن كېيىن ئەكېلىپ قويارمىز .

ئۇ ئاشۇ گەپلەردىن كېيىن سۇپىغا چىقىپ ، يىغىقلىق ئورۇن - كۆرپىلەرنى چۇۋۇدى . ئارىدىن يېڭى - يېڭى ، پۇللۇقراقلىرىدىن تاللاپ ئىككى پارچە كىگىز ، ئىككى يوتقان ، ئىككى كۆرپىنى سۇغۇرۇۋېلىپ ، ھارۋىغا سالدى . ئۈستىگە زەيتۇنە بىلەن بالىنى ياتقۇزۇپ ، ئورۇن ياپقان گۈللۈك چايشاپنى ئۈستىگە ياپتى - دە ، ھويلىدىن چىقىپ كەتتى .

قېينانىسىنىڭ «ھەپتە ، ئون كۈن» دېگىنىنىڭ چېكى بولمىدى . باقى بەش ئايغىچە ھەر ئون بەش كۈندە بىر قېتىم قاتراپمۇ زەيتۇنەنى ئېلىپ كېلەلمىدى . ئۇ ھەر قېتىم بارغىنىدا قېينانىسى :

— بالا ھېچ تۇزىلەلمىدى . يەنە بىر مەھەل ياخشىلىنىۋال-

سۇن . ئالدىرىمايراق ئېلىپ كېتەرسىز ، — دەيتتى .
بىر قېتىم ئۇ قېيناتىسىغا ئېيتىۋىدى ، خۇددى ئالدىن كېلىشىۋالغاندەكلا ئۇمۇ :
— بالا تازا ئوبدان تېتىلەلىمگەنمىكىن ، شۇ . . . — دېدى باش - ئاخىرى يوقلا بېشىنى قاشلاپ .
شۇنداق قىلىپ ، ئارىدىن يېرىم يىل ئۆتۈپ ، مارت ئېيىدىنىڭ بىر كۈنى تەقدىرى ئاللانىڭ رەسمىي يەكۈنى پارتلاپ چىقتى . بۇ كۈنمۇ باقى بالا - چاقىسىنى كۆرگەچ ، ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېتىش تەلىپى بىلەن كەلگەنىدى .
— ئەمدى گەپنىڭ ئوچۇقىنى قىلىلى ، باقىئاخۇن ، — دېدى قېينانىسى ، — بىزمۇ قانچە قىلدۇق ، بالىنىڭ سىلىگە تاۋى يوقكەن . تاشنى تاياقتا تاڭغاننىڭ پايدىسى يوق . سىلىمۇ ياش جانلىرىنى ئۇپرىتىپ يۈرمەي ، زەيتۇنەنىڭ سۆزىنى بېرىۋەتسىلە بولغۇدەك .
— بۇ . . . بۇ . . . قانداق بولغىنى ؟ — دېدى باقى ھېچنەرسىنى ئاڭقىرالماي ، — يا ئارىمىزدا سوغۇقچىلىق ئۆتۈپ قالمىغان . بىر ئوبدان تۇرۇۋاتاتتۇق . ھەپتە ، ئون كۈن تۇرسۇن ، دېدىلە ، ئېلىپ كەتتىلە ، ئەمدى قوپۇپ . . .
— ئوھوش ! — دېدى زەيتۇنەنىڭ ئاچىسى ئارىغا چۈشۈپ ، — يەنە دېسە ، شۇنى دەيدىغان ئادەمكەنسىز ! ئانام ئېيتتىغۇ ، ئۇنىڭ كۆڭلى بولمىسا ، تاشنى تاياقتا تاڭامتىڭىز ؟ ئەجەب بىر كانىغا يولۇقۇپ قالدىمۇ كىشى . بالا ، بالا دەيسىز ، بالىڭىزغا تارتىشسىڭىز ، مۇشۇ تۇرقىلا ئەكېتىڭ ، ئەنە بالا ! سۆزنى بېرىڭ دېگەندىكىن ، بەرمەمسىز ؟ !
باقى ئەمدى نېمىمۇ دەيتتى ؟ خوتۇن دېگەن تېپىلماسىنىڭ خورمىسى ئەمەسقۇ ؟ ئۇ ساڭا كۆڭلۇم يوق ، ئاجرىشىمەن دەۋاتسا ، ئابرۇيۇڭنى پايمال قىلىپ ، ئايىغىغا يىقىلاتتىڭمۇ ؟
ئاشۇ چاغدا باقىنىڭ سادda كۆڭلىدە باش كۆتۈرگەن ئەرلىك

غۇرۇرى ئىككى يېنىغا باققۇزمايلا زەيتۇنەنىڭ خېتىنى بەرگۈزۈ- ۋەتتى . گويا ئاشۇ بىر ئېغىز «ئەرگە تەگسۇن !» دېگەن «سۆز» گە قاراپ قالغاندەكلا ، زەيتۇنەنىڭ ئۆيىدىكى ئىككى ئازازۇل ئەتىسىلا باقىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ، بىرىنى زەيتۇنەنىڭ ئۇلۇشى دېسە ، بىرىنى بالىنىڭ «ھەققى» گە چىقىرىپ ، پۈتۈن ئۆيىنى كۆچۈرۈپ دېگەندەك ئېلىپ كەتتى .

ئارىدىن تەخمىنەن ئون بەش كۈنلەرچە ئۆتكەندى ، سوپى ھاجىلارنىڭ ھېلىقى بوستانلىق بېغىدا توي نەغمىسى ياڭراپ كەتتى . ئۇلار زەيتۇنەنى ئاشۇ «ئەنجانلىق ئاكىسى» غا بېرىشكە- نىدى .

باقى باشتا ئانچە تەڭسەلمىدى . بىراق ، تۇرۇپ - تۇرۇپ ئويلاپ ، ئۇنىڭ ئۆزىدىن ئاجرىشىپلا ، ئاشۇ «پوركاللا» يىگىتكە تېگىشۈپلىشى ، يەنە كېلىپ ، دائىم ئۆزى ھەممىشە گۇمانلىنىپ يۈرىدىغان كۈندىشىگە بېرىپ تېگىشى ، ئۇنىڭغا بەكمۇ ئېغىر كەلدى . باقى مۇشۇلارنى ئويلاپ يەتكەندىن كېيىن ئولتۇرسا - قوپسا ، ئۆزىدە ئاللىقانداقتۇر بىرخىل نومۇس ۋە خورلۇقنىڭ زەھىرىنى سېزەتتى . ئاچچىق ۋە ئەلەم دەستىدىن ئۆزىنى قويارغا جاي تاپالماي قالاتتى .

بارا - بارا ئۇنى چىرمىۋالغان غەزەپ ۋە خورلۇق بىردىنلا ئۇنىڭ قەلبىدە ئۆچ ئېلىش تۇيغۇسىنى قوزغاپ قويدى . «خەپ ، — دەيتتى باقى ئۆزىچە قەسەم قىلىپ ، — ‹چاقىنى بۇزغان تانىسى ، قىزنى بۇزغان ئانىسى › دېسە ، بىر كىم قاراپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ قىزىنىمۇ بۇزارمۇ ، دەپتىكەنمەن . ئەسلىدە زەي- تۇنەنى مەندىن ئايىنتىۋالغىنى ئاشۇ بىر جۇپ ئاچ كۆز دەللە ئىكەن - دە !؟ ئۇلار تايىنلىق چەت ئەلنىڭ بىر نەچچە كېيىم- لىك ئېسىل رەخت ، زىبۇ زىننەتلىرىگە قىزنى يولدىن چىقار- دى . ئاخىر تىنچ تۇرمۇشنى ، بەختىيار ئائىلەمنى بۇزۇپ ، قىزد- نى سېتىپ يېدى . ئوغلۇمنى يېتىم قىلدى . راست ، ھېلىقى

ئەنجانلىق كەلگۈندىمۇ بار . خەپ ، توختاش . . . »
باقى ئاشۇ خىياللارنى قىلىپ ، تۆتىنچى كۈنى يېرىم كېچە بىلەن شاخ پۈتايدىغان كىچىك پالتىسىنى قوينىغا تىقىپ ، ئىشىكتىن چىقتى . چوڭ يولغا كىرمەي ، ياقا ـ پۈچقاقلاردىن شۈڭغۈپ ئۆتۈپ ، سوپى ھاجىلارنىڭ ئۆيى كەينىگە كەلدى ـ دە ، باغ تېمىدىن ئارتىلىپ ھويلىغا چۈشتى .
ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى نىيىتىدە ، ئۆزىنى زەيتۇنەدىن جۇدا قىلغان قېينانىسى ھەم ھېلىقى «ئەنجانلىق» نى قىيما ـ چىيما قىلىۋېتىپ ، كەلگىنىنى كۆرۈشتىن ئىبارەت بىر خىل تەۋەككۈلچىلىك روھى ئىسيان كۆتۈرمەكتە ئىدى . ئۇنىڭ ئويىچە ، شۇنداق قىلسىلا ، ئەل ـ يۇرت ئىچىدە «خوتۇنىنى تارتتۇرۇپ قويغان» دېگەن نومۇسلۇق ئاتقا قالمايمەن . خەق : «باقى ياۋاش بولغان بىلەن ئەرلىك ۋىجدانى بار نەرسىكەن» دەيدۇ ، دەپ ئويلايتتى . شۇڭا ئۇ بۈگۈنكى زور تەۋەككۈلچىلىككە جۈرئەت قىلىپ ئولتۇراتتى .
باقى باغ تېمىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ ، ئارقا ئىشىك ئارقىلىق ئەمدىلا ھويلا ئىچىگە قەدەم ئېلىۋىدى ، قاياقتىندۇر پەيدا بولۇپ قالغان سوپى ھاجىنىڭ «سېرىق قاپلان» نى «ھاپ» قىلىپلا ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلاندى . باقى قاتتىق چۆچۈدى . كۆزلىرى ئالاق ـ جالاق بولۇپ ، يۈرىكى ئېغىزىغا قاپلاشتى . ھودۇقۇپ كەتكىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلمەستىن ، قولىدىكى پالتىنى ھەدەپ چۆرۈۋەردى . بىر چاغدا پالتا ئىتنىڭ بېشىغا تەگدى بولغاي ، «تاڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭلا ، ئىت كاڭشىغان پېتى باغ شورىسىدىن كىرىپ كەتتى .
— ھوي ، كىمۇ ! ؟ ۋاي باللار ، تۇرۇڭلار ! ئوغرى كەلدى ، ئوغرى كەلدى !
سوپى ھاجىنىڭ بوم ئاۋازى بىلەن تەڭ ئۇدۇلدىكى پەنجىرىلىك ھۇجرىنىڭ ئىشىكى غىچىرلىدى . ئارقىدىنلا يان تەرەپتىكى

ئۆيدىن قانداقتۇر بىر تۆمۈر ئەسۋابنىڭ تاراڭلىغان ئۈنى كېلىپ، ئۆي - ئۆيلەر ئوپۇر - توپۇر بولغىلى تۇردى.

بۇنىڭسىز ئالللىقاچان ھودۇقۇپ كەتكەن باقى ئىختىيارسىز بىر يامىشىپلا ئۆگزىگە چىقتى - دە، ئۆزىنى نېرىقى لاپاسقا بېسىپ قويغان قۇرۇق پىچان دۆۋىسىنىڭ يېنىغا يوشۇردى. يوشۇردىيۇ، پىچاننى كۆرۈپ، شۇ ھامان يانچۇقىدىكى سەرەڭگىسىنى چىقاردى. (ئۇ تاماكا چەكمىسىمۇ، بىر قاپ سەرەڭگىنى يېنىدىن ئايرىمايتتى.)

باقى ئوتنى يېقىۋېتىپلا ئۆزىنى باغ ئىچىگە تاشلىدى. باغ ئېرىقى بىلەن يۈگۈرۈپ، بىر چاغلاردىكى قەدىناس سۆگەت قاتارىغا چىقتى. چىقىپلا قاراڭغۇدا گۇڭگىراپ تۇرغان سۆگەتلەرگە سوغۇق نەزىرى بىلەن بىر دەم قاراپ تۇرۇۋېتىپ، ئۇدۇللا ئۆيى تەرەپكە كەتتى.

ئۇ كېلىپلا ئۆگزىسىگە چىقتى. سوپى ھاجىنىڭ ئۆگزىسىدە كۆيۈۋاتقان ئوت پۈتۈن مەھەللىنى قىپقىزىل يالقۇنغا پۈركىۋەتكەندەك كۆرۈنەتتى. باقى گويا ئۆز رەقىبلىرىنىڭ كۆلگە ئايلىنىشىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمەكچى بولغاندەك، ئالدى تەرىپىدىكى ئوت يالقۇنىغا تېخىمۇ بويۇنداپ قاراشقا باشلىدى.

## 7

تۈنۈگۈن كېچە كۆتۈرۈلگەن بوران گويا پۈتكۈل يەر - زېمىننى پۈتۈن پېتى سۈرۈپ كېتىدىغاندەك ئەلپازدا داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى. ئارىدىن بىر كېچە ئۆتۈپ بۈگۈن چۈشكە يېقىنلاشقاندا چورتتىدە توختاپ قالدى. بىراق ھاۋا يەنىلا تۇتۇق. ئەمدىكى ھۆكۈمرانلىق نۆۋىتى يامغۇرغا ئۆتىدىغاندەك قىلاتتى. مەھەللە يۇقىرىسىدىكى قۇملۇقنىڭ تەخمىنەن يىگىرمە - ئوتتۇز كىلومېتىرچە ئىچكىرىسىگە جايلاشقان «جاۋاقۇم» توغراقلىقى

قۇتىراپ كېلىۋاتقان تۇمان ئاستىدا گوڭگاراپ تۇراتتى . ئاندا ـ ساندا پەيدا بولۇپ قالىدىغان ئۆتكۈنچى قۇيۇن توغراق شاخلىرىنى زەرب بىلەن گۇۋۇۋشلەپ كېتەتتى .

ئەنە شۇ مىنۇتتا قاچاندىدۇر ئۆتۈنچىلار ياساپ قويغان بىر قوراي كەپە ئاستىدىن پۇتىغا كۆك چوخەي ، ئۇستىگە نىمكەشكەنە سېرىق چەكمەن چاپىنى كىيىۋالغان ، قارا كۆرپە تەلپەكلىك بىر يىگىت چىقىپ كەلدى . كەپە ئالدىدا تۇرۇپ تۆت ئەتراپىنى سەگەكلىك بىلەن كۆزەتتى . ئاندىن نېمىنىدۇر خىيال قىلىپ ، بىر قارارغا كەلگەندەك ، قولىدىكى پوتا بىلەن بېلىنى باغلىغاچ مەھەللە تەرەپنى نىشانلاپ يۈرۈپ كەتتى . بۇ — باقى ئىدى .

باقى ئۆلۈشكۈن كېچىدىكى ھەرىكىتىمنى ھېچكىم كۆرمىدى ، دەپ ئويلىغانىدى . بىراق ، ئوتنى يېقىۋېتىپ قېچىپ كېلىشىدە كىمدۇر بىرى ئۇنى تونۇپ قاپتۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئوت سوپى ھاجىلارنىڭ ئۆيىدىن ئاتلاپ ، ئىككى يېنىدىكى قوشنىلىرىغىمۇ بىرمۇنچە زىيان ئۇرغاچقا ، ئىش چوڭىيىپ كەتكەنىدى . قارىغاندا ، بۇ ئىشقا ھۆكۈمەتمۇ جىددىي قاراۋاتسا كېرەك ، مەھەللىگە بىرمۇنچە ساقچىلار پەيدا بولۇپ قالغانىدى . باشتا ئىشنىڭ چىڭ يەرگە بېرىپ قېلىشىنى ئويلىمىغان باقى ئاچچىقنىڭ كەينىگە كىرىپ ، قاملاشمىغان بىر ئىشقا تەۋەككۇل قىلىپ سالغىنىغا خېلى پۇشايمانمۇ يېدى . لېكىن ، نېمىلا قىلغان بىلەنمۇ بولىدىغان ئىش بولۇپ بولغان ، قۇتۇلماق تەس ئىدى . شۇڭا ئۇ ئالدىراپ ـ تېنەپلا ئۆيىدىن چىقىپ بۇ يەرگە سۇقۇندى . باقى ھۆكۈمەت قولىغا قالغاندىن كۆرە ، يۇرتتىن چىقىپ كەتمەكچى — ياقا يۇرتلاردا جان ساقلىماقچى بولغانىدى .

ئەسلىدە ئۇ بۇ توغراقلىقتىن ئاللىقاچان چىقىپ ، ئۆزى كۆزلىگەن تەرەپكە بۇرۇنلا جۆنەپ كەتكەنمۇ بولاتتى . بايىدىن بېرى توساتتىنلا بىر ئىشنى كەم قىلىپ چىققىنى — ئۆيىگە قايتا بىر بېرىپ كەلمىسە بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ قالدى . ئۇ

بولسىمۇ، دادىسىدىن قالغان ھېلىقى، تىللارنىڭ ئەندىشىسى ئىدى.

ئەينى ۋاقىتتا باقى ئائىلىسىنىڭ تەركىبى «باي دېھقان» قىلىپ ئايرىلىپ، «ئىجارە كېمەيتىش» تە ئاساسلىق مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىنغانىدى. لېكىن ئۇنىڭ دادىسى بىر قىسىم «پىششىق پۇل» لىرىنى يوشۇرۇپ قېلىپ، كېيىنكى مەزگىلدە قېلىپ قالغان ئازراق تىللانى باقىغا مىراس قىلىپ قالدۇرغانىدى. ئۇ مانا شۇ ئىشنى زەيتۇنەگە ئېيتىپ سالغىنىدىن قاتتىق پۇشايمان يېمەكتە. ھېلىمۇ ياخشى، ئۇ تىللانىڭ قەيەردىلىكىنى ئېيتمىغان. شۇنداق تۇرۇقلۇقمۇ، ئۇ كېچىدىن بېرى زادىلا خاتىرجەم بولالمىدى. ئۇنىڭغا ھە دېگەندە، سوپى ھاجىلار ئۆيىنى ئوڭتەي - توڭتەي كولاپ - چېپىپ، ھېلىقى تىللالارنى ئېلىپ كېتىدىغاندەك، ئۇنى ئەڭ ئاخىرقى تەۋەررۇكىدىنمۇ ئايرىپ، پۈتۈنلەي ئاقلىۋېتىدىغاندەكلا تۇيۇلاتتى. شۇڭا، بۈگۈن كېچىلەپ ئۆيىگە قايتىپ، ئاشۇ تىللالارنى ئىشەنچلىكرەك بىر جايغا جايلىۋېتىش قارارى بىلەن يولدىن يېنىۋاتاتتى.

باقى تۈن يېرىمىدىن ئۆتكەندە ھويلىغا كىرىپ كەلدى. ئۆيگە كىرىپ جىن چىرىغىنى ياقتى. ئۆي ئىچىنى ئىمىسقىلاپ يۈرۈپ، نەدىندۇر بىر داتلاپ كەتكەن ئورغاقنى تېپىپ كەلدى - دە، سۇپىغا چىقىپ، ئۇدۇل تامدىكى مېھراب شەكىللىك ئويۇقنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ توختىدى. ئەنە شۇ ئويۇقنىڭ ئاستى قىرغىقىدىن دەل بىر غېرىچ تۆتلىك تۆۋىنىدە تامنى ئويۇپ جايلاشتۇرۇۋەتكەن ھېلىقى تۈگۈنچەك بار ئىدى.

باقى ئويۇقنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئىختىيارسىز مەرھۇم دادىسىنىڭ ئاشۇ تۈگۈنچەك قويۇلغان يەرنىڭ ئېغىزىنى سۇۋاۋېتىپ قالدۇرغان ۋەسىيىتىنى ئەسلەپ قالدى:

— ئوغلۇم، — دېگەنىدى ئۇ بىر سىقىم لاينى تۇتۇپ تۇرۇپ، — سەن يالغۇز بالا بولۇپ قالدىڭ. ئۇنىڭ ئۈستىگە،

ئۇزۇق - جەمەتىمىزدىن ۋاپا كەلمىكى تەس. بۇ مېنىڭ ساڭا قالدۇرىدىغان بىردىنبىر مىراسىم. بۇنىڭ بارلىقىنى ھەرگىزمۇ بىر كىمگە تىنغۇچى بولما. بالدۇر بۇزۇپ - چېچىپمۇ تۈگەتمە. ياشلىق دېگەندە ئىشلەپ تاپقىنىنى يېگۈلۈك. قازارا بىر كۈنى باشقا كۈن چۈشكەندە ۋە يا قېرىپ - مۈڭگۈپ كۈچتىن قالغاندا ئاز - ئازدىن ئېلىپ يەيدىغان «قاقاچ»[1] بولمىسا بولمايدۇ. ئېسىڭدە تۇتقىنىڭكى، بۇنى چىڭ ساقلا. بىھۇدە بۇزما...

باقى ئاشۇ ئەسلىمىلەر ئىچىدە تامنى كولاپ تۈگۈنچەكنى چىقىرىۋالدى. ئاندىن قوينىغا مەھكەم سېلىپ، ھويلىسىغا چىقتى. شۇ چاغدا سىرتتا قانداقتۇر بىر شەپە باردەك قىلىپ قالدى - دە، قورقۇپ كەتكەن باقى دەرھال چىراغنى ئۆچۈرۈۋالدى.

«ئىزىمدا بىر كىم بارمۇ نېمە؟» باقى ئاشۇ ئەندىشە ئىچىدە دەرۋازىسىنى چالا - بۇلا قۇلۇپلاپ، يان تەرەپتىكى ئېرىق ئىچى بىلەن دادىسى دەپنە قىلىنغان قەبرىستانلىققا كەلدى.

دادىسىنىڭ قەبرىسىنى تېپىپ، قەبرە گۈمبىزىنىڭ ئاستىنى كولاپ، قوينىدىكى تۈگۈنچەكنى كۆمدى. دەل شۇ مىنۇتتا گويا تەڭرىمۇ ئۇنىڭغا يار - يۆلەك بولۇۋاتقاندەك، شارقىرىتىپ يامغۇر ياغدۇرۇۋەتتى. بىر ئازدىن كېيىن يامغۇر نېمى بىلەن، بايا كولاپ - كۆمۈلگەن ئىزلار يوقاپ، پۈتكۈل زېمىن ئوپمۇ ئوخشاش بولۇپ كەتتى. ئۇ ئەمدى تامامەن خاتىرجەم بولغانىدى. بىراق، ئەمدىلا ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا كۈتۈلمىگەن بىر ۋەقە يۈز بەردى. باقى دادىسىنىڭ قەبرىسى بىلەن خوشلىشىپ كەينىگە بۇرۇلغىنىدا ئۇنى بىر توپ كىشىلەر ئارىغا ئېلىپ تۇرۇشاتتى. باقى دەسلەپ تۇرغانلارنى قەبرىستانلىقتىكى ئەرۋاھلارمىدۇ، بايا ئۇلارغا دەخلى قىلىپ قويغان بولسام، مەندىن ئۆچ ئالماقچى

① قاقاچ — قاچا - قۇچىنىڭ چۆرىسىدە قېتىپ قالغان تاماق قالدۇقى.

بولغانىمدۇ ، دەپ بىردىنلا قورۇنۇپ كەتتى . كېيىن ئۆزىگە
قارىتىپ يېقىلغان قولچىرىغىنىڭ يورۇقىدا تۇرغانلارنىڭ مەھەل-
لە ساقچىلىرى ئىكەنلىكىنى تونۇپ ، تېخىمۇ ئېسەنگىرەپ كەت-
تى .

باقىنى ئىككى كۆنگىچە رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ بىر ئېغىز
ئۆيىگە سولاپ قويدى . ئۈچىنچى كۈنى سىرتقا چىقىرىپ ، تەرەت-
خانىنىڭ گەندىسىنى تارتقىلى سالدى . ئۇ مەيلى سولاقلىق تۇر-
سۇن ياكى سىرتتا بولسۇن ، قوللىرىغا ئۈچ قىرلىق قىزىل
كالتەك كۆتۈرۈۋالغان مەھەللە ساقچىلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ يېنى-
دىن زادىلا نېرى بولمايتتى . ئۇ چۈشكىچە تىزىغىچە پوق كېچىپ
تۇرۇپ گەندە تارتتى . كۈن چۈشكە يېقىنلاشقاندا ئۇنىڭغا قاراۋات-
قان «ساقچى» چاقىرىپ قالدى . بۇ ، باقىنىڭ دادىسى بىلەن
قويۇق ئۆلپەتلىشىپ يۈرىدىغان تاشپولات مەزىنىنىڭ ئوغلى ئاب-
باس ئىدى .

— ھەي ، باقى — دېدى ئۇ ئىككى يېنىغا بىر قۇر
قارىۋالغاندىن كېيىن ، — سەن قېچىپ كەتمەكچى ئەمەسمى-
دىڭ ؟

باقى جاۋاب ئورنىغا نەپرەت بىلەن قاراپ قويدى .

— ھەي ! مېنى خاتا چۈشىنىپ قالما ، — دېدى ئابباس
يەنە ، — مەن ساڭا ياردەم قىلاي ، دەۋاتىمەن . ناۋادا قېچىپ
كېتەي دېسەڭ ، بۈگۈن كېچىمۇ مەن پوستتا تۇرىمەن . سېنى
قاچۇرۇۋېتەي ، قانداق قىلىسەن ؟

باقى نېمە دېيىشنى بىلمەي ئىككىلىنىپ قالدى . چۈنكى
ئۇ ئابباسنى «مەندىن گەپ ئېلىپ ، بۇنىڭدىنمۇ چوڭراق بالاغا
قويماقچى» دەپ ئويلايتتى . شۇڭا ، گەپ قىلماي تۇرۇۋالدى .

— ھەي ، گەپ قىلساڭچۇ ! ؟ سېنى قولغا ئالىدىغان بول-
دى . گۆشىيىپ تۇرۇپ ، گۇندىخانىدا ياتامسەنيا ؟

— راستىما ؟ !

— ساڭا يالغان ئېيتىپ ئولتۇرىمەنمۇ ؟
— ئەمىسە . . . قانداق قىلاي ؟
— كېچىچە هوشيارراق تۇرغىن . ئەل ئايىغى جىمىققاندا ئىشىكنى ئۈچ قېتىم چېكىمەن . شۇ چاغدا ئارقا دېرىزىنى ئاچ-قىن - دە ، مانا مۇشۇ تەرەتخانا تېمىدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ كەت . قالغان ئىشنى ئۆزۈم توغرىلايمەن . ئۇقتۇڭمۇ ؟
— هىم
— ئادەم كېلىۋاتىدۇ . بولە ، تەرەتخانىغا چۈش .
شۇنداق قىلىپ ، باقى بۇ تۇتقۇنلۇقتىن ناهايىتى ئاسانلا قۇتۇلۇپ كەتتى . ئاببasمۇ بىر ئىككى ئېغىز تاپا - تەنە ئىشتكەن-دىن باشقا ، بىر قانداق كاشىلىغا يولۇقۇپمۇ قالمىدى .

## 8

باقى ئاشۇ چىقىپ كەتكىنىچە ياقا يۇرتلاردا ئون تۆت ئاي سوقۇنۇپ يۈرۈپ ، ئاخىرىدا قەشقەر شەھىرىگە كېلىپ توختىدى . جەنۇبىي يۇرتنىڭ تەكلىماكان قىرغىقىدىكى يېزىلارنىڭ بىرىدىن كەلگەن بۇ سەھرا يىگىتىگە ئادىمى مول قەشقەر شەھىرى ھە دېگەندە ، يامراپ تاشقان كەلكۈن ئېچىگە كىرىپ قالغاندەك تۇيۇ-لايتتى . ئۇ دەسلەپ ئوردا ئالدى رەستىسىدىكى بىر ئاشپوزۇلغا سۇ توشۇپ بېرىپ جان باقتى . كېيىن خام بازىرىدا ئولتۇراقلى-شىپ قالغان خوتەنلىك ئەزىم ئاخۇن بىلەن تونۇشۇپ ، شۇ يەردە تۇرۇپ قالدى .
ئەزىم ئاخۇن 45 ياشلاردىن هالقىغان ، ئىلمى بار كىشى بولۇپ ، دۇكان ئىچىدە تېۋىپلىق قىلاتتى . ئۇ باقىنىڭ تەمبەل ، ياۋاش ، ئىشچانلىقىنى كۆرۈپلا ، ئۇنى ياقتۇرۇپ قالغانىدى .
— خەق يۇرتىدا سەرسان بولۇپ ، نەلەردە تېنەپ يۈرد-سەن ؟ — دېدى ئۇ باقىغا ، — بىزنىڭكىدە تۇرۇپ قال .

ياشكەنسەن ، تېۋىپلىقنى ئۆگىنىپ قوياي ، خەقكىمۇ ، ئۆزىڭىمۇ
ئوبدان ھۈنەر بۇ . تومۇر تۇتۇپ ، دەردىنىڭ نەدىلىكىنى تېپىشنى
ئۆگىنىۋالساڭ ، ئۇنىڭغا قانداق دورا تەييارلاشنى كىتاب ئۆزى
ئېيتىپ بېرىدۇ . نېمە ، كونىچە[1] بىلمەيمەن ، دەمسەن ؟ ھېچقى-
سى يوق . رىسالىلەرنى يېڭى ئىملاغا ئۆرۈپ كۆچۈرۈپ بېرى-
مەن . يا بولمىسا ، ئېلىپبەنى ئوقۇتۇپ قويىمەن . . .

پاناھسىز يۈرگەن باقىغا بۇ گەپ ياغدەك يېقىپ كەتتى .
ئەمدى ئۇ ئاخشىمى ياتار يەرنىڭ ، كۈندۈزى قورساقنىڭ غېمى-
دىن ۋايىم يېمىسىمۇ بولىدىغاندەك . ئەزىم ئاخۇنغا كەلسەك ، ئۇ
باقىدىنمۇ بەكرەك خۇش ئىدى . ئۇ باقىنىڭ ئۈستۈپشى بىلەن
قورسىقىنى بېقىپلا بەرسە ، دورا سوقۇش ، شەربەت قاينىتىش ،
كومىلاچ ياساش . . . ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئالىدىغان بىر ياخشى
ياردەمچىگە ئىگە بولۇپ قالاتتى . شۇنداق قىلىپ ، ئۇ ئەزىم
ئاخۇننىڭكىدە تۇرۇپ قالدى .

ئارىدىن ئۈچ ئايدەك ئۆتكەن بىر جۈمە كۈنلۈكى ئىدى ،
باقى جۈمە نامىزىدىن يېنىپ ، ھېيتگاھ ئالدىدا كېتىۋاتاتتى .
توساتتىن ئۇ كىشىلەر ئارىسىدا كېتىۋاتقان زەيتۈنەنى كۆرۈپ
قالدى . ئۇنىڭ قۇچىقىدا بالا بولۇپ ، كۆزەينەك تاقاپ ، لىمۇن
كىيىۋالغان بىرىنىڭ يېنىدا كېتىۋاتاتتى .

«ئوخشاتقاندىمەن . بىر - بىرىگە ئوخشايدىغان ئادەملەر
ئازمۇ ؟» دېدى باقى باشتا . لېكىن ، قەدەملىرى ئىختىيارسىز
بۇرۇلۇپ ، يىراقتىن ئۇلارغا ئەگەشتى . ئۇ كېتىۋېتىپ تازا
سەپسېلىۋېدى ، زەيتۈنە يېنىدىكى لىمۇنلۇق يىگىتنى ئېنىق تو-
نىدى . ئۇ ھېلىقى «ئەنجانلىق» كەلگۈندى ئىدى . «شۇلاركەن ،
بەرھەق شۇلاركەن !» دېدى باقى ئىچىدە ۋە ھېچبىر مەقسەتسىزلا
ئۇلارنى ئەگىشىپ مېڭىۋەردى

---

① ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى چاغاتاي يېزىقىنى دېمەكچى

ئىككىسى توختىماستىن نېمىلەرنىدۇر دېيىشىپ ماڭاتتى . ئۇلار ھېيتگاھتىن ئۆتۈپ ، سەمەن يولىغا كىرگەندە زەيتۇنە نېمىدۇر بىر نېمە دەپ ، يول ياقىسىدا زوكىبىدە ئولتۇرۇۋالدى . يېنىدىكى يىگىت بولسا ، ئۇنىڭ ئالدىدا ئېگىلىشىپ تۇرۇپ جىددىي - جىددىي قىلىپ بىر نېمىلەرنى دېدى . قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ ، زەيتۇنەگە ئاچچىقلانغاندەك قىلدى - دە ، ئۇنى زورىغا تارتىپ تۇرغۇزۇپ قاتارلىشىپ ماڭدى . ئۇلار بىر يەرگە كەلگەندە يولىنى ئۆزگەرتىپ ، قەدىمىي تار كوچىلارنىڭ بىرىگە كىرىپ كەتتى .

باقىمۇ ئۇلار توختىسا توختاپ ، ماڭسا مېڭىپ ، تاپ باستۇ- رۇپ كەلمەكتە ئىدى . بىركەمدە ئۇلار دەرۋازا ئالدىدا ئىككى تۈپ ئېگىز سېدە دەرىخى بار بىر ھويلىغا كىرىپ كەتتى .

باقىنىڭ قەدەملىرى ئاستىلىدى . ئۇ ئەمدى ساقلاپ تۇرۇش- نى ، ياكى يېنىپ كېتىشنى تايىن قىلالمايۋاتاتتى . ئۇ بىردەم شۇ يوسۇندا تۇرغاندىن كېيىن كوچىنىڭ بىر تەرىپىدىكى بىر لەمپىنىڭ ئاستىغا كەلدى - دە ، بىكارچىلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدى . ئۇ بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز خاھىشىنىڭ كونت - رۇللۇقىسىز — بىئىختىيارسىز قىلىۋاتاتتى . ئۇ لەمپە ئاس- تىغا كېلىپلا ئويلىنىپ قالدى : «بۇ يەرگە نېمە قىلغىلى كەل- گەندىمەن ؟ ئاشۇ يۈزسىز ، بىۋاپانىڭ ئۆز كۆزۈم بىلەن قاتار- لىشىپ مېڭىشىنى كۆرگىلىمۇ ؟ ئېچىشىپ تۇرغان يۈرەك يارامغا قايتىدىن تۇز سەپكىلىمۇ يە ؟ توۋا ، مېنىڭ ئەقلىمنى . . . »

باقى ئاشۇنداق ئويلىسىمۇ ، يەنە بىر تەرەپتىن كۆڭلىنىڭ نېمىدۇر بىر نەرسىگە تارتىشىۋاتقانلىقىنى تۇياتتى . «ئۇ نېمىكى- نا ؟ » شۇ ئارىدا قەيەردىندۇر بىر كىچىك بالىنىڭ يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىۋىدى ، باقى بىردىنلا ئېسىنى تاپتى . «توغرا ! — دېدى ئۇ ، بىر قولىنى ئالدىغا جۈنەپ قويۇپ ، — بالا ، مەن ئوغلۇمنى دەپ كەپتىمەن . مېنى ئەتىدىن بېرى ئەگەشتۇرۇپ كەلگىنى دەل

ئاشۇ بىتەلەي ئوغلۇمنىڭ مېھرىكەن ـ دە !؟ ئاھ، ئوغلۇم! سەن تەۋەللۇت قىلغان ئاشۇ كۈز ئاخشىمى مېنى قانچىلىك شادلىققا بۆلىگەن ئىدىڭ ـ ھە !؟ شۇ چاغدا ئۆزۈمنىڭمۇ ئەمدىلا يىگىرمە ياشقا قەدەم قويغان بىر «بالا»، تۇرۇپ، سېنىڭ مۇبارەك پايى ـ قەدىمىڭ بىلەنلا بىردىن «ئاتا»، دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ قالغىنىمدىن چەكسىز ھاياجانلانغانىدىم. تېخى ياش ئىكەنلىكىمنى ئويلاپ بىر تۇرۇپ كۈلگۈم كەلسە، بىر تۇرۇپ ئۆز ـ ئۆزۈمگە مەستلىكىم كېلەتتى. ئومۇمەن، تۇرمۇش ۋە ھاياتىمىكى ئورنۇمنىڭ يۆتكەلگەنلىكى مېنى باشقىچە بىرخىل تۇيغۇدا ئەركىلىتەتتى.

دەرۋەقە، سېنىڭ يورۇق جاھانغا ئاچقان كۆزۈڭ ئۆز ئاتاڭنى تونۇپ ئۈلگۈرگۈچە، پېشانەڭگە يېتىملىق تامغىسى بېسىلىپ كەتتى . . .»

باقى شۇ تەرىقىدە ئويلاپ، ئوغلىنىڭ ئۆگەي دادا قولىدا قانداق كۈنلەرنى كۆرۈشىگە كەلگەندە، ئۇنىڭ نېرىسىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا قۇربى يەتمىدى. ھېچنېمىدىن ـ ھېچنېمە يوق يۈرىكى ئېچىشىپ، كۆزلىرىنى ياش قاپلىدى.

شۇ ئارىدا بايىقى دەرۋازا ئېچىلىپ، زەيتۇنە ئېرى بىلەن چىقىپ كەلدى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ قۇچىقىدا بالا يوق ئىدى. ئارقىدىنلا ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال بىلەن ياشانغان بىر ئەر كىشى چىقىپ، ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويدى. نېمە ئۈچۈندۇر، زەيتۇنەنىڭ چىرايى ئۆمسە، كۆزلىرى ياش يۇقى كۆرۈنەتتى. ئۇلار خوشلىشىپلا، يولدىن ئۆتكەن بىر سايىۋەنلىك ھارۋىنى توختىتىپ كېتىپ قېلىشتى.

باقى ئەندىكتى. ئۇ زەيتۇنەنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىش، قايتىپ چىقىشىدىكى بالىنىڭ يوقلۇقلىرىغا قاراپ قاتتىق شۈبھىلەندى. «بۇ ھويلىدىكىلەر ئۇلارنىڭ نېمىسىدۇ؟ تېخى ئەمچەكتىن ئايرىلمىغان بوۋاقنى تاشلاپ نەگە بارىدىغاندۇ؟ ئەجەبا،

ئۇلار خوشلىشىۋاتىدىغۇ؟ — دەيتتى باقى ئارقا - ئارقىدىن سوئال قويۇپ، — ياللا يىغلاپ قالغۇچە تېزراق كېلەرمۇ؟ ياق، ئۇلارنىڭ خەيرلەشكىنىگە قارىغاندا ... ئۇنىڭ ئۇستىگە، زەيتۇنەنىڭ بىر كۆزى كەينىدە — بويىنىنى باغلاپ سۆرىگەندەك كېتىۋاتىدۇ. بۇنىڭدا ...»

باقى ئاشۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ تۇراتتى، ھويلىدىن يەنە ئۈچ - تۆت خوتۇن چىقىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ بىرى باقىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىشىگە، يېنىدىكىلەرگە شىۋىرلىدى.

— ھوي، قارىغاندا ھېلىقى چوكان يېنىدىكى يىگىتكە ئەگىشىپ بىر يەردىن قېچىپ كەلگەن ئوخشايدۇ، جۇمۇ؟ بولمىسا، ئىچ قارىنىنى يېرىپ چىققان بالىسىنى يات ئادەمگە تاشلاپ ماڭامدۇ؟

باقىنىڭ يۈرىكى «قارتتىدە» قىلىپ قالدى. ئۇ نېمىگىدۇر گۇمانسىراپ، خوتۇنلارنىڭ كەينىدىن ئەگەشكىنىچە گەپ تىڭشاپ ماڭدى.

— شۇنى دېمەمدىلا؟ — دېدى ئىككىنچى خوتۇن گەپ ئېلىپ، — يەنە كېلىپ، تازىمۇ تومۇچۇقتەك بالىكەن دېسىلە؟ ئۇنىڭ نېمىسى ئېغىرلىق قىلغاندۇ، دەيمەن.

— يېنىدىكى ھاڭگىچۇ، — دېدى يەنە بىرى، — باللا ئۆز پۇشتىدىن بولمىغاندىكىن، ھار كۆرگەن گەپ. شوڭا، خەقكە بېرىۋېتىپلا كۆزدىن يوقاتامدۇ؟!

— ھەي، — دېدى تۆتىنچىسى، — كىشىنى نى كويلارغا سالىدىغىنى پۇل دېسىلە. پىشكى پۇلنى كۆزلىگەندۇ، ھەرقاچان.

— شۇنداق بولسىمۇ بولغاي، — دېدى بىرىنچىسى، — خىدىچىخاننىڭ گېپىنى ئاڭلاشمىدىلىمۇ؟ ئۇلار ئالمۇتا تەرەپكە ئۆتكىلىۋېتىپتىكەن. گۇۋاھنامە دېدىمۇ، پاسپورت دېدىمۇ بىر نېمىدىن بىر كىشىلىك كەملەپ قاپتۇدەك. ئۇنى تېپىپ بولغۇچە

چېكرىدىن چىقىشقا كاشىلا يېتەرمىش . ئۇلار تازا باش قېتىنچىدىلىقىدا تۇرغاندا بۇ كىشنى ئەختەم قارىي پەملەپ قاپتۇ دېسىلە ، ئويناشقاندەك قىلىپ : «بالىنى ماڭا بېرىۋېتەمسىلەر يە ؟» دەپتىكەن . ئېرىغا ياغدەك ياققان گەپ . شۇنداق قىلىپ بالىنىڭ سۈت ھەققىگە . . .

خوتۇنلارنىڭ پارىڭى شۇ يەرگە كەلگەندە ئارقا تەرەپتىن بىر قىيا ـ چىيا چىقىپ كەتتى . ئارقىدىنلا سېغىزلىق تار كوچىدا توپا توزىتىپ ، ئېتى ئېلىپ قاچقان بىر هارۋا قۇيۇندەك بېسىپ كەلدى . كوچا ئۆرىتۆپە بولۇپ كەتتى . هارۋا ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن بولسا ، باقى ھېلىقى خوتۇنلارنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرەلمىدى . ئاخىر ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز بىرخىل ئاچچىق ئەلەم ئىچىدە دۇكىنىغا قايتىپ كەلدى .

## 9

باقى قەشقەردە توپتوغرا توققۇز قىش ۋە سەككىز يازنى ئۆزاتتى . ئۇ بەلكىم جاھانكەشتىلىكى بىلەن باشقا يۇرتلارغا ئاتلاپ كەتكەن ۋە ياكى يۇرتىغا قايتىپ قاراپ باققانمۇ بولاتتى . بىراق ، ئۇنى ئوغلىنىڭ رىشتىسى تۇتۇپ قالدى . گەرچە ئۇ ئوغلىغا ئىگىدارچىلىق قىلالمىسىمۇ ، ھەر ھالدا ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرۇش ، ئانچە ـ مۇنچە كۆرۈپ تۇرۇشنىڭ ئېپىنى تېپىۋالغانىدى .

«يۇرتتا تارتىشقۇدەك نېمەم بار ؟ ــــ دەيتتى ئۇ بۇ ھەقتە ئويلىغىنىدا ، ــــ ئاتا ـ ئانا دېسەم يوق ؛ ئۇرۇق ـ تۇغقان دېسەم ، بېشىمغا چۈشكەن قىسمەتلەرنىڭ ھەممىسى ، دەل ئاشۇلاردىن كەلدى . تۆت بۇلۇڭ ، بىر كۆلۈڭگە تارتىشىپ نېمە قىلاي ؟ ئۆي ـ زېمىننى يەر يۇتماس . خۇدا نېسىپ ئەتسە بىر كۈنى بارارمەن .» ئۇ ئاشۇ خىل ئوي بىلەن ئەزىم ئاخۇننىڭ پېشىنى

چىلىق تۇتۇۋالدى

ھايات — پايانى يوق دېڭىزغا ئوخشايدۇ. بوران چىقمىسا بىر گەپ، ئۇ شۇنداق تىپتىنچ ئاقىدۇ. بوران چىققان كۈنى بىردىنلا دولقۇنلار ئەزۋەيلەپ، ئۆز قوينىدىكى كېمە - پاراخوت، بېلىق - جانلىقلارنى پاراكەندە قىلىدۇ. ھەتتا سۈيى تېشىپ - يامراپ، ئەتراپىنىمۇ خانىۋەيران قىلىۋېتىدۇ. كىشىلىك ھاياتنىڭ تىنچلىقىمۇ خۇددى ئاشۇ دېڭىز سۈيىگە ئوخشاش نىسپىيلىككە ئىگە. ئۇنىڭ تىنچلىقى ئىچىدە ھامان تىنچسىزلىق، ھەتتا مۆلچەرلىگۈسىز بالايىئاپەت ماراپ يۈرگەن بولىدۇ.

باقى ياشاۋاتقان بۇ تىنچ مۇھىتمۇ تۇيۇقسىز داۋالغۇپ كەتتى. بۇ كۈنلەردە قەشقەر شەھىرى كىشى چۆچۈگۈدەك مالىمانلىشىپ كەتكەنىدى. پۈتۈن شەھەرنى بىلىكىگە قىزىل پەتتە تاقىۋالغان «كونا دۇنياغا ئوت ئاچقۇچى كىچىك باتۇرلار» سوراۋاتاتتى. قەيەرگىلا قارىماڭ، تەرەپ - تەرەپتە چاچ - ساقال قىرقىماق، مىللىيچە كىيىم - كېچەكلەرنى يىرتىپ - بۇزماق؛ تاش مەتبەئە، چەت ئەل مەتبەئەلىرىدە بېسىلغانلىكى كىتابلارنى يىغىپ كۆيدۈرمەك، مەدەنىيەت، ئىلىم - پەن ئەھلىلىرىنىڭ پېيىنى قىرقىماق... تازا ئەۋجىگە چىققانىدى. شۇ تۈپەيلى ئەزىمئاخۇنمۇ «تۆت كونا» نىڭ بىرى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىپ قېلىشتىن قورقۇپ، دۇكىنىنى تاقاپ خىلۋەتكە كۆچۈۋالغانىدى. كۆپىنچە كېچىسى كېسەل كۆرەتتى

ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىر كەچلىكى باقى دۇكان ئۆيىدە دورا يانجىۋاتاتتى. ئەزىمئاخۇن بولسا، ئىچكەركى ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ، ھەر ئېھتىمالغا قارشى نۇسخا ئېلىۋېلىش ئۈچۈن، «ئىلاجى ئەمزار» ناملىق تېبابەتچىلىك كىتابىنى كۆچۈرۈۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا ئىشىك تۇيۇقسىز قاتتىق داراڭلاپ كەتتى. سىرتتا كىملەردۇر دېۋەيلەشمەكتە ئىدى. باقى تەمتىرەپ كەتتى - دە، قىلىۋاتقان ئىشنى تاشلاپ، ئىچكەركى ئۆيگە يۈگۈردى.

— ئۇستام ، ئۇستام !

پۈتۈن زېھنى بىلەن كىتاب كۆچۈرۈۋاتقان تېۋىپ چۆچۈگىنىدىن ئالدىدىكى سىياھ قۇتىسىنى ئۆرۈۋالدى .

— نېمە بولدى ؟ ! ئىت قوغلىغان گاچىدەك ئۇندەرەپ ؟

— بول . . . بولمىدى ، خوگۇپىيىنگلار كەلدى !

ئەزىم ئاخۇن كىگىز ئۈستىدە يېنىچە ياتقان سىياھ قۇتىسىغىمۇ قارىماي ، كىتاب دەپتەرلىرىنى كۆتۈرۈپ قوپتى . سۇپىنىڭ بىر بۇرجىكىگە كېلىپ ، بورنى قايرىپلا قولىدىكىنى بىر يەرگە تاشلىۋەتتى . بۇ ئۇنىڭ يېقىنىدا يەرنى ئويۇپ ، ساندۇقچىلاپ ياسىۋالغان «بىخەتەر ئىشكاپى» ئىدى .

شۇنىڭغىچە ئىشىك گاھ مۇشتلىنىپ ، گاھ ئىتتىرىلىپ تۇردى . كىمدۇر بىرى ئېغىزىغا كەلگىنىنى ياندۇرماي تىللايتتى . ئىشىكنى تېپەتتى . ۋارقىراپ ھەيۋە قىلاتتى . بىر توپ باللار بولسا ، ئاربلاپ ـ ئاربلاپ شوئار توۋلاپمۇ قوياتتى .

ئىككىسى دۇكان ئۆيىگە چىقىپ ، ئەمدىلا دورا ساندۇقىنى كۆتۈرۈپ تۇراتتى . ئىشىكنىڭ يان ياغىچى «قارس» قىلىپلا سۇنۇپ كەتتى . ئارقىدىن بىر توپ ياش بالا دەۋرەپ كىردى .

— ھۇ ، ئالدامچى پوقاق ! — دېدى ئالدىدا كىرگەن ئوتتۇرا ياشلاردىكى بىرى ئەزىم ئاخۇننىڭ ساقىلىدىن تۇتۇپ ، — شۇنچە توۋلىساقمۇ ئىشىكىڭنى ئاچمايسىنا ؟ ! ھۇ ئەبلەخ ! بولە ، ھېلىقى توقۇم كىتابلىرىڭ بىلەن يالغان دورىلىرىڭنى چىقار !

باقى بىر قاراشتىلا ئۇنى تونۇدى . ئۇ ئەزىم ئاخۇننىڭ تام قوشنىسى بولۇپ ، ئەسكىلىكنىڭ ھەممىسىدە بار بىكار تەلەپ ئىدى . باقى ، ئۇنىڭ باللارنى ھىمات ئېتىپ باشلاپ كېلىشتىكى مۇددىئاسىنى دەرھال چۈشەندى . ئۇ بىر قېتىم تېۋىپنىڭ ئىككى قۇتا ھەسىلىنى ئوغرىلاپ ماڭغاندا تۇتۇلغان ھەمدە خەقنىڭ ئوتتۇرىسىدىلا بىرمۇنچە داۋىسىنى يېگەنىدى . قارىغاندا ، بۈگۈن ئۇ

ئاشۇ قېتىمقى ئۆچىنى چىقارماقچىدەك قىلاتتى .
— گەپ قىل دەيمەن ! — ئۇ تېۋىپنىڭ ساقىلىنى گۈۋ-شىدى .
— بۇ . . . بۇ . . . بىزدە كىتاب نېمىش قىلىدۇ . . .
— نېمە ؟ ھۇ قاقۋاش قېرى ! مېنى بىلمەيدۇ ، دەمسەن ؟ ھەممىشە كىشىلەرنى ئالداش ئۈچۈن ئالدىڭغا يېيىۋالىدىغان ھېلى-قى كېگىز كىتابىڭ قېنى ؟ تاپشۇرامسەن يوق !
ئۇ قولىنى ئەزىم ئاخۇننىڭ ساقىلىدىن ياقىسىغا يۆتكەپ ، كانىيىنى بوغۇشقا باشلىدى . تېۋىپنىڭ كۆزلىرى پولتىيىپ ، گۆرەن تومۇرلىرى چوڭ قولدەك كۆپۈشۈپ چىقتى . نەپسى بو-غۇلۇپ ، خىرىلداپ كەتتى .
باقى چىدىمىدى . ئۇ خوجايىنىنىڭ ھالىغا قاراپ ، كۆزىنى چورتلا يۇمدى - دە ، ھېلىقىنىڭ بۇرنىغا تەتۈر مۇشت بىلەن «گاللاچچىدە» بىرنى سېلىۋەتتى . ھېلىقى ئەبلەخ بىر باغ پاخال-دەكلا تىرىڭگىدە ئۇچۇپ كەتتى . باقى بولسا ، بەك كۈچىنىپ كەتكىنىدىنمىكىن ، ئۆزىمۇ بىر چۆرگىلەپ توختىدى .
بۇ ئىش خۇددى يالاقتىكى ئىتنى كۇشكۇرتكەندەك ، سېرىق ھەرىنىڭ ئۇۋىسىغا ياغاچ تىققاندەكلا بىر ئىش بولغانىدى . باقى-نىڭ قايتۇرما ھۇجۇمىنى كۆرگەن ئۇششۇك ھەرىلەر ، بىردىنلا باقىغا ياماشتى . باقى دەسلەپ ، قورشاپ تۇرغانلار قولىدىكى «ۋالىبول» غا ، كېيىن ئايىغىدىكى «پۇتبول» غا ئايلىنىپ ، ئاخىرىدا ھېچ نەرسىنى سەزمەيلا قالدى .
ئۇ كۆزىنى ئاچقاندا تۆت ئەتراپى ئاسمان پەلەك كېسەك تام بىلەن قورشالغان بىر قورۇنىڭ تام تۈۋىگە يېقىنراق بىر يېرىدە ياتاتتى . «مېنى تۆگە قوتىنىغا تاشلىۋەتكەن ئوخشايدۇ ، — دەپ قالدى باقى ئاستىدىكى قىغدەك قارىداپ كەتكەن توپا ۋە ئەخلەت-لەرگە قاراپ . كېيىن ئاستا - ئاستا ھوشىغا كېلىپ ، ياتقان يېرىنى خېلى ئىلغا قىلدى . ئۆز ئەتراپىدا تۆگە ئەمەس ، ساپلا

ئادەملەر مىغىلدايتتى . قورۇنىڭ تۆت ئەتراپى زىچچىدە ئۆي ، نېرىقى چەتتە ئۈستى قالپاق شەكىللىك بىر «مۇنار» غادىيىپ تۇراتتى . بۇ ئەسلى تۇرمە بولۇپ ، يېقىندىن بۇيان «جىن - شەيتانلار لاگېرى» غا ئۆزگەرتىلگەنىدى . باقى ئۆزىنىڭ ئەنە شۇ «لاگېر» نىڭ قورۇسىدا ياتقانلىقىنى ئەمدىلا ئېنىق چۈشەندى .

باقى ھويلىدا ئون كۈندەك ياتتى . كېيىن بىر قېتىملىق چوڭ يىغىنغا يالاپ چىقىپ «نەق ئەكسىلئىنقىلابچى» جىنايەت بىلەن ئەيىبلەپ ، بەش يىللىق ھۆكۈم كەستى . شۇ كۈنى كەچتىن باشلاپ ئۇنىڭ تۇرار جايى دالاندىن قاراڭغۇ كامېرغا يۆتكەلدى .

باقىنىڭ ئەمدىكى ھاياتى كۈندۈزى قورال ئاستىدا ئەمگەك قىلىش ، كېچىسى پىت - بۇرگىلەر ئارىسىدا ئازابلىنىش بىلەن ئۆتمەكتە ئىدى . ئەتىگەن ۋە چۈشلەردە بېرىلىدىغان ئالما چوڭلۇقىدىكى بىردىن قوناق پومى ، ئاخشىمى بېرىلىدىغان بىر ھەجىر ئوماچ ، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئېغىر ئەمگەك ۋە پىت - بۇرگىلەر ھە دېگەندەك ئۇنى ھالىدىن كەتكۈزمەكتە ئىدى . بىر تېرە ، بىر ئۈستىخان بولۇپ قالغان باقىنىڭ شادا پاچاقلىقى تېخىمۇ گەۋدىلىنىپ ، قۇرۇپ قالغان قومۇشتەك بولۇپ قالغانىدى

باقى ھۆكۈم ئېلان قىلغاننىڭ قىرىق بەشىنچى كۈنى كېچىسى زادىلا ئۇخلىيالمىدى . ئۇ شۇ تاپتا ، ئۆزىنىڭ بۇ يەردىكى ھەلەكچىلىكىدىنمۇ بەكرەك ، ئوغلى راخماننى كۆرۈپ تۇرۇش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولۇپ قالغىنىغا ئۆكۈنەتتى . كۆزىنى يۇما - يۇمماي ، ئوغلىنىڭ چىراي شەكلى ، بوي تۇرقى كۆز ئالدىغا كېلىۋالاتتى . ئۇنىڭ قەشقەر تەلەپپۇزىدا چۇرۇك - چۇرۇك سۆزلىشى ، ئەختەم قارىنى «ۋا - دادا !» دەپ چاقىرغاندىكى زىل ھەم سوزۇلما ئاۋازى قۇلاق تۈۋىدە ياڭرىغاندەك قىلاتتى . ئۇ ئاشۇ سېزىملار ئىچىدە بۇنىڭدىن سەككىز يىل بۇرۇن ئوغلىنى تۇنجى قېتىم باغرىغا بېسىۋېلىش شەرىپىگە ئىگە بولغان

مىنۇتلىرىنى ئاجايىپ مەمنۇنىيەتلىك بىلەن كۆز ئالدىدىن ئۆتـ-
كۈزدى .

باقى ئوغلىنىڭ ئەختەم قارىيغا سىتنۇېتىلگەنلىكىنى بىلىپ
يەتكەندىن كېيىن مىڭ بىر ئامالالارنى قىلىپ يۈرۈپ ، ئەختەم
قاريي بىلەن تونۇشۇۋالدى . ئۇ ئىككى - ئۈچ كۈندە بىر كېلىپ ،
ئەختەم قارىينىڭ كوزىلىرىنى سۇغا دـوشقۇزاتـتى . يـىغىلغان
كۈل - ئەخلەتلىرىنى شەھەر سىرتىغا توشۇپ بېرەتتى . ئارىدا
ئوغلىنى كۆرۈۋالغانىنىڭ خۇشلۇقىدا قىلغان ئىشلىرى ئۈچۈن ،
ئەختەم قارىدىن بىر تىيىنمۇ ھەق ئالمايتتى . بۇنىڭغا ئەختەم
قارىيمۇ خۇشال ئىدى .

بىر كۈنى ئۇنى ئەختەم قارىينىڭ ئۆزى چاقىرىپ قالدى .
ئەسلىدە قارىينىڭ دەرۋازا تېمىنىڭ بىر يېنى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن
بولۇپ ، شۇ يەرنى چاپلىشىپ بەرگىلى چاقىرغانىكەن . بۇ ئىشـ-
نىڭ چىققىنى باقىغا تازىمۇ خۇش كەلدى . چۈنكى ، تام ئېتىلىپ
بولغۇچە ئوغلىنىڭ يېنىدا ئۇزۇنراق تۇرالايتتى . بۇنىڭغا ئەزىم
ئاخۇنمۇ بىر نىمە دېمىدى .

تام ئىككى كۈندە پۈتتى . ئىككىنچى كۈنى كەچتە ئۇ ئىشىـ-
نى يىغىپ ، قول - پۈتىنى يۇيۇۋاتاتتى . توساتتىن يېنىغا راخـ-
ـمان توكۇسلاپ كېلىپ قالدى . ئۇ بۇ چاغلاردا ئۈچ ياشقا قەدەم
قويغانىدى . قەلبى ئاتىلىق مېھرى بىلەن ئوخچۇپ تۇرغان باقى
بالىنى دەسسىدە كۆتۈرۈپ قۇچىقىغا ئالدى . ئارقىدىنلا يۈز -
كۆزلىرىگە ئەسەبىيلەرچە سۆيۈپ ، باغرىغا چىڭگىدە بېسىۋالدى .
بالا ئۈستىۋېشى كۆرۈمسىز بۇ يوچۇن ئادەمدىن قورقتىمۇ ياكى
ئۇنىڭ بەك چىڭ قوچاقلىۋەتكىنىدىن بىر يېرى ئاغرىپ كەتتىمـ-
ـكىن ، «ۋار» قىلىپلا تېپىرلاپ كەتتى . ئاگغىچە ئىچكىرىسىدە
بىر ئىش قىلىۋاتقان قارىينىڭ خوتۇنى يۈگۈرۈپ چىقتى :

— ۋاي ، جېنىم بالام . نىمە بولغاندۇ ، ساڭا ؟ ! ھەي ،
بالىغا بىر نىمە تېگىپ كەتتىما ؟ يىقىلىپ چۈشتىمۇ يا ؟ گەپ

قىلىسىڭىزچۇ ، بۇتتەك تۇرغۇچە !؟
— بىر . . . بىر نېمىنى بولمىدى ، — دېدى باقى تەم -
تىرەپ ، — قۇچىقىمغا ئالسام . . .
— ھەي . . . بىر يېرىنى ئاغرىتىۋەتتىم ، دەڭا !؟ ئەكې-
لىڭ ، بالىنى ! تارىشىدەك قاتتىق قولىرىڭىز بىلەن مىجىقلاپ
ئۆلتۈرۈۋالسىڭىز ، يىغلىمامتى ئۇ؟ كېلە قوزام ، كېلە ، ئۆزۈم
ئالاي ، سېنى .
قارىينىڭ خوتۇنى راخماننى ئېلىپلا ئۆيگە ئەكىرىپ كەت-
تى . باقىغا نېمە چارە؟ بوينىنى قىسقان پېتى قاراپ قېلىۋەر-
دى . چۈنكى ئۇ ئارىدىكى بۇ پىنھان قىسسىلەرنى بىر دەمدىلا
چۈشەندۈرۈپ كېتەلمەيدۇ - دە .
. . . كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە توققۇز يىل ئۆتۈپ كەتتى
راخمان ئەمدى چىرايلىق كىيىنىپ ، بۇغچا كۆتۈرۈپ ، مەكتەپكە
مېڭىۋاتاتتى . شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەختەم قارىي ئاغرىق
بىلەن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى . بۇ ئىش باقىنى بىردىنلا
تەشۋىشكە سېلىپ قويدى : «مۇبادا ، — دەيتتى ئۇ
قىياسەن ، — ئالمادىس قارىي كېتىپ قالسا ، ئۇنىڭ جاھىل
خوتۇنىغا ئۆلسەممۇ ، ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشەندۈرۈپ كېتەل-
مەيمەن . ئەختەم قارىم دىنىي ئىسلامغا مەھكەم ، ئېتىقادىنى
قەدىرلەيدىغان ، ئاق - قارىنى توغرا پەرق ئېتىدىغان كىشى .
ياخشىسى ئۇ ھايات چېغىدا سۆزلىشىپ ، ئەھۋالنىڭ تېگى -
تەكتىنى ئۇقتۇرۇۋالاي . ئىشىنىپ قالسا ، ئوغلۇمنى قايتۇرۇۋا-
لالىمىغاندىمۇ ، ئاتا - بالىلىق مۇناسىۋىتىمىزنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋې-
لىشقا ياراپ قالسىمۇ ئەجەب ئەمەس . . .»
ئۇ ئاشۇ خىيال بىلەن بىر جۈمە كۈنىنى توغرىلاپ ، قارىي-
نىڭكىگە كەلدى . ئۇنىڭ ھال - ئەھۋالىنى سوراپ خېلىغىچە
ھەمسۆھبەتتە بولدى . كېيىن كۆڭلىگە پۈككەن چارىسى بويىچە ،
ئاۋۋال تەرەتكە سۇ كۆتۈردى .

— نېمە ئالدىرايسەن ؟ — دېدى قارىي ، يانچۇق سائىتىگە قاراپ ، — تېخى جۈمەنىڭ ۋاقتىغا خېلى بارغۇ ؟

باقى چۈشىنىكسىزلا بىر نېمە دەپ قويۇپ تالاغا ماڭدى . تەرەت ئېلىپ كىرىپ ، ئەختەم قارىينىڭ يېنىغىراق بىر يەرگە جايناماز سالدى . ئاندىن قارىينىڭ قۇرئىنىنى سورىۋېلىپ ، جاي-نامازغا چىقتى . ئۇ تاكى ئاشۇ ئىشلارنى قىلىپ بولغۇچە ، باقى-نىڭ نېمە قىلماقچى بولغىنىنى ئاڭقىرالماي ياتقان ئەختەم قارىي تەئەججۇپ ئىچىدە باقىغا تىكىلىپلا قالدى :

— سەن . . . سەن ، قۇرئان ئوقۇيالمايتتىڭغۇ ؟ ئەزىم خوتەن موللا قىلىۋالدىمۇ نېمە ، سېنى ؟ — دېدى ئەختەم قارىي بېشىنى يېرىم كۆتۈرۈپ .

— ئوقۇشنىغۇ ، تېخى ئۆگىنىپ بولالمىدىم ، — دېدى باقى خىجالەت ئارىلاش ، — ئەمما مەن ئەلھۆكمىلىللا ـ ئىمانىم باركى ، ئۆزلىرىگە ئاللانىڭ مۇشۇ كالامىنى گۇۋاھ قىلىپ تۇ-رۇپ ئېيتىدىغان ئىككى ئېغىز سۆزۈم بار ئىدى . شۇڭا . . .

ئەختەم قارىي «قېنى !» دېگەندەك ، بېشىنى ئاستا قىمىر-لىتىپ قويدى . باقى قۇرئاننى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇپ ، زەيتۇنە بىلەن توي قىلغان يېرىدىن تارتىپ ، راخماننىڭ قانداقسىگە بۇ يەرگە كېلىپ قالغىنىغا قەدەر كەچمىشلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئېيتىپ بەردى . ئاخىرىدا :

— ئالدىلىرىدا خۇدايى تائالانىڭ كالامى بىلەن ئولتۇرۇپ-تىمەن ، ماقۇل كۆرسىلىرى ، ئوغلۇم بىلەن مۇشۇ دۇنيادا تو-نۇشتۇرۇپ قويۇشلىرىنى تىلەيمەن . كۆڭۈللىرى توق بولسۇن-كى ، بالىنى سىلى پەرۋىشلەپ مۇشۇنچىلىك قىلدىلا ، ئۇنى ئې-لىپ كېتىمەن ، دېيىشكە ھەددىم يوق . پەقەت ئاتا ـ بالىلىق مۇناسىۋىتىمىز بالىغا مەلۇم بولسىلا بولدى . بۇنىڭغا قارىيكام نېمە دەيدىكەن ؟ — دېدى .

ئەختەم قارىي كۆزىنى يۇمۇپ ، ئاللاھازەل يېرىم سائەتچە

ئۇنىسىز ياتتى . ئاندىن نېمىگىدۇر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋېلىپ ، باقىغا قارىدى :

— سېنىڭ نەچچە يىلدىن بېرى دەرۋازامنى ئايلىنىپ يۈرۈشۈڭنىڭ ۋەجىنى ئەمدى چۈشەندىم . دەرھەقىقەت ، ھاياتلىق- تا ئاتا - بالىنىڭ مېھرىدىن مەھكەم ھەم ئۇلۇغ رىشتە يوق . شۇنداق بولسىمۇ ، بۇ ئىشنى ئاۋۋال خەلچىگە چۈشەندۈرمەك مۇھىم . ئەر - خوتۇن ئىككىمىز بىر قارارغا كەلگەندىن كېيىن ئاندىن بالىغا ئۇقتۇرمىغان بىلەن بولماس . بىز مەسلىھەت قىلـ - لىلى ، — دېدى

شۇنىڭدىن كېيىن باقىنىڭ كۆڭلى باشقىچە كۆتۈرۈلۈپ قالدى . ئەختەم قارىي تېخى ئېنىق بىر نېمە دېمىگەن بولسىمۇ ، ئۇ ھەرھالدا ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى ئۇلارغا چۈشەندۈرۈۋالغانىدى . شۇڭا ، ھە دېگەندە ئۇنىڭ ناتىۋان قەلبى ئوغلى بىلەن بولىدىغان ۋىسال شادلىقى ئىچىدە دولقۇنلىناتتى . شۇ سەۋەبتىنمىكىن ، ئىلگىرى كۈنى تۈن بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ ، ئىش بىلەنلا بەند بولىدىغان باقى ئەمدىلىكتە دورا سوقۇۋېتىپمۇ ، شەربەت قاينىتىۋېتىپمۇ ياكى باشقا ئىش قىلىۋېتىپمۇ ئېغىزى بېسىلماي ناخشا غىڭشىيدىغان بولۇپ قالغانىدى .

— چوكان - سېكىلەكتىن بىرەرنى تېپىۋالدىڭمۇي ، با - قى ؟ — دېدى بىر كۈنى ئۇنىڭ ئەلپازىدىكى ئۆزگىرىشنى سەزگەن ئەزىم ئاخۇن ، — ھەپتە ئون كۈن بولدى . ئەجەب خۇش كۆرۈنىسىنا ؟

— چوكان ئەمەس ، ئوغلۇمنى تېپىۋالدىم . ئۇ تام !

— ئوغلۇمنى دەمسىنا ؟ ! — تېۋىپ گويا غ ـتە بىر چۆچەك ئاڭلاۋاتقاندەكلا چەكچىيىپ قارىدى .

باقى ۋەقەنى باشتىن - ئاياغ ھېكايە قىلىپ بېرىۋىدى ، ئەزىم ئاخۇن تېخىمۇ ھاڭ - تاڭ قالدى . . .

باقىنىڭ ئاستىغا بېسىپ ياتقان يوتىسىنىڭ «چىنىمىدە»

قېلىپ قېلىشى ئۇنىڭ ئەسلىمىلىرىنى قاپاقلارغىدۇر ئۇچۇرۇۋەتتى. ئۇ يوتىسىنىڭ ئاغرىقىغا پايلىماي سەكرەپ قوپتى. ئۇ نېمە بولغىنىنى بىلمەي، ئىشتىنىنىڭ پۇچقىقىنى ئۆرۈۋىدى، ئىچىدىن ئۆرۈك قېقىدەك چوڭلۇقتىكى بىر سېسىق قوڭغۇز تورۇكلاپ چۈشتى. ئەسلىدە ئۇنى ئاشۇ نەرسە چىقىۋالغانىكەن. باقى قوڭغۇز چاققان يېرىنى سىيلاپ ئولتۇرۇپ، يەنە شۇ ئەسلىمىلەر ئارىسىغا كىرىپ كەتتى

بۇ تېخى يېقىندىلا بولغان ئىش ئىدى. باقى ئەزىم ئاخۇننىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن قارىمۇچ ئېلىشقا چىققانىدى. قايتىشىدا ئاتايىن كوچا ئەگىپ، راخمان ئوقۇيدىغان مەكتەپنىڭ ئالدىدىن ماڭدى. ئۇ راخمان ئۇچراپ قالارمىكىن، دېگەن تەمەدە ئىدى. خۇددى باقى كۇتكەندەكلا، ئۇ مەكتەپ ئالدىغا كېلىشىگە راخمان ئۇچراپ قالدى. ئۇ تۆت - بەشتەك بالىنىڭ ئارقىسىدا يالغۇز كېلىۋاتاتتى.

— راخمانجان!

بالا قارىمىدى. باقى شۇ چاغدىلا خاتاسىنى تۈزىتىپ، ئۇنىڭ ئەختەم قارى يۆتكىۋالغان يېڭى ئىسمىنى چاقىردى. (ئۇنىڭ ئەختەم قارى قويغان ئىسمى «مۇھەممەتخان» ئىدى)

بالا بۇ دورەم كېتىۋېتىپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدى. باقىنى تونۇپ، بىر مىنۇتچە جىممىدە تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۇزايى نېمىشقىدۇر، سەل ئويچاندەك كۆرۈنەتتى. ئاڭغىچە باقى ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— مەكتەپتىن قايتتىڭمۇ؟ (ئۇ بالىنى دائىم «سىڭلى» دەپ ئۆگىنىپ قالغانىدى) دېدى.

— ھەئە.

— مىجەزلىرى يوققۇ، ئاغرىپ قالمىغانلا؟ — باقى زوڭزايدى.

بالا جاۋاب ئورنىغا كۆزىگە مۆللىدە ياش ئالدى.

— هوي ، نېمە بوللا ؟ بىرى بوزەك قىلدىمۇ يە ؟ !
— ياق ، — دېدى بالا بېشىنى ئېرغىتىپ ، ئاندىن باقىغا سىنچىلاپ قارىدى ، — سىلى . . . سىلى ، راست مېنىڭ دادىمما ؟

باقى ئېغىزىنى ئاچقان پېتى تۇرۇپ قالدى ـ دە ، «بالىغا ئېيتىپ بولۇپتۇ ـ دە ؟» دېگەن پىكىر كاللىسىدىن چاقماق تېزلىكىدە ئۆتۈپ كەتتى . ئارقىدىنلا بالىنى كاپپىدە تۇتۇپ ، باغرىغا باستى .

— ئۆيدىكىلەر شۇنداق دېدىمۇ ؟
— ھەئە .

باقىنىڭ كۆزلىرى ياش بىلەن قاپلىنىپ ، قوللىرى ياپراقتەك تىترەپ كەتتى . ئۇ كېلىنغا قاپلىشىۋالغان يىغا ھېسسىسىنى تەستە يۇتۇپ ، بالىغا تىكىلدى :
— راست ، بالام . مەن . . . مەن سىلىنىڭ دادىلىرى ! بىز . . . بىزنى . . .

باقى «بىزنى ۋاپاسىز ئانىلىرى مۇشۇنداق قىلىۋەتكەن» دېمەكچى ئىدى . بىراق ، بالىنىڭ كۆڭلىگە ئېغىر كەلمىسۇن ، دەپ سۆزنى باشقا ياققا بۇرىۋەتتى . ئۇلار شۇ تەرىقىدە بىردەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن باقى : «ئۇنى مۇشۇ يەكشەنبە ئالاھىدە يوقلاپ بارىمەن ، تەپسىلىي گەپنى شۇ چاغدا ئاڭلايلا» دەپ قويۇپ ، ئەزىم ئاخۇنىنىڭكىگە كەتتى . ئەپسۇسكى ، ئۇ ئوغلىنى يوقلاشقا ئۆلگۈرمەيلا تۇتقۇنلۇققا چۈشۈپ قالغانىدى .

## 10

كېچە ، شەھەر سىرتى ، قەشقەر شەھىرى بىلەن يېڭىشەھەر ئارىلىقىدىكى بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ دېگۈدەك كەتكەن كۈجۈم ـ كۈجۈم مەھەللە ـ كەنتلەر تۈن ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا

گۈڭگارىشىپ ياتىدۇ . ئاللىقەيەرلەردىدۇر سۆڭەك تىمىسقىلاپ يۈرگەن لالما ئىتلارنىڭ تېنەپ يۈرۈشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، پۈتكۈل تەبىئەت جانلىقلىرى چوڭقۇر ئۇيقۇغا پاتقانىدى . لېكىن ، مۇشۇ مىنۇتتا ئىككى نەرسە — يېقىندىكى تۈمەن سۈيى بىلەن باقى ئۇيقۇدىن بىدار ئىدى . دەريا بىرخىل رىتىم بىلەن توختاۋسىز شارقىراپ ، بۇ چوڭقۇر كېچىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ تۇرىدۇ . باقى بولسا ، دەريا ساھىلىغا ئانچە يىراق بولمىغان كۆز يەتكۈسىز كەڭ بىر شاللىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا زوڭزىيىۋېلىپ ، ئاشۇ ئويغاق ئېقىندەك توختاۋسىز خىيال سۈرىدۇ .

ئۇ بۈنىڭدىن تۆت سائەتچە ئىلگىرى جىنايەتچىلەر بىلەن ئىشلەۋاتقان بىنەملىكتىن قېچىپ كەلگەن . كېتىۋېتىپ ، ئۆزىچە «مۇشۇ يەر خېلى بىخەتەركەن» دەپ تاللىۋالغان مۇشۇ شاللىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ توختىغانىدى . ئۇنىڭ دەسلەپ شەھەردىن چىققان ۋاقىتتىكى ئەنسىزلىكلىرى تارقاپ ، ئۆزىنى خېلىلا توختىتىۋالغان . ئەمدى نېمە قىلىش ، قەيەرگە بېرىپ ، قەيەردە توختاش ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلىنىۋاتاتتى .

«مۇشۇ پەيدە جىممىدە كېتىپ قالسام بولماس ، — دەيدىتى ئۇ نۆۋەتتىكى خىيالىنى داۋام قىلىپ ، — تېخى بالا بىلەنكى ئارىمىز رەسمانەم ئۈچۈق بولغىنى يوق . ئاۋۋال قارىيكامىنىڭكىگە بىر يولۇقۇپ ، ئاساسىي ئىشنى توغرىلىۋالاي . بەلكىم ، ئەتەم قارىمدىن بىرەر ياخشى مەسلىھەت چىقىپمۇ قالار . . . ھە راست ، ئۇستامۇ بار تېخى ، ئۇنىڭ ھالى نىچۈككىن ؟ . . .» باقى مۇشۇنداق ئويلىدىيۇ ، ئارقىدىنلا يەنە يالتىيىپ قالدى : «ياق . . . بۇمۇ بولمىغۇدەك . مۇبادا مېنى ئىزدەپ يۈرۈشكەن بولۇپ ، ئالىمادىس قولغا چۈشۈپ قالسام ، تېخىمۇ چوڭراق بىر بالاغا سېلىپ قالماسمەنمۇ ؟ ئۇ چاغدا ھەممە ئىستەكلىرىم بىر يولى بەربات بولماسمۇ ؟ ياخشىسى ، ھازىرچە ئۆزۈمنى چەتكە ئېلىپ تۇراي ، بەلكىم يۇرتتا تېرىپ قويغان پالاكەتلىرىممۇ ئال-

ـلىقاچان ئۇنتۇلۇپ كەتكەندۇ . پاناھلىق تېپىلىپ قالسا ، ئۆيدە بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن يەنە بىر گەپ بولار . . .» ئۇ ئاشۇ خىياللار ئىچىدە شاللىقتىن قوزغىلىپ ، يېڭىشەھەرنىڭ كوڭگەي تەرىپىگە قاراپ يۇرۇپ كەتتى . . .

باقى ئۆز ناھىيىسىنىڭ تەۋەسىگە ئۇلاشقىنىدا ، يولغا چىق-قىنىغا بىر ئايدىن ئېشىپ كەتكەنىدى . ئۇ بەلكىم بىرەر رەھىم-دىل شوپۇرنى تېپىۋالغىنىدا ، ئاللىبۇرۇن ئۆز مەنزىلگاھىغا يېتىپ بولغانمۇ بولار ئىدى . بىراق ، ئـۇ ئۇنـداق قـىلمـاي ، ياقا - يۇچقاقلار بىلەن يېزا ئارىلاپ ماڭدى . چۈنكى ، ئۇ كۇتۇل-مىگەن يەردىن قايتىلاپ قىلتاقىقا چۈشۈپ قېلىشتىن قاتتىق ھەزەر قىلاتتى . يەنە بىر تەرەپتىن ، بۇنداق ئۇزۇن يولنى بىر يۇردا نان ، بىر تىيىن پۇلسىز تەۋەككۇلسىگىلا مېڭىۋەرگىلى بولمايتتى . شۇڭا ، ئۇنىڭ كەلگەن - تۇرغان يېرىدە تۆت - بەش كۇنلەپ ئىشلەشكە ، ئانچە - مۇنچە قورساق ۋە يول غېمىنى غەملىشىگە توغرا كەلگەنىدى . گەرچە ئۇ ئەنە شۇنداق رىيازەتلەر-نى چەككەن بولسىمۇ ، ھەرھالدا يۇرتىنىڭ چېگرىسىغا ساق - سالامەت ئۇلىشىۋالغىنىدىن خۇشال ئىدى .

باقى ئېھتىيات يۈزىسىدىن مەھەللىسىگە يەنىلا كېچىدە كى-رىپ كەلدى . ئۇ شۇنداق پىنھان كىردىكى ، ماڭغان يەرلىرى ، ھەتتا پادىچىلارنىڭمۇ قەدىمى يەتمىگەن ياقا - سەھرالار ۋە يولغا يىراق بولغان يارلىق ، بىنەملىكلەر بولدى . ئۇ ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى ، ھەربىر ئېرىق ، ھەربىر پارچە يەردىن ئۆتكىنى-دە ، ئۆز ئۆيىگە بىر قەدەم بولسىمۇ ئاز قالغانلىقىدىن شۇنچە خۇشاللىناتتى

«ئۆيۋاقلىرىم قانداقراق تۇردىكىن ؟ ــــ دەيتتى ئۇ كېتىۋېتىپ ، ــــ ئايۋاننىڭ بىر تېمى سەل چاك كەتكەندەك تۇراتتى . بەلكىم ، شامال - يېغىندا ئۆرۈلۈپ چۈشكەندۇ . ياغاچ - تاشلىرى جايىدا تۇردىمىكىن ؟ راست ، باغۋارانلار قانداق بولۇپ

كەتكەندۇ ؟ ۋاقتى ـ قارارىدا سۇ كۆرمەي قۇرۇپ تۈگىمىگەن .
خەپ ، ھەممىنى ۋەيران قىلغىنى ئاشۇ زەيتۇنە دېگەن . . . »
باقىنىڭ كاللىسىغا «زەيتۇنە» دېگەن ئىسىم كېلىشى بىلەن-
لا ، پىكرى چېچىلىپ ، ئىچ ـ باغرى خۇددى مۇشۇك تاتىلىغان-
دەك تىتىلداپ كەتتى . چىشلىرى گىرىچلاپ ، مۇشتلىرى ئىخ-
تىيارسىز تۈگۈلدى
ئۇ ئۆزىگە تونۇش «لەنگەر ئۆستەڭ» كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپلا
بىردىن قايمۇقۇپ قالدى . خېلى ئۇزۇن چۆرگىلىگەندىن كېيىن
ئۆزى قىياس قىلغان يەرگە يەتتىيۇ ، ئەتراپقا بىر قاراپ ، بېشى
تېخىمۇ ئايلىنىپ كەتتى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بايىدىن بېرى
قىياس قىلىپ كېلىۋاتقان ئۆيى ئەمەس ، بىر پارچە ئېكىنلىق
قارىيىپ ياتاتتى . ئۆي ئورنى تېرىلىپ ، باغلار يالىڭاچلانغان .
ئەسلى باغ شورىسىنىڭ يېنىدىكى ئۇچ ئاچا ياڭاق دەرىخى بولمى-
غىنىدا ، ئۇ شۇ تاپتا ئۆز ئۆيىنىڭ ئورنىنىمۇ پەرق ئېتەلمىگەن
بولار ئىدى . بۇ يەرگە قاراپ ، باقىنىڭ كۆزى تېخىمۇ قاراڭغۇ-
لاشتى . بېشى پىرقىراپ ، ئاياغلىرىدىن مادارى كەتتى ـ دە ،
ياڭاقنى قۇچاقلىغىنىچە ھۆڭ سېلىپ يىغلىۋەتتى .
ئۇ شۇ تەرىقىدە قانچىلىك تۇرغىنىنى بىلمەيدۇ . گاھ يىغ-
لاپ ، گاھ ئاھ چېكىپ ، ئەمدىلىكتە گويا يۈرىكى توختاپ قالغان-
دەك دەرەخكە يۈزىنى ياققىنىچە تىمتاس ئولتۇرماقتا . ھەتتا تاڭ
سۈزۈلۈپ كېلىۋاتقىنىنىمۇ تۇيمايدۇ . . .
شۇ ئەسنادا قاياقتىندۇر بىر ئىشەك سەت غىچىرلاپ ، ئار-
قىدىنلا بىر ئەر كىشىنىڭ يۆتەلگەن ، كېيىن خىرقىراپ تۈكۈر-
گەن تىۋىشى ئاڭلاندى . شەپە چىقىشى بىلەنلا بايىدىن بېرى
قېتىپ قالغاندەك ئولتۇرغان باقى ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ
كەتتى . شۇنىڭدىن كېيىن تاۋۇش ئىككىنچىلەپ ئاڭلانمىدى .
«شۇنداق ئاڭلانغان چېغى» دېدى باقى كۆڭلىدە ۋە يەنە ياڭاققا
يۆلەندى .

— كىم ئۇ ؟ !

تۇيۇقسىز چىققان سادادىن باقىنىڭ يۈرىكى بىر قوزغىلىپ توختىدى . ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىدە بومبۇر ساقال ، تون چاپان كىيىۋالغان ، ئوتتۇرا بويلۇق بىر كىشى بويىنىنى سوزۇپ قاراپ تۇراتتى . باقىمۇ بۇ كىشىگە سىنچىلاپ سەپسالدى . . . سەپسالدىيۇ ، دەسلەپ تونۇيالماي ، خېلىدىن كېيىن ئاستا — ئاستا ئېسىگە ئالدى . ئۇ ئۆزىنى بىر چاغلاردا تۇتقۇنلۇقتىن قاچۇرۇپ قويغان ئاباسىنىڭ دادىسى تاشپولات مەزىن ئىدى

— سىلى . . . سىلى . . . تاشپولاتكام ئەمەسمۇ ؟

— سەن . . .

— مەن باقىغۇ ؟ تونۇيالمايۋاتامدىلا ؟

— سەن ، راست باقىمۇ سەن ؟ بۇ . . .

بوۋاي كۆز ئالدىدا تۇرغان قويۇق ساقاللىق ، ئىس چىراي بۇ ئادەمگە تەئەججۈپ ئىچىدە چەكچىيىپ تۇراتتى .

— مەن شۇ باقى ، تاغا .

بوۋاي گويا ئۇنى ئۆز كۆزى بىلەن ئىسپاتلاپ كۆرمەكچى بولغاندەك ، باقىنىڭ چىرايىغا يېقىن كېلىپ تىكىلدى . ئاندىن :

— بالام ! — دېدى يىغلامسىراپ ، — يۇرتتا ھەر قىسما گەپلەر بولدى : بىرى قايسى بىر چۆلدە بۆرە يەپ كېتىپتۇ دېسە ؛ بىرى ماشىنا بېسىۋاپتۇ ، دېگەن . دېمىسىمۇ ، ئۇزاق بولدى ، سېنى كۆرمىگەندىكىن ، راست ئوخشايدۇ ، دەپتىمىز . ئاللا ئىگەمنىڭ رەھمىتى كەڭكەن ، بالام . ھەر نېمە بولسىمۇ سالامەت ئىكەنسەن .

مەزىن نېمىشقىدۇر بىر دەم جىمىپ قالدى ۋە كېيىن ئاۋازىنى سەل پەسەيتىپ داۋام قىلدى .

— ئەمما زە ، تولا بەك يامان چاغدا كېلىپ قاپسەن بالام ، مالڭ ، بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرمايلى . سېنى ئۆيگە ئاپىراي ، قالغىنىنى شۇ يەردە ئاڭلارسەن .

ئۇلار قانداق تېز كۆرۈشكەن بولسا ، يەنە شۇنداق تېزلىكتە تاشپولات مەزىننىڭ هويلىسىغا كىرىپ توختىدى .

— زادى نېمە ئىش تاغا ؟ — دېدى باقى ئالدىراپ ، — چاققانراق دېسىلە ، نېمىگە يامان بولدى ؟ !

— بەش - ئالتە كۈنچە بولدى ، — دەپ باشلىدى مەزىن ئۆز گېپىنى ، — قەيەردىن كەلدىكىن ، بىر - ئىككى ئاق چاپانلىق ئەسكەر پەيدا بولۇپتىكەن . بۇ يەردىكى قىزىل پەتتىلىكلەردىن تۆت - بەشىنى ئەگەشتۈرۈۋېلىپ سېنى ئىزدەپلا كەتتى . مالتىلىمىغان ئۆي قالمىدى .

— نېمە ، مېنى ئىزدەپ مۇشۇ يەرگىچە كەپتۇما ؟ !

— هوي ، پەسرەك سۆزلە ، — دېدى بوۋاي ئىشىككە قاراپ قويۇپ ، — مۇشۇ كۈندە ئۆز ئۆيۈڭنىڭ تام - تورۇسلىرىمۇ ئايغاقچى بولۇپ كەتتى . يەنە بىر كىم سېزىپ قېلىپ ، ئىش تېرىپ بەرمىسۇن . هەي ، ئەجەب ئىشلار بولۇۋاتىدۇ - دە ، مۇشۇ كەمدە .

باقىنىڭ تېنى شۇركىنىپ كەتتى . ئۇ قايتا تۇتۇلۇپ قېلىشنى ئويلىغىنىدا ، قورال ئاستىدىكى ئېغىر ئەمگەكلەردىنمۇ سېسىقچىلىقتا توشۇپ كەتكەن كامارنىڭ پىت - بۈرگىلىرى ، ئاچلىق ئازابى ، هە دېگەندە ئۇنىڭ جېنىغا تەھدىت سالاتتى . ئۇ بوۋاينىڭ ۋەھىمىلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ ، بۇ يەرگە كېلىپ قالغىنىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىپ كەتتى . ئۆكۈنگەنسېرى ئەندىشىسى شۇنچە ئاۋۇيتتى . هېلىلا بىر كىم تۇتۇۋالىدىغاندەك ، سۆرەپ ئاپىرىپ ، ئاللىقانداقتۇر يىلان - چايانلار ئۈۋىسىغا تاشلاپ ، بۇ جاهاننىڭ يورۇقلۇقىدىن ئەبەدىي مەھرۇم قىلىۋېتىدىغاندەكلا تۇيۇلاتتى . شۇڭا ئۇ ئورنىدىن دەسسىدە تۇرۇپ كەتتى .

— سىلىگە كۆپ رەھمەت ، تاغا ئەمىسە مەن . . .

— قەيەرگە بارماقچىسەن ؟ يەنە شۇ . . .

— بىلمەيمەن . ئىشقىلىپ بىر يەردە جان ئېتەرمەن .

— ئاللا ئىگەم بار، ئىگەم ئۆزى پاناھلىق بېرەر، ئوغ-لۇم. ئەمما لېكىن، ھازىر تاڭ يورۇپ قالدى. ئالىمادىس، بىرەر ئىتنىڭ كۆزىگە چۈشۈپ قالساڭ، قۇتۇلمىقىڭ تەس بولى-دۇ. بۈگۈنچە بىزنىڭكىدە دېمىڭنى ئېلىۋال. كەچتە يا ئۆزۈم، يا ئىنىڭ ئاپباس يولغا سېلىپ قويارمىز.

— ھوي، ئاپباس ئىنىم كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— بار. ئۇنى ئۆيلەپ بۆلەك چىقىرىپ قويغان. ھېلى ساڭا چاقىرىپ بېرىمەن.

باقى تاشپولات مەزىننىڭ ئۆيىدە بىر كۈننى ئۆتكۈزۈپ، ئەلياتقۇدىن ئۆتكەندە كىيىملىرىنى ئالماشتۇردى. يۈز - كۆزىگە ئانچە - مۇنچە گىرىم قىلىپ، ئاپباس بىلەن يولغا چىقتى. ئۇ ئاۋۋال ئاتا - ئانىسىنىڭ قەبرە بېشىغا كېلىپ تاۋاپ قىلدى. ئاندىن دادىسىنىڭ قەبرە گۈمبىزى تۈۋىگە «دەپنە» قىلىۋەتكەن ھېلىقى تىللالارنى ئېلىۋالايمىكىن، دەپ ئويلىدى. كېيىن ئاب-باستىن ھېيىقتىمۇ ياكى باشقىچە بىر خىيالغا كەلدىمۇ، كەينىگە يېنىپ، ئاپباس بىلەن خوشلاشتى.

... باقىنىڭ ئەمدىكى ھاياتى كىم بىر قاچا ئاش، بىر پارچە نان بەرسە، بىرقانچە كۈنگىچە شۇنىڭ ئىشىنى قىلىپ بېرىش بىلەن ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇ دائىم ئەڭ يىراق بولغان چەت - ياقىلاردىكى يېزا - كەنتلەردە ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئۇ ئۆزىگە شۇنداق بىر مىزاننى ئورنىتىۋالغانىدىكى، بىر كەلگەن يېرىدە ئون كۈندىن ئارتۇق تۇرمايتتى ھەمدە ئىككىنچى قېتىم قايتىلاپمۇ ئاياغ باسمايتتى. نام - ئەمىلىمۇ ھەرخىل بولۇپ، بىر يەردە «سادىر» دېسە، بىر يەردە «نىياز»، «توختى»... دەپ قويۇاتتى. يەنە بىر جايغا بارغاندا يەنە بىرنېمە دەيتتى، مەيلى كۆپ ئىشلىسۇن، مەيلى ئاز ئىشلىسۇن، بەرگىنىنى ئېلىپ، ھەق تالىشىپمۇ ئولتۇرمايتتى...

شۇنداق قىلىپ، ساپساق سەككىز يىلدىن كېيىن، يەنى

1977 ـ يىلىنىڭ كۈز پەسلىدىن باشلاپ، ھازىر تۇرۇۋاتقان شەھەرگە سىگىپ كەتتى.

* * *

باقىئاخۇن ھېكايىسىنى توختاتقاندا كۈن خېلىلا كەچ كىرىپ، قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانىدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئوغلى توغرىسىدىكى ئاخىرى تۈگىمىگەن ئەسلىمىسى مېنى يەنە سوئال قويۇشقا مەجبۇر قىلدى:

— شۇنىڭدىن كېيىن، ئوغلىڭىزنى قايتا ئىزدەپ بارمىدىڭىزما؟

— باردىم، بىر ئەمەس ئىككى قېتىم باردىم.

— كۆرۈشەلمىدىڭىز؟

— شۇنداق، 1979 ـ يىلى كۈزدە بىر باردىم، — دېدى ئۇ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، — بارسام، ئەختەم قارىي ئۆلۈپ كېتىپتۇ. خوتۇنى بىلەن كۆرۈشتۇم. ھېلىمۇ ياخشى، ئەختەم قارىي ئۇنى قايىل قىلىپ قويۇپتىكەن. ماڭا ياخشى مۇئامىلىدە بولدى. بىراق، بالا لەنجۇغا بەش يىللىق ئوقۇشقا كېتىپ قاپتۇ. 1984 ـ يىلى يەنە بىر باردىم. خېلىچىخانىنىڭ دېيىشىچە، ئوقۇشنى تۈگەتكەندىن ـ تۈگەتمەيلا، ياپونىيىگە يەنە ئىككى يىللىق بىلىم ئاشۇرغىلى كېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ، زادىلا كۆرۈشۈش پۇرسىتى بولمىدى. مېنىڭچە، بۇ يىللاردىن قايتىپ كېلەتتى. يەنە بىر ئىزدەپ بارارمەن، دېگۈچە، بۇ ھالغا چۈشۈپ قالغىنىمنى قارىمامالا؟

— كۆڭلىڭىزنى توق تۇتۇڭ، — دېدىم ئۇنى خاتىرجەملەندۈرۈپ، — كېيىمىز كەپ. ئاۋۋال خاتىرجەم داۋالىنىڭ. ئوغلىڭىزنى چوقۇم تېپىشىپ بېرىمەن.

باقىئاخۇن ھېلىمۇ كۆپ چارچاپ كەتكەنىدى. شۇڭا ئۇنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن، بۇ ھەقتىكى گەپلەرنى ۋاقتىنچە شۇ يەردە توختاتتۇق

# خاتىمە

باقى ئاخۇننىڭ يارىسى بارا ـ بارا ئېغىرلىشىپ، ھە دېمەي خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. بىراق، دوختۇرلار قانچە چۈشەندۈرسىمۇ، ئۇ بىلىكىنى كەستۇرۇۋېتىشكە زادىلا ئۇنىمايۋاتاتتى. ئاخىر بۇ ئىشقا يەنە مەن ئارىلىشىپ، ئۇنى ئاران دېگەندە قايىل قىلدىم. گەرچە ئۇ سىڭار قول بولۇپ قالغان بولسىمۇ، بىلىكىنى كېسىۋەتكەندىن كېيىن بىر ئايغا قالماي ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— ئوغلىڭىزنى ئەمدى تېپىپ كەلسەم بولارمۇ؟ — دېدىم ئۇنىڭغا بىر كۈنى. بۇ چاغدا مەن خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن قەشقەر تەرەپكە بارماقچى بولۇپ قالغانىدىم.

— ئۆزلىرىنى ھېلىمۇ كۆپ جۇۋاتتىم، — دېدى ئۇ تەكەللۇپ قىلىپ، — يەنە ئاۋارە قىلىشۋەرگىلى بولماس. ئۆزۈم بىر ئىش قىلارمەن.

— مەن شۇ ياققا خىزمەتكە بارماقچى. شۇ باھانىدە يوقلاپ باقمايمەنمۇ؟

— شۇنداقما؟ — دېدى باقاخۇن قەۋەتلا خۇش بولۇپ، — ۋاي، ۋاي، ۋاي... بەك بەلەن ئىش بولۇپتىيا بۇ! ئەمسە شۇنداق قىلسىلا، ئۇكام.

تۆت كۈندىن كېيىن رەسمىي يولغا چىقتىم. بۇ يەرنىڭ ئۇزۇن يوللۇق بېكىتى شەھەر ئىچىدىن يەتتە كىلومېتىر سىرتىدىكى ئوق يول ئۈستىدە ئىدى. مېنىڭ ئۇنىمىغىنىمغا قارىماي، باقى ئاخۇنمۇ بېكەتكىچە بىللە چىقتى. بىراق، بۇگۈنكى ئاپتوبۇس بەك ئەتىگەن ئۆتۈپ كەتكەچكە، چۈشكىچە ساقلاپمۇ بىر نەرسە تاپالمىدىم. ئەمدى ئەتىگە قالماي ئىلاج يوق ئىدى.

ئاخىر قايتىپ كېتىش ئۈچۈن سىرتقا چىقتۇق. تېخى يېگىلا كېلىپ توختىغان بولسا كېرەك، قەشقەر تەرەپتىن كەلگەن

بىر ئاپتوبۇستىن كىشىلەر چۈشۈۋاتاتتى . باقى ئاخۇن كېتىۋېتىپ بىردىنلا توختاپ قالدى . ئاندىن بىر بېسىپ ، ئىككى بېسىپ ، ئاپتوبۇس يېنىدا ياغلىقىنى تۈزەشتۈرۈۋاتقان بىر ئايالنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى . ئايال كۆپتەك سېمىز بولۇپ ، چاچلىرىغا ئاق كىرگەن ، لېكىن چىرايى يىگىرمە بەش - ئوتتۇز ياشلاردىكى چوكانلارنىڭكىدەك بېجىرىم ئىدى . مەن باقى ئاخۇننىڭ نېمە قىلماقچى بولغىنىنى ئاڭقىرالماي تۇرغىنىمدا ، ئۇ ئايالغا سۆز تاشلىدى :

— ئۆزلىرى خەلچىخان ئاچام ئەمەسما ؟

— سىز . . . — دېدى ئايال ئالدىدىكى سىڭار قوللۇق بۇ ئادەمگە ئەجەبلەنگەندەك قاراپ .

— ۋۇي ، مېنى تونۇمايۋاتاملا ؟

شۇ ئارىدا ئۇلاردىن بەش قەدەمچە نېرىدا تۇرغان يىگىرمە يەتتە - يىگىرمە سەككىز ياشلاردىكى ئېگىز كەلگەن بىر يىگىت بىلەن قىرىق يەتتە - قىرىق سەككىز ياشلاردىكى يەنە بىر ئايال ئۇلارغا يېقىنلاشتى . ئۇلار بىرىدە باقى ئاخۇنغا قارىسا ، بىرىدە قېرى ئايالغا «بۇ نېمە ئىش» دېگەندەك سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلەتتى . ئارىدا ئايال تىلغا كىردى :

— ۋاي خۇدايىمەي ، ماۋۇ كۆزۈمنىڭ خىرەلىكىنى قارىمامدىغان ؟ باقى ئاخۇن ئىكەن ئەمەسمۇ بۇ ! «خۇدا دېگەن بەندىسىگە ئەكېلىپ بېرەر مەھەللىسىگە» دېگەن شۇ ئەمەسما مانا ! قەيەردىن تاپارمىز ، كىمدىن سورارمىز ، دەپ غەم يەپ كېتىپتۇق ، تېخى .

ئايال شۇ گەپلەرنى قىلىپ تۇراتتى . بايىدىن تەئەججۇپ ئىچىدە ياتسىراپ تۇرغان ھېلىقى ئېگىز بويلۇق يىگىت سومكىسىنى تاشلاپلا ، باقى ئاخۇننىڭ بويىنىغا ئېسىلدى :

— دادا ! سىز . . . سىز نەگە يوقاپ كەتتىڭىز - ھە ؟ قەيەرگە كەتتىڭىز ؟ — يىگىت خۇددى ناۋا قىلىۋاتقان دەمدار-

دەك بۇقۇلداپ كەتتى ، — سىز . . . سىز «ئەتە بارىمەن» دەپ كەتكەن ئاشۇ كۈندىن تارتىپ ھەركۈنى يولىڭىزغا قارىدىم . ھەر ئەتىگەن ، ھەر كەچ سىزنى كۈتتۇم . . .

ئەمدى دادا - بالا ئىككىسىنىڭ يىغا ئاۋازى بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ كەتكەنىدى .

— بولدى قىلىڭلار ئەمدى ، — دېدى قېرى ئايال ئارىدىكى ۋەزىيەتنى ئوڭشاشقا كىرىشىپ ، — بۇ يىغلايدىغان چاغ ئەمەس . خۇشاللىقتىن ئۇسسۇل ئوينىساق بولىدۇ . ھە ، قانداق دېدىم ؟

شۇ ئارىدا باقىئاخۇن نېمىدۇر ئىزدىگەندەك ، تۆرگە يېرىدە بىر پىرقىراپ توختىدى . ئاندىن مېنى كۆرۈپ قولۇمنى كاپپىدە تۇتتى

— مانا ، مانا قارىسىلا ؟ يولىمىز قىسقاردى . مانا بۇ سىلى ئىزدىمەكچى بولغان خېلىچىخان ئاچىمىز بولىدۇ . بۇ يىگىت — دەل ، ئوغلۇم مۇھەممەتخان بولىدۇ ! بۇ . . . ھە ، بۇ . . .

باقىئاخۇن دۇدۇقلاش بىلەن تەڭلا تۆرغانلار ئىچىدىكى چىرايلىق كەلگەن ئوتتۇرا ياشلىق ئايالنى كۆرسەتكەن قوللىرى ئىختىيارسىز پەسكە چۈشۈپ كەتتى ھەمدە بۇ ئايالنى ھازىرلا كۆرۈۋاتقاندەك ، ئۇنى يېگىلىشىپ ئارتۇقچە كۆرسىتىپ سالغاندەك ، ئاللىقانداقتۇر بىرخىل چۈشىنىكسىز ئىپادە ئىچىدە تۇرۇپلا قالدى . مەن بولسام ، بايىقىدىنمۇ بەكرەك تېڭىرقىماقتا ئىدىم .

— دادا ، — دېدى شۇ چاغدا يىگىت يېلىنغاندەك بىرخىل مۇلايىم تەلەپپۇزدا ، — ھەممىمىز جەم بولغان مۇشۇ خۇشاللىق مىنۇتلىرىمىزدا سىزدىن بىر نەرسىنى تىلىمەكچىمەن . سىزگە ماقۇل كېلەرمۇ ؟

— سىز ئۇچۇن ماقۇل دېمەيدىغان نېمەم بارتتى ، بالام ؟

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "NDAzMDA3MTMuemlw",
"filename_decoded": "40300713.zip",
"filesize": 10791611,
"md5": "b8de5cde4322d5b285318712f54015f0",
"header_md5": "1a44fe5b855a0a62bbbc566c8766b9d9",
"sha1": "758c9c9b94c7099121cef5511d03a3f15584f27e",
"sha256": "00ecff3e8fea1eade93625e57d4dc39da053beab297820b3f82bc106aa2e8eee",
"crc32": 579952658,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 11023712,
"pdg_dir_name": "\u2510\u258c\u255c\u2580\u2561\u2500\u2551\u00b7\u2564\u03b5\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40300713",
"pdg_main_pages_found": 185,
"pdg_main_pages_max": 185,
"total_pages": 190,
"total_pixels": 709956840,
"pdf_generation_missing_pages": false
}